ISSN 1005 - 0876

# BULAK



# بۇلاق

4

1999

ای خاک سر کوی تو گشتن هوس ما / بر پای سگت بوسه زدن ملتمس ما

گردم زدن ما بود از مهر تو چون صبح / صد شام سیه روز شود از نفس ما

در بادیهٔ شوق تو چون راحله بندیم / ذکر ملک آید ز فغان جرس ما

با بیش غم و جسم ضعیف آه برآریم / سویت مگر این باد برد خار و خس ما

بیچارگی ما هوس جان گران شد / تا تو نشدی از لطف و کرم چاره‌رس ما

هر پس که افتادگی آرد بکسی روی / ما رو بکه آریم تویی چونکه کس ما

فانی صفتم روح کند سوی تو پرواز / ای از شکرستان تو قوت مگس ما

## تتبع شیخ سعدی

ای گلستان هزار نرگس شهلا / در گل گلزار عارضت تماشا

لاله و گل از تجلی تو بخونی / قمری و بلبل ز شوق تو بعلالا

در رخ روز از رخ تو بازهٔ مهر / در دل شب از غم تو مایهٔ سودا

عاشق بیدل ز شوق روی تو مجنون / کرده بهانه ولی محبت لیلا

# بۇلاق



ئەسەر ئەۋەتىڭ مۇشتەرى بولۇڭ

# «بولاق» ژۇرنىلىنىڭ سەھىپىلىرى

«بولاق» ژۇرنىلىنىڭ بۇ سەھىپىلىرى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى قوتقۇزۇش، ئۇنى رەتلەپ خەلقىمىزگە تونۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت تۈپكى ۋەزىپىنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزىقىش دائىرىسىنى ۋە تەلەپ ـ ئارزۇلىرىنى نەزەرگە ئېلىپ، ژۇرنىلىمىزدا ئەسلىدە بار بولغان سەھىپىلەرگە يەنە بەزى يېڭى مەزمۇنلارنى قوشۇش ئارقىلىق تەسىس قىلىندى. بۇنىڭدىكى مەقسەت ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى تونۇشتۇرۇش بىلەن بىرگە، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى تەڭ ئېلىپ بېرىش، بۇ ئەدەبىي مىراسلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخ، مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادەت، پەلسەپە، دىن ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى تونۇشتۇرۇش، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن دۇنياۋى مەدەنىيەت مۇھىتى ۋە بۇ مۇھىتتا بارلىققا كەلگەن بەزى نەمۇنە خاراكتېرلىك ئەسەرلەرنى تونۇشتۇرۇش، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدا كلاسسىك مىراسلار ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى ئەسەرلەرنىمۇ تونۇشتۇرۇش، ئەدەبىياتىمىزدا بارلىققا كەلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى ئۇچۇرلارنىمۇ تونۇشتۇرۇش، بۇ ئارقىلىق ئۆزگە بىلەن ئۆزىمىزنى، كونا بىلەن يېڭىنى ئۆز ئارا باغلاپ چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت. مۇشۇ مەقسەتنى چىقىش قىلغان ھالدا، «بۇلاق» ژۇرنىلى 2000 ـ يىلدىن باشلاپ تۆۋەندىكى سەھىپىلەر بويىچە ئەسەر قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئېلان قىلىدۇ:

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ قەدىمىي دەۋرلەردىن تارتىپ تاكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان ۋاقىتقىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا ئىجاد قىلىنغان ياكى تەرجىمە ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلگەن ھەر خىل تۈر ۋە ژانىردىكى بەدىئىي ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى ئېلان قىلىنىدۇ.

### ئۇيغۇر كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن

بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىختىن بېرى يارىتقان ياكى تەرجىمە قىلغان تارىخىي خاتىرە، تەزكىرە، ساياھەت خاتىرىلىرى، تۈرلۈك ھۆججەت، توختام، ۋەسىقىلەر ۋە باشقا خەت ـ چەكلەردىن تاللاپ ئېلان قىلىنىدۇ.

### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەدەبىي مىراسلار ياكى ئۇلاردىن نەمۇنىلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

### شەرق كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن

بۇ سەھىپىدە باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن مۇھىم تارىخىي خاتىرىلەر، تەزكىرىلەر، ساياھەت خاتىرىلىرى، ھۆججەت، ۋەسىقىلەردىن ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرى تاللاپ ئېلان قىلىنىدۇ.

### خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر خىل تۈر، ھەر خىل ژانىردىكى ئېغىز ئەدەبىيات مىراسلىرى بېرىلىدۇ. قەلەمگە ئېلىنغان ياكى ئاغزاكى تارقالغان خەلق داستانلىرى، خەلق قىسسىلىرى، چۆچەك، رىۋايەت، ئەپسانە، لەتىپىلەر، لاپلار، ھېكايەتلەر، بېيىت ـ قوشاقلار ماقال ـ تەمسىللەر، مەسەللەر ۋە باشقا ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرى مۇشۇ سەھىپىدە ئېلان قىلىنىدۇ.

### ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر

بۇ سەھىپىدە ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

### ئېتنوگرافىيە، گېئوگرافىيە تەتقىقاتى

بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇرلار تارىخىغا ۋە ئۇلار ياشىغان زېمىنغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئېتنىك ناملار، يەر ـ جاي ناملىرى ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى تەتقىقات ۋە تونۇشتۇرۇش ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىدۇ.

### ئارخېئولوگىيە، دىن ۋە فولكلور تەتقىقاتى

بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىپ ـ تەكشۈرۈش خاتىرىلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە شۇنىڭغا دائىر ماقالىلەر تونۇشتۇرۇلىدۇ. شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ دىن، ئۆرپ ـ ئادەت، ھۈنەر ۋە سەنئەت ئالاھىدىلىكلىرىگە دائىر مەخسۇس تېمىدىكى تونۇشتۇرۇش ماقالىلىرى ۋە ئىلمىي ماقالىلەر تونۇشتۇرۇلىدۇ. ھەربىر ھۈنەر، سەنئەت ۋە دىن مەخسۇس تونۇشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ تارىخى، تەرەققىياتى ۋە ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى، بۇ ھۈنەر، سەنئەت ۋە دىن بارلىققا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر ۋە بۇيۇملارنىڭ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا ئوينىغان رولى قاتارلىقلار يورۇتۇپ بېرىلىدۇ. بۇ سەھىپىدە يەنە ھۈنەر ۋە سەنئەتكە دائىر قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە رىسالىلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

### تىل، تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى

بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇر تىلى، تارىخى ۋە ئۇيغۇر

مەدەنىيىتىگە دائىر تەتقىقات نەتىجىلىرى، ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

## ئۇيغۇر پەلسەپىسى تەتقىقاتى

بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي مەنبەلىرى، شەرق ۋە غەرب پەلسەپىۋى قاراشلىرى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار پەلسەپىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىدە ئەكس ئەتكەن پەلسەپىۋى قاراشلار ۋە ئۇنىڭ مەنبەلىرى قاتارلىق ساھەلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىدۇ.

## تېبابەت دۇردانىلىرى ۋە تەتقىقاتى

بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە دائىر قەدىمكى ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى، تونۇشتۇرۇش ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىدۇ.

## بىزنىڭ تەتقىقاتچىلىرىمىز

بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر تىلى، تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ساھەلىرىدە كۆزگە كۆرۈنگەن تەتقىقاتچىلىرىمىز تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

## بىزدىكى ئەخلاق ـ پەزىلەت

بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇرلاردىكى ئەدەپ ـ ئەخلاق مەسىلىلىرى تەتقىق قىلىنغان ۋە تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

## بىزدىكى مائارىپ، تەنتەربىيە

بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مائارىپ قاراشلىرى، پسىخولوگىيە، پېداگوگىكا تەتقىقاتى، ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە شەكىللىرى ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات، تونۇشتۇرۇش ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىدۇ.

## بىزدىكى قانۇن ۋە باشقۇرۇش شەكىللىرى

بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇرلار تارىختا قوللانغان ئەنئەنىۋى قانۇن ـ نىزام، ئەمر ـ پەرمانلار، ئەلنى ئىدارە قىلىشقا دائىر تۈرلۈك چارە ـ ئۇسۇللار ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى، تونۇشتۇرۇش ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىدۇ.

## ئەجدادلار نەسىھىتى

بۇ سەھىپىدە قەدىمكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ پەند ـ نەسىھەتلىرى، كلاسسىكلارنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاققا دائىر ئەدەبىي مىراسلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

## مەشھۇر ئەسەرلەر

بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن مەشھۇر ئەسەرلەر، شۇنداقلا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەن باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا ئىجاد قىلىنغان داڭلىق ئەسەرلەر تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

## مەشھۇر شەخسلەر

بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا ۋە مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم تەسىرگە ئىگە بولغان ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت خەلقلىرىدىن چىققان مەشھۇر شەخسلەر تونۇشتۇرۇلىدۇ.

## مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناسلار

بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇرشۇناسلىق ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ھەرقايسى ئەل ئالىملىرى، مۇتەخەسسىسلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

## كلاسسىك ئەدەبىيات دەرسخانىسى

بۇ سەھىپىدە ئالىي، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلگەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ۋە بۇ ھەقتىكى نەزەرىيىۋى بىلىملەر ئىزاھلانغان، تەھلىل قىلىنغان ۋە يېشىپ چۈشەندۈرۈلگەن ماقالىلەر، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ دەرسلىكلەردىكى قىيىن نۇقتىلار، چۈشىنىش قىيىن بولغان سۆز ـ ئىبارىلەر ھەققىدە سورىغان سوئاللىرى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن جاۋابلار ئېلان قىلىنىدۇ.

## مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان تارىخىي شەخسلەر ئاساسىي تېما قىلىنىپ، يېقىندىن يېزىلغان تۈرلۈك ژانىردىكى بىئوگرافىك ئەسەرلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

## تارىختىن ئىزلار

بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىنى يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان، يېقىندىن يېزىلغان تارىخىي تېمىدىكى تۈرلۈك بەدىئىي ئەسەرلەر ياكى ئۇلاردىن پارچىلار ئېلان قىلىنىدۇ.

## دەۋرىمىز سەھىپىلىرىدە

بۇ سەھىپىدە ئەدەبىياتىمىزدا يېقىندىن بارلىققا كەلگەن تۈرلۈك ژانىردىكى يېڭى ئەسەرلەر ۋە ئۇلارغا يېزىلغان باھا ـ تەقرىزلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

## ئۇچۇرلار

بۇ سەھىپىدە يېڭى خەۋەر ـ ئۇچۇرلار ئېلان قىلىنىدۇ.

ژۇرنىلىمىز يۇقىرىقى سەھىپىلەرنى بىرلا ۋاقىتتا ئەمەس، بەلكى كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ، ھەرقايسى سانلارغا بۆلۈپ، مۇۋاپىق تەڭشەپ ئىجرا قىلىدۇ. ئاپتورلىرىمىزنىڭ يۇقىرىقى سەھىپىلەر بويىچە يازغان ئەسەرلىرىنى تەھرىر بۆلۈمىمىزگە داۋاملىق ئەۋەتىپ تۇرۇشىنى، بۇ سەھىپىلەردىن بەھرە ئېلىشنى ئىزدىگەن ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ ئىخلاسمەن ئاپتورلىرى ۋە ھېرىسمەن مۇشتەرىلىرى. ژۇرنىلىمىز خادىملىرى ھەممىڭىزلارنىڭ يېڭى يىلىڭىزلارنى قىزغىن تەبرىكلەيدۇ، سىزلەرگە سەمىمىي سالام يوللايدۇ. «بۇلاق» ژۇرنىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1980 - يىلىدىن باشلاپ رەسمىي چىقىرىلىشقا باشلىغانىدى. ھازىر 20 يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. 21 - يىلغا قەدەم قويۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ جەرياندا «بۇلاق» ژۇرنىلى پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە يېتەكچىلىكىدە، تىرىشچان ئاپتورلار قوشۇنىمىزنىڭ قىزغىن قوللىشى، كەڭ مۇشتەرى، ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى نەتىجىسىدە، ئەسلىدىكى قەرەلسىز مەجمۇئەدىن دۆلىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان پەسىللىك ژۇرنالغا ئايلاندى. 2000 - يىلىدىن باشلاپ قوش ئايلىق ژۇرنال قىلىپ نەشر قىلىنىدۇ، مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ژۇرنىلىمىزنىڭ سەھىپىلىرى يەنىمۇ تولۇقلىنىپ، مەزمۇن دائىرىسى كەڭەيتىلىدۇ. ئەگەر ئەجدادلار ياراتقان مەدەنىيەت بايلىقلىرىدىن ئىپتىخار، ھۇزۇر ۋە غۇرۇر ئالاي دېسىڭىز، «بۇلاق» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولغايسىز. «بۇلاق» ژۇرنىلىنى قەدىرلەپ ساقلاپ، ئەۋلادلىرىڭىزغا تەۋەررۇك مىراس سۈپىتىدە قالدۇرغايسىز. ئەگەر بۇ مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز بىزنىڭ يەنە نەچچە مىڭ يىلدىن كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزغا يېتىپ بارالىسا، بۇ بىز بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ بەختىمىز ئەمەسمۇ؟!

«بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 108 - 58، يەككە باھاسى: 4.50 يۈەن، يېرىم يىللىق باھاسى: 13.50 يۈەن.

# 2000

1 - ئاي

| د | س | چ | پ | ج | ش | ي |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | 1 | 2 |
| 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 |
| 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 |
| 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 |
| 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 |
| 31 | | | | | | |

2 - ئاي

| د | س | چ | پ | ج | ش | ي |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 |
| 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 |
| 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 |
| 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 |
| 28 | 29 | | | | | |

3 - ئاي

| د | س | چ | پ | ج | ش | ي |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 |
| 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 |
| 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 |
| 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 |
| 27 | 28 | 29 | 30 | 31 | | |

4 - ئاي

| د | س | چ | پ | ج | ش | ي |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | 1 | 2 |
| 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 |
| 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 |
| 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 |
| 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 |

5 - ئاي

| د | س | چ | پ | ج | ش | ي |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 |
| 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 |
| 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 |
| 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 |
| 29 | 30 | 31 | | | | |

6 - ئاي

| د | س | چ | پ | ج | ش | ي |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 |
| 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 |
| 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 |
| 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | | |

7 - ئاي

| د | س | چ | پ | ج | ش | ي |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 |
| 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 |
| 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 |
| 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 |
| | | | | | | 31 |

8 - ئاي

| د | س | چ | پ | ج | ش | ي |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | 1 |
| 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 |
| 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 |
| 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 |
| 30 | 31 | | | | | |

9 - ئاي

| د | س | چ | پ | ج | ش | ي |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | 1 | 2 | 3 |
| 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 |
| 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 |
| 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 |
| 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | |

10 - ئاي

| د | س | چ | پ | ج | ش | ي |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | 1 |
| 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 |
| 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 |
| 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 |
| 30 | 31 | | | | | |

11 - ئاي

| د | س | چ | پ | ج | ش | ي |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 |
| 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 |
| 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 |
| 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 |
| 27 | 28 | 29 | 30 | | | |

12 - ئاي

| د | س | چ | پ | ج | ش | ي |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | 1 | 2 | 3 |
| 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 |
| 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 |
| 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 |
| 25 | 26 | 27 | 28 | 92 | 30 | 31 |

# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى
پەسىللىك ژۇرنىلى

20-يىل نەشرى

ئومۇمىي 69-سان

1999

# مۇقاۋىدىكى رەسىملەرنىڭ ئىزاھاتى

**مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە:** هافىز شىرازىي فورتېرىتى. تېهران «خەزىنە» نەشرىياتى تەرىپىدىن ھىجرىيە 1375 - يىلى نەشر قىلىنغان «دىۋانى هافىز» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى. رەسسام: **ئەبۇلفەزل مىرزا** بېگى. (**ئىلهام فوتوسى**).

**مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى بېتىدە:** ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «دىۋانى فانىي» ناملىق ئەسىرىنىڭ باش بېتى. ئۆزبېكىستان جۇمهۇرىيىتىنىڭ «پەن» نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئەلىشىر نەۋائى ئەسەرلەرىگە ئىشلەنگەن رەسىملەر» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى. (**ئىلهام فوتوسى**).

**مۇقاۋىنىڭ ئۈچىنچى بېتىدە:** 1. كروران گۈزىلى دەفنى قىلىنغان قەدىمىي قەبرىستانلىق.
2. كروران ئەتراپىدىكى ياردائىلىقلارنىڭ هاۋادىن تارتىلغان كۆرۈنۈشى.

**مۇقاۋىنىڭ تۆتىنچى بېتىدە:** 1. لوپنۇر خارابىسىنىڭ سۇنئىي هەمراهدىن تارتىلغان قۇلاق شەكلىدىكى كۆرۈنۈشى.
2. كروران گۈزىلى قېزىۋېلىنغاندا ئورالغان جىغ توقۇلما يوپۇق.
3. قەدىمكى لوپنۇر ئادىمى — «كروران گۈزىلى».

مۇقاۋىنىڭ ئۈچىنچى، تۆتىنچى بېتىدىكى فوتو سۈرەتلەر ياپونىيە جۇڭگو دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى نورماللاشقانلىقىنىڭ 20 يىللىق خاتىرىسىگە بېغىشلاپ، ياپونىيە ئاساخى ئاخبارات ئاگېنتلىقى تەرىپىدىن 1992 - يىلى نەشر قىلىنغان «كروران خانلىقى ۋە ئۇزۇن تارىختا ئىگە ساھىبجامال» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى. (**ئىلهام فوتوسى**).




# 1999 - يىللىق 4 - سان

## مۇندەرىجە

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


ئەمىر ھەمزە .................. (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر سادىر

سەككىز يۇكمەك يارۇق .................. (37)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرېشىت ياقۇپ

شېئىرلار .................. ھاجى ئەمىن (73)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: شېرىپ خۇشتار


### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


ھەجۋى شېئىرلار .................. زەۋقىي (92)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: روزىمۇھەممەت جۇمە


### مەشھۇر ئەسەرلەر


«فەرھاد ۋە شىرىن» داستانى ھەققىدە ..................
.................. نەتەن مەللەيۋ (98)

كروران گۈزىلى ــ ئۇيغۇرلارنىڭ ئانىسى..................
پيېر دىلىيانوئا (127)

«گۈلزارى بىنىش» ئىجادىي ئەسەرمۇ ياكى تەرجىمىمۇ
.................. پەخرىددىن ئىمىن (130)

مەڭگۈ تاشلاردىكى قەھرىمانلىق روھى ... خەيرۇللا كامىل (134)
خارەكتېرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە تىپلىرى ........ ئەخمەت ھەمەر (140)

## مەشھۇر كلاسسىكلار

شاھى مارانىنىڭ ئۇزۇكى (چۆچەك) .......................... (143)
رەتلىگۈچى: نادىرە رەھىمى
رىۋايەتلەر .................................................. (153)
توپلاپ رەتلىگۈچى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى
لەتىپىلەر .................................................. (155)
توپلاپ رەتلىگۈچىلەر : ئابلىز توختى ، دىلنۇر ئابلىز
قوشاقلار .................................................. (157)
توپلاپ رەتلىگۈچى: ئوشۇر ئەمەت

* *

خەتتات: نىياز كېرىم شەرقى، قايىنام جاببار.
نەققاش: تۇردى قادىر نازىرى.
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: جالالىدىن بەھرام.

* *

باش مۇھەررىر: ئابلەت ئىمىن.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت.
مۇھەررىرلەر: پەرىدە ئىمىن، ھاجى قۇتلۇق قادىر،
مىرھايات مىرسۇلتان، ئېزىز تۇردى.

# ئەمرھەمزە[1]

(قىسسە)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر سادىر

## پەسلى داستان، ھەزرىتى ئەمىرنىڭ يۇناننى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ئىسكەندەرىيەگە كەلگەنلىكى

قارۇن يۇناندىن قېچىپ، ئىسكەندەرىيەگە — سەتەئىبۇس بەل، ئەستەئانۇس بەل، تۇتيانۇس بەللەرنىڭ قېشىغا كەلدى. بۇلارمۇ قارشى ئېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى. قارۇن نامە بىلەن زەھەرنى ئۇلارغا بەردى. ئۇلار: «ئەبۇلئاللىنى چەۋگانبازلىق بىلەن ئۆلتۈرەيلى» دېيىشتى. ئۇلار ئەمىرنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، قارۇننى يوشۇرۇپ قويۇشتى. ئاندىن ئۇلار ئەمىرنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ زىياپەت بەردى.

بىر كۈنى بىرەيلەن بىر چەۋگاننى ئەپكېلىپ سەتەئىبۇس بەلنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئەي، سۇلتانى ئالەم، — دېدى سەتەئىبۇس، — سىز بىلەن بىر چەۋگانبازلىق قىلىپ باقسام دەيمەن.

ئەمىر قوبۇل قىلدى ۋە ئۇلار مەيدانغا چۈشۈپ چەۋگانبازلىق قىلىشتى. ئات يۈگۈرتىدىغان چاغدا سىيەھ قەيتاس توختىۋالدى. ئەمىر ئاتقا قامچا ئۇردى. سىيەھ قەيتاس قوزغالدى — يۇ، ئىككى ئارقا پۇتى قۇدۇققا تىقىلدى. ئەمىر قۇدۇقنىڭ لېۋىدە تىزى بىلەن قەيتاسنى توختاتتى. قۇدۇقنىڭ ئاستىدا يۈز دانە شەمشەر ۋە نەيزە بار ئىدى. بۇ ئىش لەندەھۇرنى سەگەكلەشتۈردى. دەل شۇ چاغدا سەتەئىبۇس ئەمىرنىڭ بېشىغا كەلدى، ئۇلار ئىككىلىسى بىر-بىرىگە قىلىچ سالدى ۋە قوللىرىنى تۇتۇشۇپ قۇدۇق لېۋىدىن قوپتى. ئاتلىرىنىمۇ قۇدۇقتىن چىقاردى. ئەمىر سەتەئىبۇسنى كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى. ئۇ، يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئەي ئەمىر، يامان قىپتىمەن، تۆۋە قىلدىم. دىنىڭىزنىڭ راستلىقىغا ئىشەندىم، — دېدى. ئەمىر ئۇنى قويۇپ بەردى. ئۇ قورقۇنچىدىن بەيئەت قىلدى. ئەمىرگە يەنە زىياپەت بەردى. نەچچە كۈندىن كېيىن ئەمىرنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— نۇرغۇن خەزىنىلىرىم بار ئىدى. سىزگە تارتۇق قىلماقچىمەن. سىزگە بىئەدەپلىك قىپتىمەن، — دېدى. بۇ جايدا ھېچكىشى يوق ئىدى.

ئەمىر ئۇنىڭ بىلەن بىر باغقا كىردى. باغدا بىر قەسىر بار ئىدى. ئۇ، بىر تۈۋرۈك بىلەنلا بەرپا قىلىنغانىدى. بۇ تۈۋرۈك يىقىلسىلا، قەسىرمۇ يىقىلاتتى. تۈۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر زەنجىر باغلانغان بولۇپ، زەنجىرنىڭ ئۇچى تۈگۈلۈكتىن چىقىرىلىپ، پىلغا

باغلانغانىدى. سەتەئبۇس ئەمىرنى بۇ قەسىرگە ئەكىرىپ قويۇپ، چىقىپ پىلبانلارغا خەۋەر قىلدى. پىلبانلار پىللارنى ئۇردى. پىللار كۆچەپ تارتتى. تۈۋرۈك قومۇرۇلۇپ ئىمارەت ئەمىرنىڭ بېشىغا ئۆرۈلدى.

قارۇن دىۋە بەند پەيدا بولۇپ، مۇقبىلنىڭ بوينىغا قىلىچ ئۇردى. مۇقبىل يىقىلدى. سىيەھ قەيتاس كىشىنىگىنىچە لەشكەرلەرنىڭ يېنىغا كەلدى. خوجا ئۆمرى ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، لەشكىرىنى ئېلىپ يېتىپ كەلدى. شىددەتلىك جەڭ بولدى. ئۇلار مۇقبىلنى يۆلەپ تۇرغۇزدى. ئەمىر تۈۋرۈكنىڭ كاۋىكىدا يۆلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئاستا بىر ئىشىككە يېتىپ باردى. ئۇ يەردىن «ئەي خۇدايىم!» دېگەن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئەمىر قارىسا، ئالدىغا بۇت قويۇۋالغان بىر بوۋاي ئولتۇرۇپ زارلاۋاتاتتى. ئۇ بۇتنىڭ ئېگىزلىكى قىرىق گەز بولۇپ، ئالتۇندىن ياسالغان، ئىچىگە دىۋە ئورۇنلاشقانىدى. بوۋاي ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ پەرياد قىلاتتى. ئەمىر سەكرەپ كىرىپ بۇتنى ئالدى. شۇ ئارىدا خوجا ئۆمرى بۇ ئۆيگە لەخمە كولاپ كىرىپ كەلدى ۋە دىۋىنى قېلىپتىن جۇدا قىلدى. دىۋە ئاسمانغا چىقىپ كەتتى. بوۋاي تەسلىم بولدى. ئەمىر قارۇننىڭ تاغ تەرەپكە كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، خوجا ئۆمرىنى قارۇننىڭ ئارقىسىدىن ئەۋەتتى. ئۇ يەردە بىر قۇل قۇش كۆتۈرۈپ يۈرەتتى، يەنە بىر كىشى تىلەمچىلىك قىلىۋاتاتتى. ئۇلار: «سىلەردىن ئىلگىرى بىر قارا ئاتلىق كېلىپ، ئۇۋ ئولجىلىرىمنى تارتىۋالدى.» دېيىشتى. ئەمىر ئۇنىڭ قارۇن ئىكەنلىكىنى بىلدى.

— ئەي قۇل، ئېتىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى خوجا ئۆمرى.

— مۇبارەك.

— ياخشى ئىسمىڭ بار ئىكەن. ساڭا مۇبارەك بولسۇن، قاچانكى قارۇننى ئۆلتۈرسەم، سېنى پادىشاھ قىلاي، — دېدى خوجا ئۆمرى كېتىۋېتىپ. ئۇلار بىر تاغقا كېلىپ، قارۇننى تاپتى. ئۇ بىر كامارغا كىرىۋالغانىدى. قانچە قىلىپمۇ ئۇنى چىقىرالمىدى. خوجا ئۆمرى كۆچەپ تارتىپ ئۇنى كاماردىن چىقاردى. ئەمىر قارۇننى ئۆلتۈردى. خوجا ئۆمرى قارۇننىڭ يېنىدىن يەتتە دانە لەئلىنى تېپىپ، ئەمىرنىڭ بىلىكىگە قاداپ قويدى. ئۆزى قارۇننىڭ ئېتىنى مىندى. ئۇلار ئۆز لەشكەرلىرى قېشىغا راۋان بولۇشتى.

تەرسۇسىدىن ئەدەد شاھ تەرسۇسى جەڭگە كەلگەن ئىكەن. ئەمىر ئۇنى جەڭدە ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ ئۈچ ئايلىق بىر ئوغلى بار ئىدى. ئەمىر ئۇنى ئاتىسىنىڭ ئورنىدا پادىشاھ قىلىپ قويدى. كېيىن «ئامىرشاھ ئودبارى سىزگە قۇلچىلىققا كېلىدىكەن» دېگەن خەۋەر كەلدى. ئامىر شاھ يېتىپ كەلدى. ئۇ خەزىنىلىرىنى ئەمىرگە سوۋغا قىلىپ، تەسلىم بولدى.

ئەمىر خوجا ئۆمرىنى بۇيرۇپ، ئات، تون، تۇغ - ئەلەملىك ئون مىڭ كىشى بىلەن بىر تەخت كەلتۈردى. مۇبارەكنى تەختكە ئولتۇرغۇزدى. مۇبارەكنىڭ خوجايىنىنى ئۇنىڭغا ۋەزىر قىلدى. ئاندىن ئەمىرنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ ئۇنىڭغا «مۇبارەك خان» دەپ ئات قويۇپ قويدى. ئاندىن ئۇنى رۇدبارغا پادىشاھ قىلىپ ئەۋەتتى. ئەمىر ئىسكەندەرىيەنىڭ مال - مۈلكىنى ئېلىپ، ھەلەپكە راۋان بولدى.

## پەسلى داستان، ئەمىرنىڭ ئىسكەندەرىيەدىن ھەلەپكە يۈرۈش قىلغانلىقى

ئەمىر ئالدىن خەۋەر ئىگىلەش ئۈچۈن خوجا ئۆمرىنى ئىلگىرى ماڭدۇردى. ئۇ بىرلەڭگەرگە يېتىپ بېرىپ ئۇ يەردە بىر بۇلاقنى كۆردى. ۋە ئۇسساپ كەتكەنلىكتىن سۇ ئىچمەكچى

بولدى. تامنىڭ ئۈستىگە بىر جام سۇ ئېلىپ قويۇلغانىدى. سۇنى ئېلىپ نان چىلاپ يېدى. بىردىنلا ئۇنىڭ بېشى قايدى. شۇ چاغدا لەڭگەردىن بىر قەلەندەر چىقىپ كەلدى. خوجا ئۆمرى ئۇنى كۆرۈپ ئۇنى ئەيياركەن دەپ بىلدى. ۋە گورنىدىن تۇرماقچى بولدى - دە، يەرگە يىقىلدى. ھېلىقى قەلەندەرنى خالىد ئەييار دەپ ئاتايتتى. ئۇ، خوجا ئۆمرنىڭ قول - پۇتىنى باغلاپ ھوشىغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ خالتىسىنى تۆكۈپ، بىر ياغلىقنى تاپتى. خالىد ئەييار ياغلىقتا ئۆزىنىڭ يۈزىنى سۈرتتۈدى، دەرھال ھوشسىزلىنىپ يىقىلدى. خوجا ئۆمرى ئۇنىڭ-دىن ئاجراپ شۇ ئەييارنىڭ سۈرىتىدە ياساندى. ئەييارنىڭ ئاغزىغا پۇغەندەگى ئەييارنى ھۆرۈپ، ئابدۇلقەھھار ھەلەپىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ۋە ئۇنىڭدىن ئالتۇن ئىنئام ئالدى. ئابدۇلقەھ-ھار خالىدنى ئۆلۈمگە بۇيرىدى. ئەمما جاللات دەرھاللا يېتىپ كەلمىدى. خوجا ئۆمرى شەمشىرىنى ئېلىپ خالىدنىڭ بېشىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا ئاستاغىنە:

— مەن سېنى ئۆلتۈرمەي ئېلىپ قاچاي، تەسلىم بول، — دېدى. ئۇ تەسلىم بولدى. خوجا ئۆمرى خالىدنى ئەمىرنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. ئابدۇلقەھھار ئەمىرگە قارشى جەڭگە چىقتى. ئۇنىڭ ئابدۇلقەھھار ھەلەپى، ئابدۇلجەببار ھەلەپى، خالىدنامىدار، قاسىم زەررىن كەمەر نەھرابىن دەپ تۆت بۇرادىرى بار ئىدى. جەڭدە ئەمىرگە غالىبىيەت يۈزلىنىپ، ئۇلارنى بويسۇندۇردى ۋە ئۇلار ئىمان ئېيتىپ، تەسلىم بولدى. ئاندىن ئەمىرگە زىياپەتلەر بەردى. ئەمىر ئولجا ئالغان ماللارنى ئېلىپ ئەلانىيەگە راۋان بولدى.

## پەسلى داستان، ئاھۇ پاي ئەييارنىڭ ئەمىرنى تۇتۇپ بەند قىلغانلىقى

ئەنەس خاننىڭ ئاھۇپاي ئەييار دەپ بىر ئەيياري بار ئىدى. ئەمىر يولدا كېتىۋېتىپ شىكار قىلغاچ مېڭىپ، لەشكەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇ بىر كېيىكنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ كاۋاپ قىلدى. لېكىن تۇز يوق ئىدى. ئەمىر تاغ بېشىدىكى مازاردىن بىر قەلەندەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئەمىر ئۇنى چاقىرىپ ئۇنىڭدىن تۇز ئالدى. كاۋاپ پىشتى، ئەمىر كاۋاپنى يەپلا بىھوش بولۇپ يىقىلدى. ئەييار ئەمىرنى باغلاپ، ئەنەس خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ئەنەس خان ئەمىرنى بىر ئۆيگە قاماپ قويدى. ئەزرۇم دەپ بىر قەلئە بار ئىدى. ئۇ يەردە ئېرسال شاھ، دەرتال شاھ دەپ ئىككى پادىشاھ بار ئىدى. ئۇلار چۈشىدە ئىبراھىم پەيغەمبەرنى كۆرۈپ، بىشارەت تېپىپ، ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىپ، ئەنەس خان بىلەن جەڭ قىلدى. ئەمىر قاماقتىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، ئەنەس خاننى ئىمانغا دەۋەت قىلدى، ئەمما ئۇ تەسلىم بولغىلى ئۇنىمىدى. شۇڭا ئەمىر ئۇنى قەتل قىلدى ۋە ئەلانىيەنىڭ مال - دۇنياسىنى ئېلىپ، ئەنتاقىيەگە راۋان بولدى.

ئەلقىسسە، قۇبادخان ئەمىرنىڭ ئالدىغا چىقىپ، مۇلازىمەت قىلدى ۋە:

— ئەي سۇلتانى ئەرەب، بىزنىڭ سىلەر بىلەن ئۇرۇشۇش نىيىتىمىز يوق. بىزنىڭ بۇ يۇرتىمىزدا دەرەگى ئەنتاقىيە دەپ بىر ئورمانلىق بار، ئۇ يەردە بىر ئەجدىھا بار. مەن شۇ ئەجدىھانى يوقىتالماي، نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم. كۈندە بىر ۋاقىت ئورمانلىقتىن چىقىدۇ - دە، بىر نەرە تارتىدىغان بولسا، ئاڭلىغان ئادەمنىڭ يۈرىكى سۇ بولىدۇ. ھۆكمالار ئۇنىڭ ئاۋازىنى بېسىش ئۈچۈن يىگىرمە دۇمباق، يۈز يەتمىش يۇرۇش ناغرا، قىرىق كارناي، ئوتتۇز جۈپ باڭنى چالدۇرغان. ئەمما، ئەجدىھانىڭ ئاۋازى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بېسىپ چۈشكەن. بىز مۇشۇنداق بىر بالاغا گىرىپتار بولۇپ قالدۇق. بىزنى شۇنىڭدىن قۇتۇلدۇرسى-

ڭىز، بىز ھەممىمىز بەيئەت قىلساق، ماللىرىمىزنىمۇ سىزگە تەقدىم قىلساق، — دېدى.
ئەمىر ماقۇل بولدى. خوجا ئۆمرى ۋە باشقىلار ئەمىرنى قانچە توسسىمۇ، ئەمىر ئۇنىماي، ئەجدىھاغا قارشى يولغا راۋان بولدى. ئارقىسىدىن يىگىرمە كىشى ماڭدى. ئەمىر بىر مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، مۇنارنىڭ ئۈستىدە ناغرا چېلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئەجدىھا ئاغزىغا يوغان بىر تاشنى ئالدى ـ دە، تاشنى كۆكۈم تالقان قىلىپ تاشلىدى. ۋە يەنە نەرە تارتتى. بۇ قېتىم ئەمىر ئۇنىڭ ئاغزىغا يېقىن كەلدى ۋە «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ ئاغزىغا شەمشەر سالدى. ئەجدىھانىڭ ھەر ئىككىلا جاۋغىيى تەڭ كېسىلدى. ئەجدىھا ھۆركىرىگىنىچە ئەمىرنى خارتۇمىغا ئالماقچى بولدى. ئەمىر ئۇنىڭ جاۋغىيىدىن چىڭ تۇتۇۋالغاچقا، ئەجدىھا يۇمۇلىنىپ قۇيرۇقىنى ھالقا قىلىپ، ئەمىرنى يۆگىۋالدى. ئەگەر ئەمىرنىڭ ئورنىدا تاش بولغان ھالەتتىمۇ كۆكنار ئۇرۇقىدەك بولۇپ كېتەر ئىدى. ئەمىرنى خۇدايىتائالا ساقلىدى. ئەجدىھا ئەمىرنى ھاۋاغا ئاتتى. ئەمىر ئۈچيۈز قېرى ئېگىزلىككە ئېتىلىپ چىقىپ، ئەجدىھانىڭ ئۈستىگە بىردىنلا چۈشتى. ۋە نەرە تارتقىنىچە ئەجدىھانىڭ بويىنىغا شەمشەر ئۇردى. ئەمىرنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ كېتىپ ھوشىدىن كەتتى. شۇ ھالدا خوجا ئۆمرى يېتىپ كېلىپ، ئەمىرنىڭ ھالىدىن كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئەمىرگە ھېچقانداق زىيان يەتمىگەن ئىدى. ئۇ خەنجىرى بىلەن ئەجدىھانىڭ بىقىنىغا ئۇرۇۋىدى، ئەجدىھا يۇمۇلاندى ۋە خوجا ئۆمرى ئەجدىھانىڭ ئاستىدا قالدى. ئۇ «ۋاي داد!...» دەپ توۋلىدى. ئەمىر دەرھال ئورنىدىن قوپۇپ بىر پەشۋا ئۇرغانىدى، ئەجدىھا نېرىغا كەتتى. شۇ چاغدا بارلىق ئۆمرالار يېتىپ كەلدى. خوجا ئۆمرى ئورنىدىن مىڭ تەستە قوپتى، ـ دە، ئەمىرگە چاقچاق قىلىپ:

— ئەجدىھانى مەن ئۆلتۈردۈم، — دېدى ھەم ئەجدىھانىڭ تېرىسىنى ئون سەككىز كۆندە تۇلۇمچە قىلىپ سويۇپ، زەخمىلىرىنى ئىككى ئايغا يېقىن تىكتى. كۆزىگە ئەينەك ئورنىتىپ ئىچىگە سامان تىقتى. پۇتىغا غالتەك بېكىتىپ، ئىككى ئاتەشباز قولنى ئۇنىڭ ئىچىگە سولاپ، ئەجدىھانىڭ ئىككى تەرىپىگە زەنجىر باغلاپ ھەيۋەت بىلەن ئەنتاقىيەگە كەلدى. قۇباد ئۇنى كۆرۈپلا تەسلىم بولدى. شۇ دەبدەبىلەر بىلەن قۇستەنتەنىيەئى رۇمغا راۋان بولدى.

## پەسلى داستان، ئەمىرنىڭ قۇستەنتەنىيەئى رۇمغا كەلگەنلىكى، ئەمىرگە پەند ئۇرىمىز دەپ ئۆزلىرى پەند يېگەنلىكى

ئەمىر يولدا شىكار قىلغاچ ماڭدى. ئۇ بىر كېيىكنى قوغلاپ مېڭىۋېرىپ، لەشكىرىدىن ئايرىلىپ، بىر باياۋانغا كېلىپ قالدى. بۇ چاغدا كۈن كەچ بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا شۇ يەردە قونۇپ، ئەتىسى يولغا چىقتى. ئۇ كېتىۋاتسا كەينىدىن ئۈچ ئاتلىق يېتىپ كېلىپ ئارىدىن بىرى:

— بۇ لاچىن مېنىڭ ئىدى، — دېدى. ئەمىر:

— يۇزۇڭنى ئاچقىن بېرەي، — دېدى. ئۇ پۇركەنجىنى ئاچتى. ئەمىر، گويا تولۇن ئايدەك بىر قىزنى كۆردى. قىز ئېتىدىن چۈشۈپ، ئەمىرگە يېقىنچىلىق قىلدى ۋە ئەمىرنى بىر باغقا باشلىدى. ئۇلار باغدا شېرىن سۆھبەتلەردە بولدى. ئاندىن ئەمىر لەشكەرگاھقا قايتىپ كەتتى.

قەيسەر ئەمىرنى ئەنتاقىيەنىڭ ئەجدىھاسىنى ئېلىپ كېلىۋاتقۇدەك دەپ ئاڭلىدى. ئۇنىڭ بەركاس، شەماس، كەبىر ۋاسىل، ئابدۇسسەلام ۋە ئەلقەمەئى ئۇستۇرلابى دەيدىغان بەش ۋەزىرى بار ئىدى. ئۇلارغا مەسلىھەت سالدى. ۋەزىرلەر:

— ئەمىر بىلەن جەڭ قىلىپ تەڭ كېلەلمەيمىز. ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۆتۈۋالايلى ۋە ئۇنى قارادىڭىزنىڭ لېۋىگە چۈشۈرەيلى، — دېيىشتى. ئەلقەمە:

— مەن ئۇلارنى ھاممامدا ئۆلتۈرەي، — دېدى. چۈنكى ئۇنىڭ بىر تاللا تۆۋرۈك بىلەن تۇرغۇزغان بىر ھاممامى بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئەمىرنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇلارنى دەريا لېۋىگە چۈشۈردى. ئاندىن شەھەرگە ئېلىپ كىردى. ئەمىر ھاممامغا بارماقچى بولۇۋاتقاندا، ئەلقەمە:

— مەن يېڭىدىن ھاممام قىلدۇرغانىدىم. قەدەم تەشرىپ قىلغايلا، — دېدى. ئەمىر ئۆمرالىرى بىلەن كەلدى. ھاممامنىڭ ئىچىگە ياخشى بىساتلارنى سېلىپ، ئالتۇن - كۈمۈش ئاپتۇۋا، چىلاپچىلارنى قويغانىكەن. زەيتۇن پىيەكتىن لۆڭگىلىرى بار ئىدى. ئەمىرنى تەك-لىپ قىلدى. ئەمىر لۆڭگىنى قولىغا ئالدى. شۇ ئەسنادا، ئارقا تەرەپتىن خوجا ئۆمەرنىڭ قۇلىقىغا بىر چالما تەگدى. خوجا ئۆمرى ئۆمەر مەئدەكەرەپكە:

— سىز چاقچاق قىلدىڭىزمۇ؟، — دېدى. ئۆمەر مەئدەكەرەپ قەسەم ئىچتى. خوجا ئۆمرى «تاشقىرىدا چوقۇم بىر ئىش بار» دەپ ئويلاپ:

— ئەي ئەمىر، مەن كىرگىچە ھاممامغا كىرمىسىلە، — دېدى ۋە تاشقىرىغا چىقىپ، تولۇن ئايدەك بىر قىزنى كۆردى. قىز دېدى:

— ئەي خوجا ئۆمرى، مەن قەيسەرنىڭ قىزى، ئىسمىم گۈلنۇش. ئاتامنىڭ ۋەزىرلىرى بۇ ھاممامنى بىر تۆۋرۈك بىلەن ياسىغان، تۆۋرۈككە زەنجىر باغلانغان، زەنجىرنىڭ ئۇچى گۈلخاندىن چىقىرىلىپ، ئون ئىككى پىلغا باغلانغان. پىلبانلارغا «قاچانكى خەۋەر قىلىنسا پىللارنى ھەيدەڭلار، بۇ ئەرەبلەر تاش - خىشنىڭ ئاستىدا قالسۇن» دەپ ئېيتىلغان.

— ئەي مەلىكە، — دېدى خوجا ئۆمرى، — مەن قوبۇل قىلدىم. خۇدايتائالانىڭ ئۇلۇغلىقى بىلەن سىزنى ئەمىرنىڭ نىكاھىغا كىرگۈزگەيمەن.

مەلىكە ئۇ يەردىن كەتتى. خوجا ئۆمرى ئەمىرنىڭ قېشىغا كىرىپ:

— بۇ ھاممامىڭىزلاردا ھاك بار ئىكەن. ئەمىرگە زىيان قىلىدۇ، — دېدى.

— ياق، — دېدى ئەلقەمە، — ناھايىتى كۆپ ئىپار گۈلاپ چاچتىم. ھاكنىڭ ھىدى قالمىدى.

— ئۇنداقتا، سىلەردىن بىرسى ئاۋۋال كىرسۇن، ئاندىن بىز كىرەيلى، — دېدى خوجا ئۆمرى. قەيسەر قىرىق كىشى بەش ۋەزىرى بىلەن كىردى. خوجا ئۆمرى چىقىپ پىلبانلارغا خەۋەر قىلدى. پىلبانلار قامچا ئۇرۇپ، پىللارنى قوغلىدى. تۆۋرۈك قومۇرۇلدى. ھاممام يىقىلىپ، قەيسەر ۋەزىرلىرى بىلەن قېچىپ چىقىپ رۇمغا باردى. باشقىلىرى توپىغا كۆمۈلۈپ قالدى. خوجا ئۆمرى ئەمىرگە:

— بىزگە ئورا قازغانلار ئورىسىغا ئۆزى چۈشتى، — دېدى. ئاخىرى ئۇلار رۇمنىڭ مېلىنى يىغدى. ئالتە شەھەرنىڭ مېلى تولا بولۇپ كەتتى. ئەمىر:

— بۇ ئالتە شەھەرنىڭ مېلىنى موشۇ يەردىن پادىشاھقا ئەۋەتەيلى، مىسىرنىڭ مېلىنى ئۆزۈم ئېلىپ باراي، — دەپ يىغىلغان ماللارنى مۇقبىلدىن ئەۋەتتى. ئەمىر نامە يېزىپ، خوجا ئۆمرىدىن مەككىگە ئەۋەتتى ۋە:

— سەن مەككىدىن مەدايىنغا بېرىپ، ماللارنى ئۆزۈڭ ساناپ بەرگىن، — دېدى. خوجا ئۆمرى ماقۇل بولدى، ئەمىر كېچىسى مۇقبىل توغرىسىدا بىر يامان چۈش كۆردى. ئارقىسىدىن لەندھۇرنى بۇيرىدى. مۇقبىل يولىدىن ئېزىپ قېلىپ، سالۇك قاراقچىنىڭ شەھىرىگە بېرىپ قالدى. سالۇك چىقىپ جەڭ قىلىپ، مۇقبىلنى زەخىملەندۈردى ۋە ماللارنى

ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، ئارقىدىن لەندىھۇر يېتىپ كېلىپ، سالۇكنى ئۆلتۈردى. ئاندىن شەھەرگە كىرىپ، ماللىرىنى ئېلىپ مەدايىنغا راۋان بولدى.

## پەسلى داستان، ئەمىرنىڭ مىسىر شەھىرىگە بېرىپ تۇتقۇن قىلىنغانلىقى ۋە ئۇ يەردىن قۇتۇلۇپ چىققانلىقى

ئەمىر مىسىرغا كەلدى. ئەزىز مىسرى ئۇنى قارشى ئېلىپ، ئالدىغا چىقتى ۋە نىل دەرياسىنىڭ بويىغا چۈشۈرۈپ، زىياپەت بەردى. زىياپەتتە ئەمىرگە بىھوش قىلىدىغان دورا بېرىپ، ئۇنى قىرىق ئادىمى بىلەن قوشۇپ تۇتتى. ئۇلارنى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ زىندىنىغا ئاپىرىپ سالدى. ئەمىرنىڭ لەشكەرلىرى كاۋاۋاچىنى جاڭگىلىدا بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز قالدى. ئەزىز مىسرى ئىككى تەرەپتىن مەدايىنغا نامە ئەۋەتتى. بۇ تەرەپتىن لەندىھۇر، مۇقبىللار شادكام كۆۋرۈكىگە كېلىپ چۈشكەنىدى. ئۇلار پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرىپ «ئالتە شەھەرنىڭ مال - مۈلكىنى ئېلىپ كەلدۇق» دېدى. بۇ چاغدا ئەمىر مىسىرغا خوجا ئۆمرى مەككىگە كەتكەنىدى. ئەمىرنىڭ ھۆكمى بويىچە ئەسلىدە خوجا ئۆمرى كېلىپ بۇ مالنى ساناپ ئۆتكۈزمەكچى بولغانىدى. بۇ غەلىبىدىن پادىشاھ ناھايىتى خۇشال بولدى. بەختەك غەمگە پاتتى. بىر ئازدىن كېيىن لەندىھۇر مالنىڭ قېشىغا كەلدى. قارىسا بەختەك ئۆيىدە غەمكىن ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كەپتەرۋېزى ئۆگزىسىدە تۇراتتى. بىردىنلا ھاۋادا ئىككى كەپتەر پەيدا بولۇپ، ئۆگزىگە چۈشتى. قارىسا، بويىنىغا قەغەز باغلاقلىق ئىدى. كەپتەرۋاز كەپتەرلەرنى تۇتۇپ، بەختەكنىڭ قېشىغا ئېلىپ كىردى. قەغەزنى ئېلىپ كۆرۈۋىدى، ئۇنىڭغا: «مەنكى، ئەزىز مىسرىدۇرمەن. ئەبۇلئالىنى قىرىق كىشى بىلەن تۇتۇپ قاماپ قويدۇم. بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟» دەپ يېزىلغانىدى. بەختەك نامىنى ئېلىپ پادىشاھنىڭ قېشىغا كىردى ۋە:

— ئەبۇلئالى مىسىردا تۇتقۇن قىلىنىپتۇ. مۇقبىل بىلەن لەندىھۇرنى بۇ يەردە بىز تۇتايلى. ئۆزىمىز بېرىپ، ئەبۇلئالىنى شۇ يەردە ئۆلتۈرەيلى. باشقىسى بولسا بىزنىڭ نەۋكەرلىرىمىزدۇر، — دېدى. شاھ ماقۇل بولدى. بەختەك نامە يېزىپ، كەپتەرنىڭ پۇتىغا باغلاپ، مىسىرغا ئەۋەتتى. ئەتىسى، مۇقبىل بىلەن لەندىھۇر پادىشاھنىڭ قېشىغا كىردى. بەختەك ئاشپەزگە «گۈرۈچكە بىھوش دورىسىدىن سېلىۋەت» دەپ بۇيرىدى. ئاشپەز قايسىغا سالغىن دېگىنىنى ئۇنتۇپ قالدى. خوجا جەمىل كىرىۋىدى، ئاشپەز ئۇنىڭدىن سورىدى:

— بەختەك ئاشقا دورا بىھوش سالغىن دېگەنىدى، قايسىغا سالاي؟

— قايسىنى خالىساڭ، شۇنىڭغا سال، — دېدى خوجا جۇمھۇر.

تاماق تارتىلدى. خوجا جۇمھۇر ئىشارەت قىلدى. مۇقبىل بىر ئىشنى پەملەپ، «بۇرنۇم قاناپ قالدى» دېگەن باھانە بىلەن تالاغا چىقىپ، خوجىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. خوجىنىڭ تىلسىم ئۆيلىرى بار ئىدى. مۇقبىلنى شۇ يەرگە يوشۇردى. ئەمما، لەندىھۇر ساددىراق ئىدى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرمەي ئاشنى يەۋەردى. ئاخىرى بىھوش بولدى. ئۇنىڭ قولىنى باغلاپ، ئۆلتۈرمەكچى بولدى. بۇ چاغدا مەلىكىگە خەۋەر يېتىپ، ئادەم ئەۋەتىپ لەندىھۇرنى ئېلىپ كەتتى. پادىشاھ ھەرەمگە كەلدى. مەلىكە:

— سىز قاچانكى مىسىرغا بېرىپ، ئەبۇلئالىنى ئۆلتۈرۈپ كەلسىڭىز، بۇنى شۇ چاغدا سىزگە تاپشۇراي، — دېدى. پادىشاھ ماقۇل بولدى. مۇقبىلنى شۇنچە ئىزدەپمۇ تاپالماي، ھەيران بولۇشتى. خوجا ئۆيىگە كېلىپ مۇقبىلنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا رەم سېلىپ:

— ئەي مۇقبىل، ئەبۇلئالى مىسىردا تۇتقۇن بوپتۇ. سەن بارمىغۇچە ئەمىر ئۇ يەردىن

قۇتۇلالمايدۇ، — دېدى.
خوجا جۇمھۇر مۇقبىلنى بىر ئاتقا مىندۈرۈپ، كېچىلەپ مىسىرغا ماڭدۇردى. بۇ تەرەپتىن — مەككىدىن خوجا ئۆمرى كەلدى ۋە لەندىھۇرنىڭ قامالغانلىقىنى بىلدى. مۇقبىلمۇ يوقاپ كېتىپتۇ. ئۇ ساندۇقتىكى ماللارنى ئېلىپ، بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويدى ۋە ساندۇققا تاش تولغۇزۇپ قويۇپ، خوجىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. مۇلازىملار ساندۇقلارنى پادىشاھنىڭ قېشىغا ئەكىرىپ، ئېچىپ ھەممىنىڭ تاش ئىكەنلىكىنى كۆردى. پادىشاھنىڭ غەزىپى تېخىمۇ زىيادە بولۇپ، ئەمىرنى ئۆلتۈرگىلى مىسىرغا ئۆزى ماڭدى. خوجا جۇمھۇر خوجا ئۆمرىگە:
— ئەمىر مىسىردا تۇتقۇن بولۇپ قاپتۇ. سىز بارمىغۇچە ئۇنىڭدىن خالاس بولالمايدۇ، — دەپ ئۇنىمۇ مىسىرغا يولغا سالدى.

## پەسلى داستان، ئەزىز مىسرى بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقۇچە، خوجا ئۆمرىنىڭ چاققانلىق قىلغانلىقى

مۇقبىل لەشكەرلىرى بىلەن لەڭگەرگە يېتىپ باردى ۋە ئەمىرنىڭ لەشكىرىنى جاڭگالدا پىنھان كۆردى. بۇ تەرەپتىن خوجا ئۆمرى كەلدى. مىسىر شەھرىنىڭ سىرتىدا بىر گۈمبەز بار ئىدى. ئۇ گۈمبەزنىڭ ئۈستىدە ئۆلتۈرغان كەپتەرنى كۆردى. خوجا ئۆمرى كەپتەرنى سوقۇپ چۈشۈرۈپ، بوينىدىكى خەتنى ئېلىپ ئوقۇدى. خەتتە «ئەي ئەزىز مىسرى، ياخشى ئىش قىلىپسەن، سەۋر قىلىپ تۇر، ئۆزۈم بېرىپ، ئۇنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرەي، نەچچە يىلدىن بېرىقى ئۆچۈمنى بىراقلا ئالاي ...» دېگەنلەر يېزىلغانىدى. خوجا ئۆمرى نامىنى ساقلاپ قويدى. لەشكەرگاھقا قايتىپ كېلىپ، كېچىسى مۇقبىل بىلەن سېپىل تۈۋىگە كەلدى. كەمەند تاشلاپ سېپىلغا چىقىپ يولغا چۈشتى. ئۇلارغا قارا كىيىملىك ئۈچ كىشى ئۇچرىدى.
خوجىنىڭ ئۇلارغا كۆزى چۈشۈپ:
— كىمسەن؟، — دېدى. ئۇ:
— مەن ئەزىز مىسرىنىڭ قىزى زوھرايى مىسرىدۇرمەن. ھېلى ھەزرىتى خىزىرنى چۈشۈمدە كۆردۈم. ئۇ: «سېنىڭ نىكاھىڭ مۇقبىل بىلەن بولىدۇ،» دېگەنىدى. شۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بۇ يەرگە كەلدىم، — دېدى. بۇ ئۈچەيلەن بۇلارغا قوشۇلدى. خوجا ئۆمرى تۆت كوچىغا بېرىپ، بىر دۇكاننىڭ ئىشىكىگە كەلدى. ئۆيدە چىراغ يېنىقلىق بولۇپ، خوجا ئۆمرى بىر كىشىنىڭ ناماز ئوتەۋاتقىنىنى كۆردى. ئۆي ئىچىدە بولسا نەيزە ۋە شەمشەرلەر تۇراتتى. ئۇ كىشى نامازدىن يېنىپ، خوجا ئۆمرىنى كۆردى ۋە ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى:
— ھېلىلا «ئەبۇلئالىنىڭ بېگىگە يار بولغىن» دەپ بىر چۈش كۆردۈم، — دېدى ۋە ئۇمۇ ئۇلارغا ھەمراھ بولدى. بۇلار مېڭىپ - مېڭىپ زىندان ئىشىكىگە كەلدى. زىندان باققۇچى دودەئى زەڭگى ئىدى. مەلىكە:
— زەڭگىنى مەن ئۆلتۈرەي، نەچچە يىلدىن بىرى ئۇ ماڭا ئاشىق ئىدى. شۇڭا مەن ئۇنى ئاسانلا ئۆلتۈرىمەن، — دەپ، زىندان ئىشىكىگە كەلدى ۋە:
— ئىشىكنى ئاچ، دۇئايىڭ مۇستەجاب بولدى، مەن زوھرايى مىسرى بولىمەن، — دېدى. زەڭگى خوشلۇقىدا ئىشىكنى ئاچتى. مەلىكە زەڭگىنى ئۆلتۈردى. ئەمىرنى خالاس قىلىپ، ئەزىز مىسرىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. زوھرايى مىسرى ئىشىكنى ئېچىپ:
— ئەي دادا، قوپۇڭ، بىر ئېزىز مېھمان باشلاپ كەلدىم، — دېدى. ئەزىز مىسرى پىسەنت قىلمىدى. ئەمىر كىرىپ ئەزىزنى ئۆلتۈردى ۋە مىسىرنى بويسۇندۇردى.

## پەسلى داستان، ئەمىرنىڭ مىسىردا پەيغەمبەرلەردىن نەزەر تاپقانلىقى

ئەزىز مىسىرنىڭ ئۆيىدە بىر گۇمبەز بار بولۇپ ئىشىكى يوق ئىدى. گۇمبەزگە بىر زەنجىر ئېسقلىق تۇراتتى. ئەمىرگە: «بۇ گۇمبەزدە پەيغەمبەرلەرنىڭ سەلاھى بار ئىمىش، دەپ ئاڭلىغاندۇق» دېيىشتى. ئەمىر كېلىپ، زەنجىرنى تارتىۋىدى، ئىشىك ئېچىلدى. ئەمىر گۇمبەزگە كىردى. گۇمبەز ئىچىدە سەككىز قەبرە بار ئىدى. ئەمىر سالام قىلىپ قەبرىلەرنى تاۋاپ قىلدى. شۇ چاغدا ئەمىرنى ئۇيقۇ باسقاندەك بولدى. ئاسماندىن سەككىز تەخت چۈشتى. تەختنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان بىرى ئېيتتى:

— ئەي ئەبۇلئالى، مەن سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ئاتىسى، سىزگە بىر يادىكارىم بار ئىدى. سىز بۇ قەبرەمنىڭ ئايىغىنى كولىسىڭىز بىر ساندۇق چىقىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسا-لامغا مىڭلارچە سالام بولسۇنكى، ئۇ، سىزنىڭ ۋاقتىڭىزدا ئاشكارا بولىدۇ. قىيامەتتە مەن شاپائەتتىن مەھرۇم قالماي...

— مەن يۇشەئ ئەلەيھىسسالام بولىمەن. مەندىن رەسۇلۇللاھقا مىڭلارچە سالام، قىيامەتتە مېنى شاپائەتتىن مەھرۇم قويمىسۇن. قەبرەمنىڭ ئايىغىدا قوياقىم بار، ئېلىڭ، سىزگە پەيغەمبەرنىڭ يادنامىسى بولسۇن، — دەپ بىر دۇبۇلغا بەردى. يۇسۇف پەيغەمبەر كۆڭلەك بەردى. سالىھ پەيغەمبەر ئۆتۈك بەردى. نوھ پەيغەمبەر قەمقام بەردى. زىكرىيا پەيغەمبەر زۇلھىجام بەردى. ئىسمايىل پەيغەمبەر ئەقرەب بەردى. بۇلار يەنە شەمشەرمۇ بەردى. ئەمىر ھەممىسىنى ئالدى.

ئەزىز مىسىرنىڭ بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئېتى ئىبنى ياسىن ئىبنى ئىمران مۇزەپپەر مىسرى ئىدى. شەھەرنى ئۇنىڭغا بەردى. بابا تۆت كوچىدىكى دۇكاندا ناماز ئۆتەپ، خوجا ئۇمرىنى تونۇپ، بېشارەت تاپتىم، دېگەن ئادەم سەرھەڭ قاسساپ ئىدى، ئۇنى ئاتالىق قىلدى. خوجا ئۇمرى كەپتەرنىڭ بوينىدىكى خەتنى ئەمىرگە كۆرسەتتى. ئەمىرنىڭ غەزىپى تېشىپ، مىسىردىن چىقىپ، مەدايىنغا راۋان بولدى.

نۇشىرۋان جاڭگال يولى بىلەن كېلىۋاتاتتى. مەلىكە لەندىھۇرنى ئەمىرنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. ئەمىر لەندىھۇرغا:

— بېرىپ مەدايىننى ۋەيران قىل، — دەپ بۇيرىدى. ئۇ بېرىپ، ساسانى مەھەللىسىنى ۋەيران قىلدى. ئۇمەر مەئدەكەرەپ گۇستەھەمنىڭ قىزى خالىدە ئىبنى گۇستەھەمنى ئەسىر قىلدى. ئەمىر قەيسەرنىڭ ئۆيىگە يېتىپ باردى. مەلىكە ئۇنىڭ ئالدىغا سالامغا چىقتى. ئەمىر مەلىكىنىڭ ئىككى چېچىدىن تۇتۇپ، مەيگە سالدى.

— مەندە گۇناھ يوق، — دېدى مەلىكە. ئەمىر:

— رەنجىمەڭ، مەن قەسەم ئىچكەن، — دېدى.

خوجا چىقىپ ئەمىرنى مەدايىنغا بېرىشتىن توستى. ئەمىر مەلىكە بىلەن بىللە مەككىگە باردى ۋە ۋادىئى فىردەۋسكە چۈشتى. مەلىكە ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ كۆك سارىيىغا چۈشتى.

## پەسلى داستان، ئەمىرنىڭ مىسىردىن مەدايىنغا، مەدايىندىن مەككىگە بارغانلىقى

نۇشىرۋان مىسىرغا كېلىپ، شەھەرنىڭ ئىسكەندەرىيەگە ئوخشاشلا مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى كۆردى. بىر كىشى سېپىل بېشىدا تۇراتتى. شۇ ئارىدا بەختەك يېتىپ كېلىپ

سىپىل ئۈستىدىكى ئادەمگە:

— ئەي ئادەم، ئەزىز مىسىرنى «پادىشاھى ئادىل كەلدى» دەپ ئېيتقىن، — دېدى.

سىپىل ئۈستىدە تۇرغان كىشى سەرھەڭ قاسساپ ئىدى. ئۇ:

— ئەي ناپاك، بىلىپ قوي، ئەمىر قۇتۇلۇپ چىقىپ، ئەزىز مىسىرنى ئۆلتۈردى، مىسىرنى ئىسلام ئاباد قىلىپ، مەدايىننى ۋەيران قىلىشقا كەتتى. بۇ شەھەر ئاللىقاچان ئەمىرنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى، — دېدى.

بەختەكنىڭ رەڭگى - روىي سارغايدى. يېنىپ كېلىپ پادىشاھقا ئېيتتى. پادىشاھ ھالى خاراب ھالدا مەدايىنغا قايتىپ كەتتى. بېرىپ ئۇ يەرنىڭمۇ ۋەيران قىلىنغانلىقىنى ۋە مەلىكىنى ئېلىپ كەتكىنىنى كۆردى ۋە خوجىغا:

— سىز بۇ يەردە تۇرۇپ نېمىشقا توسمىدىڭىز؟ — دېدى. خوجا جۇمھۇر:

— ئەگەر مەن توسمىغان بولسام، شەھەرنىڭ ھەممىسىنى ۋەيران قىلار ئىدى، — دېدى. نۇشىرىۋان نەچچە كۈنگىچە غەمدە يۈردى. بەختەكنى ئۇردۇردى.

بىر كۈنى، «كابۇلدىن كاۋۇس كامىراننىڭ ئوغلى كەلدى» دەپ خەۋەر كەلدى. پادىشاھ خۇشال بولدى. بەختەك:

— ئەي پادىشاھ، زۇفىن بولسا تاغىڭىزنىڭ ئوغلى. ئەسلىدە مەلىكە ئۇنىڭ لايىقى ئەمەسمىدى؟ زۇفىننى بۇيرۇڭ، بېرىپ ئەبۇلئىلدىن ئۇنى تارتىۋالسۇن، — دېدى.

زۇفىن پادىشاھقا مۇلازىمەت قىلىپ يۈرگەندە، پادىشاھ مەلىكىنىڭ ۋەقەسىنى ئۇنىڭغا ھېكايە قىلىپ بەردى. زۇفىن بېرىپ مەلىكىنى تارتىۋېلىشقا قوشۇلدى. شۇ چاغدا «گۇستەھەم كەلدى» دېگەن خەۋەر كەلدى. پادىشاھنىڭ خۇشاللىقى تېخىمۇ زىيادە بولدى. ئاخىر، زۇفىن، گۇستەھەملەر يۈز يىگىرمە مىڭ لەشكەر بىلەن مەككىگە قاراپ ئاتلاندى. ئەمىر ئۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، جەڭ دۇمبىقى چالدۇردى. سەپلىرىنى تۈزدى، زۇفىنمۇ يېتىپ كەلدى. شۇ ئەسنادا ئۇمان دەرياسى تەرىپىدىن پىلغا مىنگەن قىرىق كىشى پەيدا بولدى. ئۇلار لەندىھۇرغا بىر پارچە نامە بەردى. ئۇنىڭدا:

«مەن چىنى پورشاھدۇرمەن. بىلگىنكى، مەشرىقىيەدىن فىروز تۈرك كېلىپ، پۈتكۈل ھىندىستاننى ئالدى. ئۇ، سەراندىپتا قالدى. ئەگەر سەن كەلمىسەڭ، ھىندىستان قولدىن چىقىپ كېتىدۇ» دېيىلگەن ئىدى. لەندىھۇر «ئالدى بىلەن بۇ لەشكەرلەرگە شىكەستە بېرىپ، ئاندىن ئۇ يەرگە باراي» دېدى. ئەمىر قوشۇلمىدى. ۋە دەرھال مېڭىشنى بۇيرىدى. گۇستەھەم بۇنى كۆرۈپ «لەندەھۇرنىڭ كەتكىنى ياخشى بولدى» دەپ ئويلىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ قورقۇنچىسى لەندىھۇردا ئىدى. ئەمما، زۇفىن گۇستەھەمگە «مەن مەدايىنغا كىرىپ، ئەمىر بىلەن جەڭ قىلاي، مەن ئۇنى يېڭىۋالسام تېخى ياخشى، ئەگەر ئۇ مېنى يېڭىۋالسا، ئۇنىڭ دىنىغا كىرگەن بولاي. ئەتىسى سەن مەدايىنغا كېلىپ جەڭ قىل، مەن ھەمزىنى كەينى تەرىپىدىن جايلاي» دەپ مەسلىھەت بەردى ۋە مەدايىنغا كىردى. ئەمىر ئۇنى يەڭدى. زۇفىن يالغاندىن مۇسۇلمان بولغان بولدى. ئەتىسى گۇستەھەم مەدايىنغا كىرىپ، ئەمىرنى جەڭگە چاقىردى. ئەمىر مەيدانغا كىرىۋىدى، دۈشمەنلەر تۆكۈلۈپ كەتتى. قاتتىق جەڭ بولدى. زۇفىن مۇقبىلنى غەپلەتتە قويۇپ ئۇنى زەخىملەندۈردى. زۇفىن ئەمىرنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يۈرەتتى، گۇستەھەم ئەمىرنىڭ سېپىنى توستى. شۇ ئەسنادا، سىيەھقەيتاس مۆدۈرۈپ، تىزلىنىپ قالدى. ئەمىرنىڭ بېشىدىن دوبۇلغىسى چۈشۈپ كەتتى - دە، يالاڭباش قالدى. زۇفىن دەرھال ئۇنىڭ بېشىغا شەمشەر سالدى. ئەمىر شۇ زەخمىسى بىلەن گۇستەھەمنىڭ بېلىگە چاپتى گۇستەھەم ئىككى پارە بولدى. خوجا ئۆمرى ئەمىرنى بارگاھقا ئېلىپ كىردى.

زۇفنىنىڭ لەشكىرىنى تار - مار قىلدى، ئەمىرنى ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سارىيىدا ياتقۇزدى. مەلىكە ئەمىرنىڭ بېشىدا يىغلاپ ئولتۇراتتى. زۇفنىن جەڭ قىلغىنىچە خەندەكتىن ئۆتتى. خوجا ئۇمرى كېلىپ، تاش بىلەن ئۇرۇپ، ئۇنى خەندەككە يىقىتتى. زۇفنىنىڭ لەشكەرلىرى ئۇنى خەندەكتىن چىقىرىۋالدى. خوجا ئۇمرى بېرىپ، خىراجلىق ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئالتۇن ئالدى.

ئەمىر كۆزىنى ئېچىپ، مەلىكە بىلەن سۆزلىشىپ ياتاتتى. بىردىنلا تۆڭلۈككە قارىدى ۋە كىمنىڭدۇر سالىمىنى ئىلىك ئالدى. مەلىكە: «شەمشەرنىڭ زەربىسىدىن ئەمىرنىڭ مېڭىسى زەخىملەنگەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، يىغلىدى.

— ئەي مەلىكە، — دېدى ئەمىر، — ھېچ ۋەقەسى يوق، سىلەر سىرتقا چىقىپ ئولتۇرۇڭلار.

خوجا ئۇمرى كىردى. ئەمىر خوجا ئۇمرىنى سىقىپ خېلى ئاۋارە قىلدى. خوجا ئۇمرى مىڭ تەستە ئەمىردىن ئاجرىدى. ئۇمەر مەئدەكەرەپ كىرىۋىدى ئۇنىمۇ سىقىپ، جاپا سالدى، ئۇمۇ قېچىپ چىقتى. ئەمىر بولسا كۆزلىرىنى ئېچىپ ئولتۇراتتى، ئۇ تۆت پەرىزادنى كۆردى ۋە:

— سىلەر كىم؟ — دەپ سورىدى. ئۇلار:

— بىز كوھىقاپتىن كەلگەن پەرىزادلار. كېچىدىن ھەممىڭلار ئۇخلاپ قالغان ئىكەنسەلەر بېشىڭلارغا مۆھرى سۇلايماننى قويدۇق. شۇ سەۋەبتىن ئىسسىتمىڭىز پەسەيدى. شۇڭا كۆزىڭىزنى ئېچىپ ياتىسىز، گەپ قىلىۋاتىسىز. ئەمما، بىلىڭكى، كوھىقاپتا سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ نەسلىدىن بىر پادىشاھ بار. ئۇنى شەھبال ئىبنى شەھرۇخ دەيمىز. يەنە ئەفرىت دىۋە دەپ بىر دىۋە بار، سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ بەندىدىن قاچقان. ھازىر ئۇ دىۋە پادىشاھىمىزغا تەشۋىش سالىدۇ. يەنە، بىزنىڭ ئابدۇرەخمان جىننى دەپ بىر موللىمىز بار، ئۇ رەممالدۇر. ئون بەش يىل ئىلگىرى شەھبال ئۇنىڭغا «بۇ ئەفرىتنى ئۆلتۈرىدىغان بىرەر كىشى چىقماسمۇ؟» دەپ بىر رەم سالدۇرغانىدى. موللا رەم سېلىپ: «مەككە مۇئەززىمەنىڭ تۇپرىقىدىن، ھەزرىتى ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ نەسلىدىن بىر يىگىت چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئېتى ئەبۇلئالىدۇر، مەرتىۋىسى مۇلكى ئادىلدا ئەڭ ئالىيدۇر، بۈگۈن ئۇ تۇغۇلۇپتۇ، كىشى ئەۋەتكىن، ئۇنى كەلتۈرسۇن، كۆزىگە سۇرمەئى سۇلايماننى سۈرگىن. چوڭ بولغاندا، ئۇنىڭ كۆزىدىن ھېچ نەرسە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ» دېگەنىدى. بىز كەلدۇق، سىزنى بۆشۈك بىلەن كوھىقاپقا ئېلىپ بېرىپ، كۆزىڭىزگە سۇرمەئى سۇلايماننى تارتتۇق. يەتتىنچى كۈنى سىزنى جايىڭىزغا قايتۇرۇپ ئاپىرىپ قويدۇق، — دېدى.

ئەمىر بۇلارنىڭ راستلىقىنى بىلدى. چۈنكى، ئۇ بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغانىدى.

— يەنە، پادىشاھنىڭ بىر قىزى تۇغۇلغان كۈنى ئۇنىمۇ كوھىقاپقا ئېلىپ باردۇق، — دېدى پەرىزادلار، — قىزنىڭ ئېتى مەلىكە ئاسىيما پەرى ئىدى. ھازىر ئۇ قىز مىسلى تاۋۇستەك چىرايلىق چوڭ بولدى. دىۋە ئەفرىت دائىم ئۇ قىزنى تەلەپ قىلىدۇ. پادىشاھ بەرمەيدۇ. دىۋە كېلىپ، شەھرى زەررىننى بېسىۋالدى. پادىشاھ گۈلىستان ئارامگاھىغا قېچىپ كەلدى. موللا ئابدۇررەخمان يەنە رەم سېلىپ: «ھېلىقى يىگىت ئەفرىتنىڭ كۆشەندىسى ئىدى. دۈشمەنلەر ئۇنى زەخىملەندۈرۈپتۇ. ئۇنىڭغا ئادەمىزادنىڭ دورىسى پايدا قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭغا سېلىنغان شەمشەر زەھەرلىك ئىكەن. مەرھەمى سۇلايماننى قويۇڭلار» ، دېدى ۋە «ئۇ يىگىتنىڭ بېشىغا مەرھەمى سۇلايماننى بىر قېتىم قويۇڭلار، ئۇ ھالىغا كەلسۇن، ئاندىن ئۇنىڭغا ئەرز ئېيتىڭلار، ئەگەر ئۇ، كوھىقاپقا كېلىشنى قوبۇل قىلسا ۋە دىۋە ئەفرىت بىلەن جەڭ قىلاي دېسە، ئىككى قېتىم مەرھەم قويۇڭلار. ئۇ سەللىمازا ياخشى بولىدۇ.

ئاندىن ئۇنى ئېلىپ كېلىڭلار. ئەگەر سۆزلىرىڭلارنى قوبۇل قىلمىسا، ئىككىنچى قېتىم مەرھەم قويماڭلار، ئۇ چاغدا ئۇ ھەرگىز ساقايمايدۇ، ئۆزۈڭلار قايتىپ كېلىڭلار دېگەن، — دېيىشتى ئۇلار. بۇ تۆت پەرىنىڭ بىرىنىڭ ئېتى سەلاسىل، بىرىنىڭ چەرەندە، بىرىنىڭ ئەزرەقە، يەنە بىرىنىڭ ئېتى ئەكۋانە ئىدى. يەنە ئۇلار بىلەن تۆت دىۋىمۇ بىللە ئىدى. بىرىنىڭ ئېتى پەلەكۇل پەلەك، بىرىنىڭ سەماۋات، بىرىنىڭ تەريانى، يەنە بىرىنىڭ قۇرشيانى ئىدى. سەلاسىل:

— ئەي يىگىت، بىز سىزگە بىر مەرتىبە مەرھەم قويدۇق، يەنە بىز مەرھەم قويماي، ئادەمزادنىڭ مەرھەمىنى قويسا مېڭىڭىز ئىششىدۇ، ئۆلىسىز، — دېدى.

— ئەي سەلاسىل، — دېدى ئەمىر، — كوھىقاپ يىراق، لەشكىرىمىز ئەجدىھانىڭ ئاغزىدا، ئۇ يەرگە قاچان بېرىپ، قاچان كېلەرمىز؟

— ئادىمىزادقا يىراق، ئەمما بىز سىزنى ئالتە كۈندە ئېلىپ بارىمىز. ئالتە كۈن ئۇ يەردە تۇرىسىز، ئالتە كۈندە ئەكېلىپ قويىمىز. ھەممىسى ئون سەككىز كۈن بولىدۇ.

— ئەمىسە ياخشى، — دېدى ئەمىر. ئۇلار «بۇنىڭدىن ئارتۇق تۇرغۇزمايمىز» دەپ قەسەمياد قىلىشتى. ئەمىر ئۇمرالىرىغا ئېيتتى. ھېچكىشى رازى بولمىدى. مەلىكە ئۆزىنى پارە - پارە قىلاتتى.

— ئەي مەلىكە، ئەي خوجا ئۇمرى، — دېدى ئەمىر، — مېنىڭ ئۆلۈشۈمگە رازى بولامسىلەر، ياكى ھايات ياشىشىمغىمۇ؟ ئون سەككىز كۈندە قايتىپ كېلىمەن.

— ئۇلارغا باراي دەڭ، ئەمما ساقايغاندىن كېيىن بارماڭ، — دېدى خوجا ئۇمرى.

— مەن ۋەدەمگە خىلاپلىق قىلالمايمەن، — دېدى ئەمىر.

ئاخىرى، نائىلاج رازى بولۇشتى. خوجا ئۇمرى ۋە ئۇمرالار چىقىپ كەتتى. پەرىلەر دېدىكى:

— ئەي مۇخلىس، سەبەق، سۇت، تەرياق، گۈلاپ ئېلىپ كېلىڭلار، — دېدى. ئۇلار ئەمىرنىڭ زەخمىسىنى يۇدى، مەرھەم چاپتى. ئەمىر، دىۋىلەرگە زۇفىنىنىڭ لەشكىرىنى ئۆلتۈرۈڭلار، دەپ بۇيرۇدى. دىۋىلەر زۇفىنىنىڭ لەشكىرىنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ يەرگە ئۇراتتى. ئۇلار ھەيران بولۇشتى. ئاندىن ئەمىر ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇردى. ئۇمرالارمۇ سەپ - سەپ بولۇشتى. پەرىلەر ئەمىرگە تۇرلۇك تۇمەن مېۋىلەرنى ئەكېلىپ تۇراتتى. مەلىكىگە ئېسىل كىيىملەرنى كىيدۇرۇپ، ئەمىرگە شەھبالنىڭ خېتىنى بەردى. ئەمىر شەھبالغا غايىبانە تەزىم قىلىپ، نامىنى ئاچتى. نامىدە «ئەي دىلبەند پەرزەند ئەبۇلئالى، بۇ مەلئۇن دىۋىنىڭ دەستىدىن بىسىيار خىجالەتچىلىكتە قالدىم. ئۇ، مېنى خانىمانىمدىن ئايرىدى، مەملىكىتىمدىن جۇدا قىلدى. ئەمدى، بولسا قىزىمنى سورايدۇ. مەن، سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ نەۋرىسى تۇرسام، دىۋىگە قانداقمۇ قىز بېرەي؟ ئىنايەت قىلىپ، قەدەم رەنج قىلسىڭىز. ئاۋۋال خۇدانىڭ خۇشنۇدلۇقى، ئىككىنچىسى روھى پاك سۇلايمان ئەلەيھىسسالام-نىڭ خالىسەن لىللاھىلىقىدا، بىز مەزلۇملارنىڭ بېشىدىن بۇ بالانى دەپئى قىلسىڭىز، ئىندەل-لاھ، قىلغىنىڭىز بىكار كەتمەس ئىدى» دېيىلگەن ئىدى. ئەمىر شەھبالنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، خوجا ئۇمرىنى ئۆز ئورنىدا ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن ئۇمرالىرىغا «مېنى قانداق كۆزدە كۆرگەن بولساڭلار، خوجا ئۇمرىنى ھەم شۇنداق كۆرۈڭلار» دەپ تاپىلاپ ھەرەمگە كىردى. مەلىكىنىڭ قولىنى خوجا ئۇمرىگە تۇتقۇزۇپ تۇرۇپ:

— ئەي مەلىكە، خوجا ئۇمرىنىڭ سۆزىدىن چىقماڭ ۋە مېنى ئۇنۇتماڭ، — دېدى، ئاندىن مەلىكىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، يىغلاپ، — ئەي ئىككى جاھانلىق مۇرادىم، يارۇ

مېھرىبانىم، غەمكىن كۆڭلۈمنىڭ شادلىقى، كۆڭلۈمنىڭ مەقسۇدى بولغان مەھبۇبەم، بۇ جۇدالىقتىن ھەيرانمەن. خۇدايىتائالانىڭ بۇيرۇقى بىزگە نامەلۇم، — دېدى. ئاندىن ئۇزى تەختنى سۇلايمانغا ئۆلتۈردى. تۆت دىۋە تەختنى كۆتۈردى. ئۇمىرالار ۋە ھەممە خەلق يىغا - زارە قىلىشىپ قالدى. ئەمىر ھاۋادا كېتىپ باراتتى. يەردە خوجا ئۇمرى يالاڭباش ھالدا يۈگرەيتتى ۋە يىغلىغىنىچە:

— ئەي كەرەملىك دوستۇم، مېنى دۈشمەنلەرنىڭ ئارىسىدا يالغۇز قويۇپ، ئۆزىڭىز ئاسمانغا چىقىپ كەتتىڭىز. ئەمدى جامالىڭىزنى يا كۆرىمىز، يا يوق، — دەپ نالە قىلاتتى. مەغرىب دەرياسىغا كەلگەندە دىۋىلەر تەختنى يەنىمۇ ئېگىزلەتكەنىدى، تۆۋەندىكىلەرگە كۆرۈنمەي قالدى. خوجا ئۇمرى نائۇمىد بولۇپ، يىغلاپ كېچىسىمۇ شۇ يەردە تاڭ ئاتقۇزدى. ئەتىسى ئۇ بىر يەردىن تۇتۇن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ يەرگە بېرىپ، بىرمۇنچە چېدىرلارنى كۆردى. ئۇ يەردە مىڭ يەتتە يۈز ئاتەشباز قۇل ئاتەشبازلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇلار خوجا ئۇمرىنى ئېلىپ كىردى. بىر مۇرىد كالان جايىنامازدا خۇدايىتائالاغا ئىبادەت قىلىپ ئولتۇراتتى. خوجا ئۇمرى ئۇنىڭغا سالام قىلدى. ئۇ مۇرىد كالان جاۋاب سالام بەردى ۋە:

— سىز خوجا ئۇمرى ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق!

— مېنى خوجا جۇنەيد بىنگالى دەيدۇ. ئاتەشبازلىقتا ئەفلاتۇن بىلەن دەۋرداشمەن، ئۇچيۈز ياشقا كىردىم. ماڭا چۈشۈمدە «ئۆمرۈڭ ئاخىرىغا يەتتى. ئاتەشبازلىق ئەسۋابلىرىڭنى مەغرىب دەرياسىنىڭ بويىغا ئېلىپ بار. ئۇ يەرگە خوجا ئۇمرى كېلىدۇ. ئۇنىڭغا ئاتەشبازلىقتىن تەلىم بەرگىن» دەپ بېشارەت بولغانىدى، — دېدى ۋە خوجا ئۇمرىگە ئاتەشبازلىقنى ئۆگەتتى. يەتتە مىڭ ئاتەشباز قۇلنى ئەسۋابلىرى بىلەن بىللە خوجا ئۇمرىگە تاپشۇردى ۋە خوجا ئۇمرى بىلەن مەككىگە كەلدى. ئاندىن كېيىن ئۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتتى. خوجا ئۇمرى ئۇنى ياخشى يەردە قويۇپ، نەزىر - چىرىغىنى بەردى. ئەتىسى ئۇمەر مەئدەكەرەپكە:

— مەن سېنى بىر ئىشقا بۇيرۇسام سەن ئۇنىما، ئۇ چاغدا سېنى ئۇرۇشقا بۇيرۇيمەن، ئۇلار ئۇرسۇن. بۇ تاياقنىڭ بەدىلىگە بىر سېمىز قىسراق بېرەي، — دېدى. ئۇمەر مەئدەكەرەپ ماقۇل بولدى. ئەتىسى خوجا ئۇمرى ئۇنى ئىشقا بۇيرۇدى. ئۇمەر مەئدەكەرەپ ئۇنىمىۋىدى، ئۇنى ئون يەتتە تاياق ئۇردۇردى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ مەلىكىگە:

— مەن خوجىنىڭ قېشىغا باراي، خوجا ئۇمرى ئەمىرنىڭ ھەققىدە نېمە دەيدىكىن، ئاڭلاپ باقاي، — دېدى.

زۇفىن مەدايىنغا كېلىپ، پادىشاھقا:

— مېنىڭ لەشكىرىمنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ، يەرگە تاشلاپ، كۆپ ئادىمىمنى ئۆلتۈردى. مال، قورال - ياراق، خەزىنە - دەپىنىلىرىممۇ قالمىدى، — دېدى. شۇ ئەسنادا، كەرگەس ساسانى كىرىپ كەلدى ۋە:

— پەرىزادلار ئەبۇلئالىنى ئون سەككىز كۈنلۈك ۋەدە بىلەن كوھقاپقا ئېلىپ كېتىپتۇ، — دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان بەختەك خۇش بولۇپ، «كەلمىكى ناتايىن» دەپ نەغمىچىلەرنى چاقىرىپ، شادىيانىلەرگە چېلىشقا بۇيرىدى. پادىشاھ:

— زۇفىن يۈز يىگىرمە مىڭ لەشكەر ئېلىپ مەككىگە بارسۇن، — دەپ بۇيرۇدى. ئۇ، مەككىنى خاراب قىلىپ، مەلىكىنى تۇتقۇنلۇققا ئالغىلى ماڭدى.

خوجا ئۇمرى ئەمىرنىڭ ۋەقەسىنى بايان قىلىپ، خوجا جۇمھۇرغا رەم ئاچقۇزدى. رەمدە: ئەبۇلئالى مەن ئون سەككىز كۈندە كېلىمەن، دەپتۇ. ئەمما، «ئىنشائاللا» دېمەپتۇ. شۇ

جەھەتتىن ئۇ يەردە ئون سەككىز يىل قالىدۇ، دېگەنلەر چىقتى. ئۇ «ئەگەر بۇنى مەلىكىگە ئېيتسام، يۈرىكى چىقىپ كېتىدۇ» دەپ، ئويلاپ، ئالتە ئايلىق بىر روزنامە، ئون سەككىز يىللىق بىر روزنامە يېزىپ، ئون سەككىز يىللىقنى يوشۇردى. ئالتە ئايلىقنى تاجىسىغا قىستۇردى ۋە خوجا جۇمھۇرنىڭ ئالدىدا بېلىنى مەھكەم باغلاپ، يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئەي خوجا، ئون سەككىز يىلغىچە خىزمەت كەمىرىمنى بېلىمدىن يەشمەيمەن. مەلىكە مېھرىنىگارنىڭ بىر تال مويىنى ھەرگىز نامەھرەمگە كۆرسەتمەيمەن، — دېدى ۋە خوجىنىڭ ئالدىدىن چىقتى. كۆردىكى، كاپىرلار چۆلنىڭ بېشىغا چۈشۈپتۇ.

خوجا ئۆمرى باشقىچە ياسىنىپ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، تاڭ سەھەردە لەشكىرىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىر ئېگىزلىككە چىقىپ توردى. ئۇ بۇ تاغدىن ئۇ تاغقا، ئۇ تاغدىن بۇ تاغقا سەكرەر ئىدى. زۇفىن ئۇنى كۆرۈپ:

— كىم سەن؟ — دەپ سورىدى. خوجا ئۆمرى:

— مەن تېكتىكى باياۋانى ۋە مۇرغى سۇلايمانى، ئەمما يولنى ياخشى بىلمەن، — دېدى.

— بۇ چۆلدە بىزگە يول باشلىغىن، — دېدى زۇفىن. خوجا ئۆمرى چۆلنى بەش كۈنلۈك، دەپ ئون مىڭ تەڭگە ئالدى. ئەمما، ئۇلارنى يىگىرمە كۈنلۈك چۆلگە باشلاپ قويدى. يەتمىش مىڭ كىشى چۆلدەرەپ ئۆلدى. ئۇلاغلارمۇ قالمىدى. ئادەملەر ھەممىسى پىيادە قالدى. زۇفىننىڭ ئادەملىرىدىن بىرى خوجا ئۆمرىنى تونۇپ قالدى. خوجا ئۆمرى بۇنى سېزىپ ئاستىلا كېتىپ قالدى. قالغان لەشكەرلەر مىڭبىر مۇشەققەت بىلەن چۆلدىن چىقتى. قاتتىق ئۇسساپ كەتكەنلىكتىن، سۇنى كۆرۈپلا ئۆلگۈدەك ئىچتى ۋە ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ يېرىمى ئۆلدى.

زۇفىن ھورمۇز پادىشاھنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا خوجا ئۆمرىنىڭ ئىشلىرىنى بايان قىلدى. بۇ قېتىم پادىشاھ ئۇنىڭغا بەختەكنى قوشتى. يەنە نۇرغۇن لەشكەر تەييارلاپ بەردى.

خوجا ئۆمرى مەككىگە كېلىپ، ئالتە ئايلىق رەۋزىنامىنى (كۈندىلىك ئىشلار خاتىرىسى) مەلىكىگە بەردى. بۇنى كۆرگەن مەلىكە بىتاقەت بولاتتى. ئاخىر زۇفىننىڭ كەلگەنلىك خەۋىرى يېتىپ كەلدى ۋە ئىككى تەرەپ جەڭ قىلىشتى. خوجا ئۆمرى چىقىپ، زۇفىننى پالاقمان بىلەن ئۇرۇپ چېكىندۇردى.

— ئەي زۇفىن، جەڭ قىلىش ھاجەتسىز، مەككە دېگەن ئوتتۇنسىز، سۇسىز، ئوتسىز يەردۇر، دائىم دېگۈدەك ئاچارچىلىق بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئامالسىز قالغاندا ئۆزلىرىلا مەلىكىنى چىقىرىپ بېرىدۇ، — دېدى بەختەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەككىنى قورشاپ ياتتى.

## پەسلى داستان، ئەمىرنىڭ كوھقاپتا ئاسىما پەرى بىلەن مەجلىس تۈزگەنلىكى ۋە ئۇ يەردە تۇرۇپ قالغانلىقى

دېۋىلەر شۇ ئۇچقىنىچە ئالتىنچى كۈنى ئەمىرنى بىر باغقا چۈشۈردى. ئەمىر كۆزلىرىنى ئېچىپ ئۆزىنى گۈلىستانى ئىرەمدە كۆردى. سەلاسىل:

— ئەي شاھزادە، بۇ مېنىڭ يېرىمدۇر، بۇنى باغى زىندان دەيدۇ، — دېدى:

— يولۇمغا يامان كەپتۇ، — دېدى ئەمىر، — مېنى بىرىنچى قېتىمدىلا زىندانغا چۈشۈردىلەر. سەلاسىل شەھبالنىڭ قېشىغا كەلدى. شەھبال ئەمىرگە سەرۇپاي، توپچاق ئات ئەۋەتتى ۋە «سەلاسىلنىڭ باغ ئىشىكىدىن، تاكى گۈلىستانى ئىرەمگىچە پاياندىز سېلىڭلار،

ئەمىرنىڭ بېشىغا تاۋاقلاپ گۆھەر چېچىڭلار» دەپ بۇيرۇدى. دىۋلەرگە «سەلاسىلىنىڭ ئىشىكىدىن گۈلىستانى ئىرەمنىڭ ئىشىكىگىچە يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە سەپ - سەپ بولۇپ تۇرۇڭلار» دەپ بۇيرۇدى.

ئەمىر گۈلىستانى ئىرەمگە كىردى. كۆردىكى، باغ تاملىرىنىڭ ھەممىسى قىزىل ئالتۇندىن، دەرۋازىلىرىمۇ جاۋاھىردىن زىننەتلەنگەن؛ قەسىرلىرى لەئىلدىن، بەزىسى ياقۇتتىن، بەزىسى مەرۋايىتتىن، بەزىسى زۇمرەتتىن، بەزىسى خام كۈمۈشتىن ياسالغان بولۇپ، بۇلارنى ھەقتائالا ئۆز كامالى بىلەن پەيغەمبەر ئۈچۈن ئەتكەنىدى. ھېچ ئۇستىنىڭ قولى تەگكەن ئەمەس ئىدى. بۇ قەسىرنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدا بىر ئېرىق ئېقىپ تۇراتتى. ئېرىقنىڭ تېگىدە تاش ئورنىغا رەڭگا - رەڭ جاۋاھىرلار كۆرۈنەتتى. قەسىرلەرنىڭ كۈنگۈرىلىرىدە يەتمىش ئىككى خىل قۇش خۇشئاۋاز بىلەن غەزەلخانلىق قىلىپ سايرىشىپ، خۇدايىتائالاغا ھەمدۇ سانا ئېيتىشاتتى. ئەمىر يەنە بۇ باغدا مېۋىلىرى ياقۇتتىن، غولى ئالتۇن - كۈمۈشتىن بەرپا بولغان دەرەخلەرنى كۆردى. ھەر دەرەخنىڭ تۈۋىدە مەرمەردىن ياسالغان شاھ سۇپا بولۇپ، سۇپا ئالدىدىكى كۆلنىڭ ئىچى- تېشى تاشتىن ئىشلەنگەنىدى.

ئەلقىسسە، ئۇ باغنىڭ تەرىپىنى ھەرقانچە سۆپەتلەپمۇ تامام قىلغىلى بولمايتتى. ئەمىر ساھىبجامالىلارنىڭ رەڭمۇ رەڭ سەرۇپايىلارنى كىيىپ، سەپ - سەپ بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار ئەمىرگە مۇلازىمەت قىلىدىغانلار ئىدى. ئەمىرنى ئاشۇنداق داغدۇغا بىلەن قەسىرنىڭ ئىشىكىگە يەتكۈزدى. ئەمىر باغقا كىرىپ، شەھبالنى كۆردى. ئۇ سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ تەختىدە ئولتۇراتتى. ئۇ ئەمىرگە غەزەپ كۆزلىرى بىلەن قارايتتى. شەھبالنىڭ غەرىزى: «ئەمىر يۈرەك توختىتالامدۇ - يوقمۇ؟» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئۆزى بولسا ئەمىردىن قورقۇپ يەرگە قارىۋالاتتى. موللا ئابدۇرەخمانمۇ ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇپتۇ. باشقا بارلىق ئۇمىرالار ئەمىر بىلەن كۆرۈشتى. ئەمىر بېرىپ ئاسىپ ئىبنى بەرخىيانىڭ تەختىدە ئولتۇردى. شەھبال ئەمىرگە ئىززەت - ئىكرام بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئۇنى خۇش قىلدى. ئۇلار چۈشكىچە تائام يېيىشتى. چۈش ۋاقتى بولغاندا ياساۋۇللار كىرىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئاجايىب غۇلغۇلا بولۇپ كەتتى ۋە بىر قىز كىردى. ئەمىر كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قىزغا قارىدى. ئۇنىڭدىن چوڭ بىر پىتنە مەلۇم بولدى. ئەمىر سەل ئەنسىرەپ قالدى. قىزنىڭ كەينىدىن نازىنىلار كىردى. بۇ قىز ئاتىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. باشقا قىزلار ئۆز جايلىرىنى تېپىپ ئولتۇرۇشتى.

ئەلقىسسە، شۇنداق بىر ئولتۇرۇش بولدىكى، مەلىكە ئاسىماپەرى توختىماي ئۇسسۇل ئوينايتتى. پەرىزادلار شوخلۇق قىلىشاتتى. ئەمما، ئەمىر قىلچە پەرۋا قىلمايتتى.

شۇ ئەسنادا، ئىشىك تەرەپتىن غەۋغا ئاڭلاندى. شەھاب چىن دەپ بىر پەھلىۋان بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئاسىمانى ئېلىشقا ئىشتىياقى كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا ئۇ ئەفرىتىنىڭ قەستىدە ئىدى ئۇ ئەفرىتنى ئۇيقۇلۇق ۋاقتىدا ئۆلتۈرمەكچى ئىدى. ھازىر ئۇ شۇنى ئىزدەپ كەلگەنىدى. كېلىپ ئۇنىڭ ئورنىدا بىر ئادەمىزادنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە:

— ئەفرىتنىڭ جېنىغا ئېلىپ كەلگەن يىگىت شۇمۇ؟ — دېدى ۋە كۈلۈپ:

— ئەي يىگىت، ئەفرەتنىڭ بىر قارىشىغا چىدىيالارسەنمۇ؟ ئەفرىت ئەگەر، بىر قارىسا، ئادەمىزادنىڭ جېنى قالمايدۇ، — دېدى ۋە ئەمىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — ئەي ئادەمىزاد، ئۇلۇغلۇق مەقامىغا يەتمىگۈچە، ئۇلۇغلارنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇش ئوبدانمۇ؟ قوپ، بۇ مېنىڭ ئورنۇم — دېدى.

ئەمىر تەۋرىمىدى. ئەمىرنىڭ ياقىسىدىن تۇتقىلى قول ئۇزاتتى. ئەمىر ئۇنىڭ پېشانىسى-

گە بىر مۈش كۆردى. بېشىنىڭ بىر بۇرجىكى ئۈچۈپ كەتتى. سورۇندىكىلەر ھەيران قالدى، ئۆلۈكنى ئەپچىقىۋەتتى. شۇ ئەسنادا ئاسىيما چاچراپ قوپۇپ، ساقى بولۇپ ئەمىرگە مەي تۇتتى ۋە ئەمىرنىڭ قولىنى رومكا بىلەن قوشۇپ قىسىۋالدى. ئەمىر كۆڭلىدە: «بۇ يامان بالا بولدى، بۇلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلمىقىم تەس ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى. ئاسىيما دادىسىغا:

— سىزنىڭ مېھمىنىڭىزنى بۇ كېچە مەن مېھمان قىلايمىكىن؟ — دېدى. شەھبال ماقۇل بولدى. ئاسىيما تەزىم قىلىپ، قول باغلاپ تۇرۇپ:

كەل ئەي، مېھمان جەھان ئارا بۇ كېچە مېھمانىم بول،
جەمالىڭدىن چېچىپ پەرتەۋ چىراغى ئاشىيانىم بول.
خەرىدارىڭ، تەلەپكارىڭ، گىرىفتارىڭ، ئەسىرىڭ مەن،
ئىشىتتىم غەمگۇسارىم، مۇنىسىمۇ، ھەمزەبانىم بول.
تۇرۇپتۇرمەن نە بولغاي بىر قەدەم كۈلبەمگە كەلتۈرسەڭ،
دەۋايى خەستە جىسمىم مەرھەمىم مەجرۇھى جانىم بول.
نەچە زەھر ئايىنە ھەسرەت يۇتارمەن ئىنتىزار زارە،
بېرىپ نۇشى لەبىڭدىن قەترەئى نۇشىرەۋانىم بول.

دەپ ئەمىرگە، ئاياق تۇتتى. ئەمىر مەينى ئىچىپ ئورنىدىن تۇردى. ئاسىيما، خالدار پەرى، ھۆسنى ئاراي پەرى، دىلفىرۇز پەرى، دىلئارام پەرى ۋە باشقا پەرىلەر ئەمىرگە ھەمراھ بولۇپ، ئاسىيما پەرىنىڭ قەسرىگە كەلدى، قايتىدىن زىياپەت قىلىپ ئولتۇرۇشتى.

تۈن يېرىمدا ئەمىر ئۈگدەشكە باشلىدى. قىزلار ئۇنىڭغا كۆرپە سېلىپ، تەكىيە قويۇپ بەردى. ئەمىر ئارام ئېلىشقا مەشغۇل بولۇپ، ئەمدىلا كۆزى ئۇيقىغا بارغان ئىدى. سەلاسىل كېلىپ، ئەمىرنى ئويغىتىپ:

— ئەي ئەمىر شاھزادە، مەلىكىمىز سىزنى ئادەمىزادقا بارمىسۇن، ئۇنى مۇشۇ يەردە ئۆيلەپ قويايلى دەيدۇ، — دېدى.

— ئەي سەلاسىل، سەن سارالمۇ نېمە؟ — دېدى ئەمىر، — مەن بۇ يەردە ئون سەككىز كۈندىن زىيادە تۇرالمايمەن. مېنىڭ ئۆيلۈك بولۇپ قېلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق!

سەلاسىل دېدى:

— مەلىكەم سىلىگە ئۆزى تەگمەكچى.

ئەمىر رەت قىلدى. سەلاسىل چىقىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەمىر ئۇخلاپ قالدى. شۇ ئارىدا ئاسىيما ئاستاغىنە كېلىپ، ئەمىرنىڭ قوينىغا كىردى. ئەمىر ئويغىنىپ، قوينىدىن قىزنى ئېلىپ ئېتىۋەتتى ۋە:

— ئەي ئاسىيما، مەن پەيغەمبەر زادەدۇرمەن. خۇدادىن قورقمامسەن؟ زىنانى زىنادىن بولغان كىشى قىلىدۇ. مەن زىنادىن بولمىغان، زىنا قىلمايمەن، — دېدى.

— قانداق قىلاي؟ ئاشىقمەن، — دېدى ئاسىيما، — بىتاقەتلىكتىن شۇنداق قىلىۋاتىمەن. مەن سىزگە بۈگۈنلا ئاشىق بولغان ئەمەسمەن. بەھرام گورخاقان بىلەن چېلىشتىڭىز، شۇ چاغدا بېشىڭىزغا جاۋاھىر چاچقان مەن ئىدىم...

ئەمىر شۇ چاغدىلا، چېچىلغان جاۋاھىرنى ئاسىيمانىڭ چاچقانلىقىنى بىلدى.

— ئەي ئاسىيما، — دېدى ئەمىر، — مەن ئادەمىزاد مەلىكىسى، پادىشاھى ئادىلنىڭ قىزىغا ئاشىقمەن. ئېتى مېھرىنىگاردۇر، — دېدى.

— ئەي يىگىت، — دېدى ئاسىيما، — ئادەمنىڭ تەرىپىنى قىلىسىز، ئادەمنىڭ هۆسنى قانچىلىك بار ئىدى؟ ئادەمىزاد قىزى هەرگىزمۇ پەرىگە تەڭ كېلەلمەيدۇ ۋە يەنە ماڭا ئوخشاش ساهىبجامال پەرىنى خۇدايىتائالا تېخى ياراتمىدى.

ئولتۇرۇش شۇنداق قىزىدىكى، قىرىق كېچە - كۈندۈز ئويۇن - مەشرەپ بولدى. ئەمىر روزنامىگە قارىسا، قىرىق كۈن بوپتۇ.

— ئەي ئاسىيما، — دېدى ئەمىر، — مېنى ئون سەككىز كۈنلۈك مۆهلەت بىلەن ئېلىپ كەلگەن ئىدىڭىز، ئەمما بۈگۈن قىرىق كۈن بوپتۇ، مېنىڭ ئۇ جانۇ - جاهانىم قايدا، لەشكىرىم نېمە بولدى؟

— سۆزۈم شۇكى، — دېدى ئاسىيما، — مېنى ئېلىڭ. سىزنى ئەفرىتنىڭ جېڭىگە بۇيرۇيمەن. ئادەمىزادقىمۇ بۇيرۇيمەن. ئەگەر مېنى ئالمىسىڭىز، يىللار ئۆتىدۇكى، موشۇ يەردە يۈرىسىز. . .

ئەمىر ئاچچىقلاپ چىققىنىچە شەهبالنىڭ ئالدىغا يىغلاپ كىردى:

— ئەي شەهبال، مېنى ئون سەككىز كۈنلۈك ۋەدە بىلەن ئېلىپ كەلگەن ئىدىڭىز، قىرىق كۈن بولۇپتۇ. مېنى يا ئەفرىتنىڭ جېڭىگە ئەۋەتىڭ، يا ئادەمىزادنىڭ ئارىسىغا، — دېدى. شەهبال:

— ئەگەر، راستىنى سورىسىڭىز، مېنىڭ سىزنى ئېلىپ كېلىش، قايتۇرۇش بىلەن هېچقانداق مۇناسىۋىتىم يوق. نېمە قىلسا، شۇ قىز قىلدى. بېرىپ، شۇنىڭدىن سوراڭ، — دېدى.

ئەمىر يىغلاپ چىقىپ، ئاسىيمانىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا قوپاللىق بىلەن يامان سۆزلەرنى قىلدى. ئاسىيمانىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— ئەي يىگىت، مەن سېنىڭ هەرىمىڭ بولىمەن، سەنمۇ پەيغەمبەرزادە، مەنمۇ پەيغەمبەرزادە تۇرساق، ئەفرىتنىڭ جېڭىگە ساڭا نېمە هاجىتىم بار ئىدى؟ — دەپ، بىر دىۋىگە، — بۇ يىگىتنى ئېلىپ بېرىپ، بىر يەردە قويۇپ كەل، — دەپ بۇيرۇدى.

ئەمىر خۇش بولدى. دىۋە ئۇنى تەختىكە ئولتۇرغۇزۇپ راۋان بولدى. ئۈچ كېچە - كۈندۈز يۈرۈپ، بىر جاڭگالغا چۈشتى.

— بىر سائەت ئۇخلىۋالاي، ئاندىن ماڭايلى، — دېدى دىۋە. ئەمىرمۇ ئۇخلىدى. بىر چاغدا ئويغىنىپ قارىسا، دىۋە تەختنى ئېلىپ كېتىپتۇ. ئەمىر بۇ جاڭگالدا ئۈچ كۈن يۈردى. هېچيەرگە چىقالمىدى. بۇ جاڭگالنى بىيشەئى پەرىكارۋان (پەرى كارۋانلىرى ئورمانلىقى) دەيتتى. ئەمىر بۇ جاڭگالدا هېچقانداق بىر ئۇچار قاناتنىڭ ئۇچقىنىنى، يا بىر هايۋاناتنىڭ ماڭغانلىقىنى كۆرمىدى. ئۇنى غەم بېسىپ ئولتۇراتتى. بىر شىر پەيدا بولدى. بېشىدىن قۇيرۇقىغىچە قىرىق يەتتە گەز ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، ئېگىزلىگى يىگىرمە توققۇز گەز، قۇيرۇقىنىڭ ئۇچىدا پۆپۈكى بار، تىرناقلىرى گويا جۇۋۇچىنىڭ ئورغىقىغا ئوخشاش، كۆزلىرى ئاسمان گۇمبىزىدەك، ئاغزى غاردەك ئىدى. شىر ئەمىرگە گۇيا ئۇنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىدىغاندەك ئېتىلدى. ئەمىر «ئاللاهۇ ئەكبەر!» دەپ نەرە تارتىپ بىر مۇش ئۇرغاندى، شىر تولىغىنىچە يىقىلىپ چۇشۇپ تىن تاتماي ئۆلدى. ئەمىر ئۇنىڭ تېرىسىنى تۇلۇمچە سويۇپ، خەس - خەشەك تىقىپ، دەرەخقە ئېسىپ قويدى.

يەنە بىر تاغنىڭ ئۈستىگە بىر هەيكەلتاراش بىر ئادەمنىڭ سۈرىتىنى ياساپ قويغانىدى. هەيكەلنىڭ پېشانىسىغا «هەركىم بۇ تاغقا چىقسا، بۇ ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ، موشۇ سۈرەتكە دەم قىلسا، بۇ سۈرەت چۆرۈلۈر، هەيكەل قولىنى قايسى تەرەپكە ئۇزاتسا، شۇ تەرەپكە ماڭسا،

بۇ جاڭگالدىن چىققاي» دېگەن خەت بىلەن بىر ئىسمى ئەزەم يېزىپ قويۇلغانىدى. ئەمىر شۇنداق قىلىۋىدى. سۈرەت قولىنى كۆن چىقىش تەرەپكە ئۇزاتتى. ئەمىر شۇ تەرەپكە مېڭىپ، يېگىرمە ئىككىنچى كۈنى بىر دەرەخلىققە يېتىپ باردى. دەرەخلىقنىڭ ئارىسىدا چوڭ بىر گۈمبەز بار ئىدى. گۈمبەزنىڭ تۈڭلۈكىدىن تۈتۈن چىقىپ تۇراتتى. گوْيا، خۇمدانىنىڭ تۈتۈنىدەك ئىدى. ئەمىر يېقىن كېلىپ گۈمبەزنىڭ ئىچىدە قىرىق دىۋىنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ھەممىسىنىڭ كۆزى كۆكسىدە، ئاغزى پېشانىسىدە، ھەممىسى ئادەملەرنى زىخقا ئۆتكۈزۈپ كاۋاپ ئېتىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ چوڭىنى قەمقەراس دىۋە دەيتتى. ئاۋازى گوْيا ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك چىقاتتى. دىۋىلەر:

— بۇ يەردىن ئادەمنىڭ ھىدى كېلىۋاتىدۇ، — دېيىشىۋاتاتتى.

ئەمىر دەرەخلىقنىڭ ئارىسىدىن چىقتى. قەمقەراس دىۋە ئەمىرنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا نەيزە سالدى. ئەمىر دىۋىنىڭ نەيزىسىنى تارتىۋېلىپ، دىۋىنى توپىغا ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. باشقا دىۋىلەر قاچتى. ئەمىر ئۇ يەردىن يۈرۈپ كەتتى. بىردىنلا زىمىستان قىش بولۇپ، قار يېغىشقا باشلىدى. ئەمىر بىر غارغا كىرىپ، نەچچە تەڭگىلىك ئوتۇن، توز ئېلىپ، ئۇ يەردە قىشلىدى. نەۋرۇز كېلىپ، قار ئېرىدى. ھاۋا ئەسلىگە كەلدى. ئەمىر بۇ يەردىن چىقىپ مېڭىپ، تاغنىڭ باغرىدا بىر چاھار باغلىق ئايۋاننى كۆردى. ئېگىزلىكى ئاتمىش گەز، تام - تورۇسلىرىنىڭ ھەممىسى سىرلاقلىق، ئىككى تەرىپىدە سۇپا بار ئىدى. بۇ سۇپىلارغا شىر، يولۋاس، ۋە يىلپىزلارنىڭ تېرىسىدىن سېلىنچىلار سېلىنغانىدى. بۇ يەر ئەمىرگە خۇش كېلىپ، يېتىپ ئۇخلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇيقىدا ئىدى. قۇلىقىغا بۇلۇت گۈلدۈرلىگەندەك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئەمىر ئويغىنىپ گوْيا قارغا ئوخشاش ئاپئاق، قەددى سەكسەن يەتتە گەز، بېشىدا چىنارغا ئوخشاش مۈڭگۈزى بار، چېچى ئوشۇقىغا چۈشكەن، بېلىگە بۇغا تېرىسىدىن بەلۋاغ باغلىغان، تاپىنى چاك - چاك يېرىلغان بىر دىۋىنى كۆردى. ئۇ، قولىغا يۈز ئاتمىش پاتمان تاياقنى ئېلىپ، ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك نەرە تارتىپ ئەمىرنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى. ئەمىر ئورنىدىن قوپتى. دىۋە:

— نېمە ئادەمسەن؟ ئېتىڭ نېمە؟ مېنىڭ ئېتىمنى ئىشتمىگەنمىدىڭ؟ يا، ئاڭلىساڭمۇ نەزەرىڭگە ئىلمىدىڭمۇ؟ ئەجەب مېنىڭ ئورنۇمدا ئولتۇرۇپ كېتىپسەنا؟ — دېدى.

— ئېتىڭ نېمە؟ — سورىدى ئەمىر.

— دىۋە سەفىد دەيدۇ.

— مەن ئادەمىزاد، — دېدى ئەمىر، — شەھبال مېنى ئەفرىت بىلەن جەڭگە سېلىشقا ئېلىپ كەلگەنىدى.

— سەنغۇ، — دېدى دىۋە، — ئەفرىتنىڭ چىمچىلاق قولىچىمۇ يوق ئىكەنسەن، ئۇنىڭ بىلەن قانداق جەڭ قىلىسەن؟ ئاۋۋال مېنىڭ بىلەن جەڭ قىلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىل. مەن ئەفرىتنىڭ دوستلىرىدىن بولىمەن، — دېگەنىدى، ئەمىر ئۇنىڭغا يېقىن كەلدى ۋە كېلىشتۇرۇپ يەتتە نەيزە ئۇرۇۋىدى، دىۋە ھەيران قالدى. سەككىزىنچى قېتىم دىۋىنىڭ قولىدىكى تاياقنى تارتىۋېلىپ ئۇردى. دىۋىنىڭ بېشى پارچە - پارچە بولۇپ، مېڭىسى يەرگە تۆكۈلدى.

ئەمىر بۇ يەردىن مېڭىپ، بىر تاشنىڭ كاۋىكىغا كەلدى. ئەگەر ئادەم پىلغا مىنىپ كاۋاكقا كىرسە، بېشى تاقاشمايتتى. ئۇ غارنىڭ ئىچى بىلەن يەتتە كۈن قاراڭغۇلۇقتا يۈردى. سەككىزىنچى كۈنى بىر چىمەنزارغا چىقتى. بۇ يەر گوْيا بىھىشنى ئەسلىتەتتى. ئەمىر كۆزىنى چوڭ ئاچتى. ئۇ چاھار باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئالىي شاھ سۇپىنى كۆردى. ئۇ سۇپىدا

ئىككى ئاجايىپ نەرسە ئولتۇراتتى. بىرىنىڭ قەددى زور، بىرى ناھايىتى كىچىك، ئۇلارنىڭ رەڭگى ـ رويى ئادەمىزادقىمۇ، دىۋە ـ پەرىلەرگىمۇ ئوخشايتتى. ئەمىر «بۇ قايسى تائىپەدۇر؟» دەپ ھەيران بولدى. ئاڭغىچە، پاكار بويلۇقى كېلىپ، سالام قىلدى ۋە:

— ئەسسەلامۇئەلەيكۇم، ساھىبقىران! ئەي، مۇستاپانىڭ يولىدىكى شەرەپلىك ئادەم، ساھىبقىرانلىق سەلاھىنى كىيگەنلىرى مۇھەممەد مۇستاپانىڭ يولىنى تازىلىغانلىرىغا مۇبارەك بولسۇن! — دېگىنىچە يېقىن كەلدى.

— سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدى ئەمىر.

— مەن ئەزازۇلمەن. ئادەم بىلەن گۇناھنى تەڭ قىلدۇق. ئادەم «بىلمەپتىمەن» دەپ گەدىنىگە ئېلىپ تۆۋە قىلدى. خۇدايىتائالا گۇناھىدىن ئۆتتى. مەن: «بىزنى يارانتقۇچى سەن، جان بەرگۈچىمۇ سەن، بىزنىڭ سېنىڭ ئالدىڭدا گۇناھ قىلىشقا نېمە قۇدرىتىمىز بار؟ قىلدۇرغۇچىمۇ سەن» دەپ، گەدىنىمگە ئالماي، تۆۋە قىلمىدىم. ئاللاھ، گۇناھىمدىن ئۆتمەي لەنەت گەردى بولدۇم. لەنەت بويۇنتۇرۇقى بوينۇمغا چۈشتى، — دېدى.

ئەمىر ئۇنىڭ بوينىغا تەۋقى لەنەتنىڭ باغلانغانلىقىنى كۆردى ھەم ئاللاغا شۈكرى سانا ئېيتىپ تۆۋە قىلدى.

— ئەي شەيتان، سەن مېنىڭ ساھىبقىرانلىقىمنى ۋە مېنى نەدىن بىلىسەن؟ — دەپ سورىدى ئەمىر. شەيتان دېدى:

— ئەي ھەمزە، سېنى مەككىدە تەۋەللۇت قىلغان كۈنى، خوجا ئەبۇ زەرجۇمھۇر ھەكىم ساڭا ئات قويدى. خوجا ئۇمرىگە، مۇقبىلغا ھەم شۇ يەردە ئات قويدى. مەن شۇ يەردە بار ئىدىم. قىرىق كۈن چۆرگۈلدۈم، سېنى ھالاك قىلاي دېدىم، بولمىدى. ئاخىرى، خوجا ئۇمرىنىڭ كۆزىنى سىلىدىم، ئۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆلگۈچە دۇنياغا تويماس، دۇنيا ئۈچۈن دارغا ئېسىلىشىمۇ رازى بولىدىغان بولۇپ قالدى، — دېدى. ئەمىر:

— بىگۇناھ نارەسىدىلەرنى نېمىشقا قەستلىدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ئەي ساھىبقىران، — دېدى ئۇ، — سىلەر پات يېقىندا ئاتەشپەرەستلەرنىڭ دىنىنى بىچىت قىلىسىلەر، شۇنىڭ ئۈچۈن قەست قىلدىم.

— ھەممىنى بىلىدىكەنسەن، ئۆزۈڭ قايسى دىندا قايسى مەزھەپتە بولىسەن؟ — دېدى ئەمىر.

— خۇدانى بىر بىلىمەن، پەرىشتىلىرىنى ئۆزۈم كۆرگەن. نەچچە يىل پەرىشتىلەرگە مۇئەللىم بولدۇم. قايىلمەنكى، كىتابلىرىنىڭ راستلىقىنى بىلىمەن. پەيغەمبەرلىرىنىڭ بەر-ھەقلىقىنى سىلەردىن ئوبدانىراق بىلىمەن، ئەمما ئاللاھ گۇناھىمدىن ئۆتمەيدۇ. ئادەملەر بۇتلارنى مېنىڭ توقۇلمام بويىچە ياساپ باش ئۇرۇپ، بۇتپەرەسلىك قىلىدۇ. مەن بۇلارنى بىلىپ تورۇپ نېمىدەپ بۇتپەرەس، ئاتەشپەرەس بولاي؟ — دېدى شەيتان. ئەمىر كۈلدى. شەيتان يەنە:

— سەن كوھىقاپتىن ئون سەككىز يىلدا چىقىسەن. مەن سېنى بىر سائەتتىلا ئېلىپ چىقالايتتىم. ئەمما، سەن ھەرگىز مېنىڭ ئارقامغا كىرمەيسەن. كەل، قولۇڭنى ماڭا بەرگىن، رويى زېمىنغا بىر سائەتتە ئاچىقىپ قوياي، — دېدى. ئەمىر ئۇنىمىدى. شەيتان يىغلاپ:

— لەنەت گەردى بولغان دېگەن شۇ. ئادەم پەرزەندىگە ياخشىلىق قىلاي، دېسەم ھەرگىز ئىشەنمەيدۇ. يامانلىقنى ھەركىشى ئۆزى قىلىدۇ. ئەمما، ھەممە كىشى «بۇ ئىشنى نېمىشقا قىلدىڭ» دېسە، «شەيتاننىڭ ئىشى» دەيدۇ. سىزنىڭ ئاللانىڭ قۇدرىتى ئاللانىڭ دوستى

شەرەپلىك مۇستاپانىڭ يولىدىكى ئادەملىكىڭىزنى بىلىپ، چىن كۆڭلۈم بىلەن ياخشىلىق قىلاي دېدىم. مانا سىزمۇ ئۇنىمايۋاتىسىز. بىر كۈنى رۇم سەھراسىدا نۇرغۇن خالايىقنىڭ توپلىشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، مەنمۇ ئۇ يەرگە باردىم. قارىسام بىر ئادەمنى باغلاپ قويۇپ، تاياق - توقماق بىلەن ئۇرۇپ ئازابلاۋاتىدۇ. ئۇ ئادەم: «مېنى شەيتان يولدىن چىقىرىپ، شۇ ئىشنى قىلدۇردى» دەپ پەرياد قىلىۋاتىدۇ. مەن: «مەن تېخى ھېلىلا كەلدىم. ماڭا تۆھمەت قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ خالايىقتىن «بۇ كىشى نېمە گۇناھ قىپتىكەن؟» دەپ سورىدىم. ئۇلار: «بۇ ئادەم قىلمىغان ئىشنى قىپتۇ. تۆگە بىلەن يامان ئىش قىلماقچى بولۇپ، تۆگىگە بويى يەتمىسە، پۇتىغا ياغاچ ئاياق باغلاپ، تۆگە بىلەن تەڭلىشىپ يامان ئىش قىپتۇ. شۇڭا جازالاۋاتىمىز» دېدى. مەن «بۇنى تېخىمۇ بەك ئۇرۇڭلار، ماڭا تۆھمەت قىپتۇ. سىلەر ئاگاھ بولۇڭلاركى، خۇدايىتائالانىڭ دەرگاھىدىن قوغلاپ شەيتان بولغان ئازازۇل دېگەن مەن بولىمەن. نۇرغۇن كىشىلەرنى ئالداپ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدىم. ئەمما، بۇنداق ئىشلارنى قىلدۇرماق مېنىڭ كۆڭلۈمگە ھەرگىز كېلىپ باقمىغان» دەپ قەسەم ئىچىپ بەردىم. ئەزەلدىن ئادەم پەرزەنتى بىلەن دۈشمەن بولۇشىمەن. ئادەمگە ھەرقانچە ياخشىلىق قىلاي دېسەممۇ ئۇلار ئۇنىمايدۇ. مانا سىزنى رويى زېمىنغا ئېلىپ چىقاي دېسەم سىزمۇ ئۇنىمايسىز. كوھىقاپنىڭ جاپاسىنى ئون سەككىز يىلدىن كۆپرەك تارتقۇڭىز بار ئوخشايدۇ. ئادەم پەرزەنتلىرى بۇ ئالەمدە قانچە گۇناھ قىلسا، «شەيتاننىڭ ئىشى» دەيدۇ. كىچىك بالىلارمۇ مېنى دۈشمەن كۆرىدۇ. «بىزنى گۇناھ قىلدۇرغۇچى شەيتان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلايدۇ. ئېتىمنى ئاڭلىسا لەنەت ئوقۇيدۇ.

يەنە بىر گەپ، سىز مېھرىنىگار تۇرغان راۋاقتا سالما بىلەن چىقىپ، چۈشىدىغان چاغدا يېرىمغا كەلگەندە سالما ئاغامچىنى كېسىۋېتىشتى. سىز يىقىلىپ چۈشۈپ، پېشانىڭىز يېرىلدى. باشقىلار سىزنى ئەيىپلىگەندە سىز «شەيتاننىڭ ئىشى» دېدىڭىز، خوجا ئەبۇ زەر جۇمھۇر ھەكىمگە ھەم شۇنداق دېدىڭىز. بۈگۈن ئىككىيلەن ئوبدان تېپىشتۇق، قېنى، ئېيتىڭ، چىقىشتا يۆلەپ چىقاردىممۇ، يا مانا ھەمزە كەلدى، دەپ خەۋەر ئېيتتىممۇ؟ كەمەندنى مەن كەستىممۇ؟ ماڭا مانا شۇنداق قىلساڭلار، مەن نېمىشقا سىلەرنى دۈشمەن تۇتماي؟ — دەپ، غەزىپى ئىچىگە پاتماي سۆزلەپلا كەتتى، — ھەي دەججال، مانا، بۇ دۈشمەن كېلىپتۇ، ئۇرغىن! — دەپ ۋارقىرىدى.

ھەزرىتى ئەمىر سول يېنىغا قاراپ، ئولتۇرغان بىر نەرسىنى كۆردى. بەدھەيۋەت بىر مەخلۇق قولىدا بەشيۈز پاتمان كەلگۈدەك بىر جۇۋالدۇرۇز بار، توقۇم تىكىپ ئولتۇراتتى. يېنىدا بىر پاتمان پايتىما ۋە ئېشەك سۈرەتلىك تاغدەك بىر جانىۋار بار بولۇپ، ئۇنىڭ رەڭگى قىزىل مەخمەلدەك، ھەر تال تۈكىدىن خىلمۇ خىل ئاۋاز كېلەتتى. بۇنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ تاقىتى قالمايتتى. پېشانىسىگە: «بۇ ئېشەك دەججالنىڭ ئېشىكى، ئېتى لەئلانىيە دەججال بۇ ئېشەككە مىنىپ، مالىمان چىقىرىدۇ» دەپ يېزىلغانىدى.

دەججال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بىز ئىككىلىمىز ئىنتىزاردۇرمىز، بىزنىڭمۇ ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ۋاقتىمىز كېلىدۇ. شۇ چاغدا ئادەم پەرزەنتىدىن ئىنتىقامىمىزنى ئالىمىز، — دېدى ۋە ئەمىرگە، — سەن نېمە ئادەم؟ ئادەم پەرزەنتىنىڭ بۇ يەرگە كېلىش ھەددى يوق ئىدىغۇ، — دەپ قولىنى ئۇزىتىپ ئەمىرنىڭ ياقىسىدىن تۇتتى. ئالەمنىڭ مەردانىسى ھەزرىتى ئەمىر ئۇنىڭ كەمەر بەندىدىن تۇتتى. ئىككىيلەن شۇنداق تۇتۇشتىكى، دەججال ھەيران قالدى.

ئىككى خەمىكى ئىككى پىلى مەست،
قىلالماي بىر - بىرىن بەند دەست.
بىرى بىرىنى تۇرتەر ئىدى يۈز قەدەم،
بىرى بىرسىنى يەتكۈزەي دەپ ئەدەم.

بىرى قۇدرەتۇللاھ ئەردى ئەرەب،
بىرى لەئىنەتۇللاھ ئەردى نەسەب.
خەلىلنى ئېتىپ ياد ئەمىر ئول زەمان،
بۇ دەججالنى چالدىكى ھەرمەي ئەمان.

دەججالنى يەرگە ئېتىپ قارىۋىدى، ئۇ كۆكسىدىكى بىر تۆشۈكتىن نەپەس ئېلىۋاتاتتى. ئەمىر ئۇنى چىڭ قىستى، نەپەس يولى تۇتۇلدى. ئەمىر ئۇنىڭ ھەلقۇمىغا خەنجەر قويدى ۋە نەچچە مەرتىۋە سۇردى ئەمما تىغ ئۆتمىدى. شەمشەر بىلەن چاپتى. ئۆتمىدى ئىككى قولىقىدىن تۇتۇپ، كۆكسىدىكى تۆشۈكىگە نەيزىسىنى قويۇپ تۇردى. دەججال ئالدىراپ قالدى. شەيتان ئارىغا چۈشۈپ:

— ئەي قۇدرەتۇللاھ، مەنغۇ بىكار كىشى، ئۆزىڭىز ھېرىپ قالىسىز. بۇنىڭغا ئۆلۈم يوق، قويۇپ بىرىڭ. مېنىڭ ھازىرغىچە ئۇرۇشقان ئىككى كىشىنى ئاجىرتىۋاتقىنىم مۇشۇ، — دېدى. دەل شۇ چاغدا:

— بۇنى قويۇۋەت، بۇنىڭ ئەجىلى ھەزرىتى ئەيسانىڭ قولىدا، — دېگەن بىر ئاۋاز كەلدى. ئەمىر بولسا دەججالنىڭ كۆزىگە خەنجەر ئۇرۇپ قارىغۇ قىلىۋەتتى ۋە بۇلاردىن ئايرىلىپ، كەلگەن يولى بىلەن ئارقىسىغا ياندى. يەنە بىر قاراڭغۇلۇقتىن يەتتە كۈندە چىقتى. يا بىر پارچە نان، يا بىر قەترە سۇ يوق، ئاچلىق - تەشنالىقتا تاقىتى قالماي ماڭدى. كۆزىگە، قولاق، بۇرۇنلىرىغا توپا كىرىپ، ئاخىرى ئۆزىنى ئۆلۈمگە تىكىپ يەرگە يىقىلدى.

## پەسلى داستان، مەلىكە ئاسىمانىڭ ئەمىرنى ئېسىگە ئېلىپ ئۇنى ئىزدەتكەنلىكى

مەلىكە ئاسىما كوھىقاپتا ئويناپ يۈرۈپ، ئەمىرنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويدى. بىر كۈنى ئولتۇرۇپ، ئۇنى خىيال قىلىپ قالدى. «بىر يىل بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭدىن خەۋەر ئالماپتىمىز، قايسى ئىقلىمدا يۈرۈيدىغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ، موللا ئابدۇررەخمان ئاخۇنغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ:

— بىر قۇرئە سېلىپ بېقىڭ، ئەمىر ھەمزە قايسى تەرەپتە يۈرىدىكىن؟ — دېدى.

— ئەي مەلىكە، — دېدى موللا، — يامان ئىش قىپسىز، ئۇ مۇستاپانىڭ يولىدىكى ئادەم ئىدى. يەر يۈزىدە ئىسلام ئېچىپ يۈرەتتى، بىزنىڭ ئۇنىڭغا ھاجىتىمىز چۈشۈپ، ئېلىپ كەلگەنىدۇق. ئەگەر، ئۇ سالامەت بولسا، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق قىلماي ئۇنى قايتقىلى قويۇڭ، بۇنداق جەۋرى- سىتەم ئۆزىگە ياندۇ، — دېگەندىن كېيىن قۇرئە سالدى. قۇرئەغا نەزەر سېلىپ،

— ئەي ئاسىما، ئۇ بۇزرۇكزادىنى بەك ئاۋارە قىلىپسىز. ئەمدى، رۇيى زېمىندا كىم ساھىبقىرانلىق سالاھىنى تەرتىپكە سالار؟ كىممۇ مۇستاپا يولىنى تۇتۇپ، بۇتپەرەس، ئاتەشپەرەسلەرنىڭ دىنىغا بەرھەم بېرىپ، ئىبراھىمنىڭ دىنىنى يورۇتار؟ — دېدى. مەلىكە قورقۇپ يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئەي ھەكىم، راستىنى ئېيتىڭ ئەمىرگە نېمە بوپتۇ؟ ئۆلۈكمىكەن، تىرىكمىكەن؟ — دېدى.

— ئۇ بۇزرۇكزادە باياۋانى خاكىستەرگە چۈشۈپتۇ. ئۆلۈشكە ئاز قاپتۇ، — دېدى

موللا ئابدۇرەھمان.

مەلىكە ئاسىيما، موللا ئابدۇرەخمان ۋە باشقا ھېرقانچە دىۋە پەرىلەر ئۇنى ئىزدەپ ماڭدى. ئۇلار كەلگەندە، ئەمىرنىڭ جېنى ئاز قالغانىدى. موللا ئابدۇررەخمان ئەمىرنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ تىزىدا قويدى ۋە ئېغىز - بۇرنىنى ئېرتتى. ئاغزىغا سۇ تېمىتتى. ئەمىر كۆزىنى ئېچىپ بېشىدا تۇرغان ئاسىيمانى كۆردى. ئاسىيما ئەمىرنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ:

— تۆۋە قىلدىم، ئەمدى گۈلىستانى ئىرەمگە بارايلى، سىزنى ئادەمىزادنىڭ ئارىسىغا ئاپىراي، — دېدى.

ئەمىر خۇشاللىنىپ، گۈلىستانى ئىرەمگە كېلىپ مەجلىس تۈزدى. ئاسىيما گاھىدا ئەمىرنى تەختكە چىقىرىپ. ئۆزى. باشقا پەرىلەر بىلەن كوھىقاپنى سەير قىلاتتى. ئالتە ئاي ئۆتتى. ئەمىر روزنامىگە قاراپ بۇ يەرگە كەلگىنىگە ئىككى يىل بولغانلىقىنى بىلدى. ئەمىر:

— ئەي ئاسىيما، ئۇ جانۇ جاھانىمغا نېمە بولدى، دىلشەكىرىمنىڭ بېشىغا نېمە بالالار كەلدىكىن؟ — دېدى. ئاسىيما دېدى:

— ئەي ئەمىر، سىز مېھرىنىگارغا ئاشىق، مەن سىزگە ئاشىق. سىز ئۇنىڭ ۋەسلىنى تىلەيسىز، مەن سىزنىڭ ۋەسلىڭىزنى تىلەيمەن. مېنى پارە - پارە قىلىۋەتسىڭىزمۇ، سىزنى ئادەمىزادقا ۋە يا ئەفرىتكە بۇيرۇمايمەن، تاكى مېنىڭ مۇرادىمنى ھاسىل قىلمىغۇچە سىزنى ھېچكىمگە بەرمەيمەن.

ئەمىرنىڭ ئاچچىقى كەلدى، بۇنىڭدىن بىر ئىش ھاسىل بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، خۇدايىتائالاغا تەۋەككۇل قىلىپ، يولغا قەدەم قويدى. ئەمما، ئۇ نەگە بېرىشنى بىلمەيتتى.

راۋىلار ئېيتۇركى، خوجا ئۇمرى مەككىدە ھەر كۈنى زۇفىن بىلەن جەڭ قىلاتتى. بىر كۈنى مەلىكە دېدى:

— سىز ئەمىر ئالتە ئايدىن كېيىن كېلىدۇ، دېگەن ئىدىڭىز، ئالتە ئاي بوپتۇ، قېنى كەلگىنى؟

— ئەي مەلىكە، — دېدى خوجا ئۇمرى يىغلاپ، — سىزنى بىتاقەتلىك قىلىپ، ئۆزىنى پارە - پارە قىلىۋېتەرمىكىن، دەپ قورقۇپ، كۆڭلىڭىزگە تەسكىن بېرىش ئۈچۈنلا بۇ ئالتە ئايلىق روزنامىنى ئېلىپ كەلگەنىدىم، — دەپ، يەنە بىر روزنامىنى چىقىرىپ، مەلىكىنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇ ئون سەككىز يىلدىن كېيىن كېلىدۇ، دېگەن روزنامە ئىدى. بۇنى كۆرگەن مەلىكە ئاھ تارتىپ، بىھۇشلىنىپ يىقىلدى. بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ:

— ئەي خوجا ئۇمرى، مەن بۇنىڭغا ئۇنىمايمەن. ئون سەككىز يىلغىچە رىيازەت چېكىدىكەنمەن. ئەبۇلئالى كوھىقاپتا پەرىزادلار بىلەن ئەيشى - ئىشرەتتە يۈرسە يۈرىۋەرسۇن، مەنمۇ دادامنىڭ قېشىغا كېتەي، — دېدى.

خوجا ئۇمرى يىغلاپ، مەلىكىنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى:

— ئەي مەلىكەم، مېنى شەرمەندە قىلماڭ، ئون سەككىز يىلمۇ ئۆتۈپ كېتەر، — دەپ تولا يىغلىدى. مەلىكىنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كېلىپ:

— ئەي خوجا ئۇمرى، ئۇنداق بولسا، سىز بىلەن شەرتلىشەي، شەرتىمنى قوبۇل قىلسىڭىز، سىز بىلەن قالاي، قوبۇل قىلمىسىڭىز يوق، — دېدى.

— قېنى، بۇيرۇڭ، — دېدى خوجا ئۇمرى.

— ئەگەر ئەمىر كوھىقاپتىن كېلىپ، مېنى نىكاھىغا ئالسا، خۇدايىتائالا مەندىن بىر ئوغۇل بەرسە، ئۇ ئوغلۇمنى ئەمىر ئۆز ئورنىدا پادىشاھ قىلسا، ئاندىن سۆزىڭىزنى قوبۇل

قىلاي، — دېدى مەلىكە. خوجا ئۇمرى ماقۇل بولدى. مەلىكە يەنە:

— ئەي خوجا ئۇمرى، تىرىكلا بولىدىكەنمەن ئەمىرنىڭ يادىدا ئولتۇرۇرمەن، — دېدى

بىر يىل ئالتە ئاي بولدى. بۇ چاغدا ئاشلىق تۈگەپ، خەلقنىڭ يەيدىغان ئاشلىقى قالمىدى. بىر سىقىم ئۇن تېپىلمايۋاتقىلى خېلى بولدى. نۇرغۇن خەلق ئاچارچىلىقتىن ئۆلدى. بىر-بىرىگە رەھىم - شەپقەت قالمىدى. خەلق تىلەمچىلىك قىلىش ھالىتىگە چۈشۈۋاتاتتى.

بىر كۈنى خوجا ئۇمرى سېپىل ئۈستىگە چىقتى. بەختەك خوجا ئۇمرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا دېدى:

— ئەي خوجا ئۇمرى، بوينىڭىزغا ئالغىنىڭىز نېمە جاپالار ئۇ؟ خەلقنىڭ ۋابالى كىمگە بولىدۇ؟ ئەڭ ياخشىسى، مەلىكىنى بىزگە بېرىپ، راھەتتە ئۆتمەمسىز؟

— مەنمۇ، «ئەمىر كەلمەيدىكەن» دەپ ئاڭلىدىم، — دېدى خوجا ئۇمرى، — ئەمما، مەلىكىنى ھەرگىز سىلەرگە بەرمەيمەن، ئۆزۈم ئېلىپ كېتىپ پادىشاھقا نەۋكەر بولىمەن. سىلەر لەشكەرلەرگە قەلئە ئەتراپىدىن كۆچۈپ كېتىشنى بۇيرۇڭلار، مەن مەلىكىنى مەپىگە سېلىپ، ئارقاڭلاردىن ئېلىپ باراي. مەلىكىنىڭ مەپىسىگە نامەھرەملەرنىڭ كۆزى چۈشمەسۇن، — دەپ، بەختەككە لات مەناتتىن[1] قەسەم ئىچكۈزدى. بەختەك قەسەم ئىچتى. ئۇ لەشكىرىنى مەككىدىن كۆچۈرۈپ مەدايىنغا يۈرۈپ كەتتى. ئەمما، خوجا ئۇمرى ئۇمرالىرىغا:

— بۇ يەردىن چىقساق نەگە بارارمىز؟ — دېدى.

ئۇمەر مەئدەكەرەپ:

— ئاتامدىن «بىر يىللىق ئاشلىق يىغدىم، لەشكەرنىمۇ يىغدىم، مېنىڭ قېشىمغا كېلىڭلار» دەپ خەت كەپتۇ، — دېدى.

خوجا ئۇمرى مەلىكىنى مەپىگە سېلىپ، ئۆي قىزلىرى ۋە مۇقبىل قاتارلىق ئون كىشى بىلەن يېرىم كېچىدە راۋاھىلغا يولغا سالدى. يەنە بىر مەپە تەييارلاپ، بىر قېرى دىدەكنى ياساندۇرۇپ ئۇ مەپىگە سالدى. ئۇلارنى شەھەردىن ئېلىپ چىقىپ، بەختەكنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەي خوجا بەختەك، — دېدى ئۇ، — ئىلگىرى بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى، مەن پادىشاھنىڭ قۇلى بولدۇم. پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بولىمەن. سىزمۇ ئىنايەت قىلىپ، بۇ خەلقنى ئىلگىرىرەك ئېلىپ بارسىڭىز، — دېدى.

بەختەك خۇشال بولۇپ، يولغا چىقىپ كەتتى. بەش كۈن بولغاندا كېلىپ، بىر يەرگە چۈشتى. مەلىكە مۇقبىل بىلەن كېتىپ باراتتى. مەلىكىنىڭ قېشىدا ئاشىقى بار بىر دىدەك بار ئىدى. مەلىكە ئۇنى ئاشىقىدىن توسايتتى. كېچىدە بۇ ئاشىق - مەشۇقلار تېپىشىپ قاچتى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى بەختەككە خەۋەر يەتكۈزۈش ئىدى. بۇ چاغدا زۇفىن شىكاردا ئىدى. قاچقان دىدەك بىلەن ئۇلار ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇلار زۇفىنغا «مەلىكە راۋاھىل تەرەپكە كەتتى» دەپ ئېيتىپ قويۇشتى. زۇفىن يەنە بىر مەپىنى ئېلىپ راۋاھىل تەرەپكە ماڭدى. ئەتىسى بەختەك بۇ ئىشنى بىلىپ، ھورمۇز بىلەن بىرلىشىپ مۇقبىللارنىڭ كەينىدىن ماڭدى. مۇقبىل بىلەن ئۇمەر مەئدەكەرەپ مەلىكىنى قەلئەگە يېقىن ئېلىپ كەلگەنىدى. ئارقىسىدىن زۇفىن بەش مىڭ كىشى بىلەن يېتىپ كېلىپ ئۇرۇشتى. ئۇمەر مەئدەكەرەپ قەلئەگە قېچىپ كىرىپ، ئىشىكنى ئېتىۋالدى. مۇقبىلنىڭ نۇرغۇن ئادەملىرى ئۆلدى. ئۆزىمۇ زەخىملەندى.

---

[1] لات مەنات ـ ئەرەبلەرنىڭ ئىسلامدىن بۇرۇنقى داڭدار بۇتلىرى

مەپە كۆتۈرگۈچىلەرمۇ ئۆلۈپ، مەپە يەردە قالدى. بۇ چاغدا، زۇفىنىنىڭ ئادەملىرى يېتىپ كەلدى. مەلىكە ئىچىۋېلىشقا زەھەر تەييارلىدى، لېكىن ئېنىك ئانىسى:

— سەۋىر قىل، ئالدىرىما، قاچان خالىساڭ ئىچىسەن، — دەپ ئىچكىلى قويمىدى.

شۇ ئەسنادا، خوجا ئۆمەرنىڭ ئاق ئارغىمىقىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپلا خوجا ئۆمەرمۇ يېتىپ كەلدى ۋە زۇفىنىنى مەپە ئالدىدىن تاش بىلەن ئۇرۇپ قوغلىۋەتتى - دە، مەپىنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى. زۇفىن نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇراتتى. ھورمۇز ئارقىدىن كېلىپ، قورشىۋالدى. زۇفىن قەلئە دەرۋازىسىغا چاڭ سالدى. ئەھراق بولسا شورىغا يېقىنلىشىپ قالدى. خوجا ئۆمەرى ئالدىراپ قالدى. گاھى دەرۋازىغا، گاھىغا شورىغا يۈگۈرەتتى. مۇقبىل ياردار ئىدى. ئەھراق بىرلا سەكرەپ ئۆزىنى قەلئەگە ئالدى. ئۆمەرالارنىڭ ھەممىسى زەخىمدار بولدى. دەل شۇ چاغدا بىر چاڭ پەيدا بولۇپ، لەيس ئىبنى مۇزەپپەر مىسرى ۋە سەرھەڭ قاسساپ، زوھرايى مىسرى قاتارلىقلار مىسىرنىڭ خەزىنە - دەپىنلىرىنى ئېلىپ، يېتىپ كەلدى. لەيس ئىبنى ئىمران ھېلىقى شورىدىن قەلئەگە كىردى ۋە ئەھراقنى چېپىپ، پارە- پارە قىلدى. زۇفىنىنى قەلئەنىڭ دەرۋازىسىدىن قوغلىدى، زوھرايى قەلئەگە كىرىپ، مىسىرنىڭ خەزىنىلىرىنى مەلىكىگە ئىنئام قىلىپ، مەلىكىنىڭ خىزمىتىدە بولدى. لەيس ئىبنى ئىمران خوجا ئۆمەرگە تەھسىن - ئاپىرىنلار ئېيتتى.

ئەلقىسسە: ئەمىر ئاسىيمانىڭ ئالدىدىن ئاچچىقلىنىپ چىقىپ، ئون بىر كۈن يول يۈرۈپ، بىر يەرگە يېتىپ باردى ۋە ئۇ يەردىكى شاھ سۇپىغا چىقىپ ئولتۇراتتى. تويۇقسىز بىر دىۋە پەيدا بولۇپ، ئەمىر بىلەن تۇتۇشتى. ئەمىر ئۇنى يېڭىپ مۇسۇلمان قىلدى. ئاندىن، ئەمىر ئۇنىڭ ئالدىدا يىغلاپ:

— ئەي دىۋە، مېنى ئادەمىزاد ئارىسىغا چىقىرىپ قويساڭ، — دېدى. دىۋە قوبۇل قىلدى ۋە:

— تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن تەخت ئېلىپ كېلەي، — دەپ كېتىپ قالدى. ئەمىر ئۇنى بەش كۈن ساقلىدى، لېكىن ئۇ قايتىپ كەلمىدى. ئەمىر يولغا راۋان بولۇپ بىر تاغنىڭ باغرىغا كەلدى. ئۇ تاغدىن بىر ئاۋاز كېلەتتى. ئەمىر قۇلاق سالسا: «كىشىنى ئاشىقسەن، دەپ، ئۆلتۈرەمدۇ؟» دەۋاتاتتى. ئەمىر تاغدىكى ئۆڭكۈرگە كىردى. ئۇ يەردە تۆت نەپەر دىۋە بار بولۇپ، ئۇلار ھەممىسى ئۈچ كۆزلۈك ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە ئوخشاش بىر دىۋىنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ تۇراتتى. ئەمىر ئۇنىڭ باشلىقىنى كۆرۈپ، سورىدى:

— ئۇنى نېمىشقا ئۆلتۈرۈسىزلەر؟

— ئەي يىگىت، دېدى ئۇلار، — بۇ يېقىندا شەھىرى سەچەشمان، دەپ بىر شەھەر بار ئىدى. پادىشاھىنىڭ ئېتى ئىدرىس سەرچەشمى ئىدى. ئۇنىڭ لانسائ سەرچەشمى ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىدى. بۇ دىۋە شۇ قىزغا ئاشىق. «ئاشىقلىقىڭنى تاشلا» دەپ قانچە دېيىمىز، تاشلىمايدۇ. پادىشاھىمىز بىزگە: «ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار» دەپ بۇيرۇغان.

— ئەي دىۋە، — دېدى ئەمىر، — ماڭا تەخت ئېلىپ كېلىمەن دەپ، يالغان ئېيتىپ مېنى نۇرغۇن ئاۋارىچىلىققا سالدىڭ، تەختنىمۇ ئېلىپ كەلمىدىڭ، — دېدى.

— تەختنىڭ غېمىدە ئىدىم، بۇ بالاغا گىرىپتار بولدۇم.

ئەمىر ئۇ دىۋىلەرگە دېدى:

— مېنىڭ خاتىرەمدىن، ئۇنى ئۆلتۈرمەڭلار، ئۇ ئاشىقلىقنى تەرك قىلسۇن. ئۇلار ماقۇل بولۇپ قويۇپ بەردى. ئەمىرنى شەھەرگە ئېلىپ كىردى. ئىدرىس سەرچەشمى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، ئەمىرنى تەزىم بىلەن قەسىرگە ئېلىپ كىردى. زىياپەتتە دورا بېھۇش

بېرىپ، ئەمىرنى بەندكە تارتتى. شۇ كېچىسى دىۋىنىڭ قىزى چۈشىدە ھەزرىتى ئىبراھىم پەيغەمبەرنى كۆرۈپ، بىشارەت تېپىپ، مۇسۇلمان بولدى. ئەمىرنى باغلاقتىن قۇتقازدى.

ئەمىر قىزنى ئەگەشتۈرۈپ شەھەردىن چىقىپ، ئۈچ كۈن يول يۈردى. قىزنىڭ پۇتلىرى قاپىرىپ ماڭالماي قالغاندا، ئەمىر ئۈششىنىسىدە كۆتۈردى. ئەمىر شۇ ھالدا قىزنى ئۈچ كۈن كۆتۈرۈپ يۈردى. (شۇ سەۋەبتىن، خۇدايىتائالا بۇ قىزنىڭ قورسىقىدىن بىر ئات پەيدا قىلىپ بېرۇر، ئەمىر شۇ ئاتقا مىنىپ، يۈز يىگىرمە بەش يىل غازات قىلۇر) . بىر كۈنى جاڭگالدىن توقۇغلۇق بىر ئۆي چىقتى. ئەمىر ئۇنى تۇتۇپ، لانسائىنى ئۇنىڭغا مىندۈرۈپ، ئارغامچىسىدىن يېتىلەپ ماڭدى. ئۇلار ماڭا - ماڭا بىر سۇ بويىغا يەتكەندە، ئەمىر ئۆينىڭ ئارغامچىسىنى قىزغا تۇتقۇزۇپ بەردى. ئۆزى تارراق بىر جايدىن ئاتلاپ ئۆتمەكچى بولدى. شۇ چاغدا ئۆي بىردىنلا، قىزنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئەمىر يالغۇز قالدى. نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، بىر غارغا يېتىپ باردى. ئۇ غارغا كىرگەندى، لانسائ ئاشۇ يەردە بىر دىۋىنىڭ ئالدىدا زارلىنىۋاتاتتى. لانسائ ئەمىرنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، بۇ قارا يۈز ئەسلىدە دىۋە ئىكەن، مېنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى، — دېدى.

— ئەي دىۋە، — دېدى ئەمىر، — سەن مېنى ئادەمىزاد ئارىسىغا ئاپىرىپ قويغىن.

— بولىدۇ. سەن لانسائىقا ئېيىقىن، ئۇ مېنى ئۆزىگە قوبۇل قىلسۇن، — دېدى دىۋە.

— دىۋە ھەر سۈرەتتە بولىدۇ. — دېدى لانسائ، — ئۇنىڭ قايسى شەكلى ماڭا ياقسا، شۇ سۈرەتتە بولۇپ كەلسۇن، مەن قوبۇل قىلاي، — دېدى.

دىۋە بېرىپ، تەخت ئېلىپ كەلدى. ئەمىر بىلەن لانسائىنى كۆتۈرۈپ ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ، بىر كونا چاھار باغقا ئېلىپ چۈشتى ۋە «بىر سائەت ئارام ئېلىۋېلىپ، ئاندىن ماڭاي» دېدى. ئەمىر ئۇخلاپ قالدى. لانسائ سۇ بويىغا كېلىپ، قولىنى يۇماقچى بولۇپ تۇراتتى. گۈلزارلىق ئىچىدىن تۆت خاللىق بىر ئات چىقىپ كەلدى. لانسائ ئۇنىڭغا زوقلاندى. ئات زۇۋانغا كېلىپ: «ئىزياش دىۋە دېگەن مەن بولىمەن» دېدى. لانسائ بىلەن ئىككىسى شۇ يەردە تېپىشتى. بىر ئازدىن كېيىن بۇ جايغا ئاسىما پەرى يېتىپ كەلدى ۋە ھەر ئىككىلىسىنى ئاپىرىپ بەنتكە تارتتى. ئەمىر ئويغاندى. قارىسا ئەتراپىدا ھېچكىم يوق ئىدى. ئەمىر باغدىن چىقىپ، يىگىرمە بەش كۈن يول يۈرۈپ، سەرگەردان بولدى. تەشنالىقتا ئۇنىڭ جىگەرلىرى قۇرۇپ، ئۆز ئۆلۈمىنى كۈتۈپ يەرگە ئۆزىنى تاشلاپ ياتتى.

بىر چاغدا ئەمىرنىڭ پىشانىسىگە بىر قول تەگدى. ئەمىر كۆزىنى ئېچىپ، ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالامنى كۆردى. خىزىر ئەلەيھىسسالام ئەمىرگە بىر جام سۇ بىلەن بىر نان بەردى ۋە:

— قاچان موشۇ ناننى يەپ تۈگەتسىڭىز، شۇ چاغدا ئادەمىزاد ئارىسىغا چىقىسىز، — دېدى. ئەمىر:

— مەن ھازىرلا يەي، — دەپ ناننى تۆت پارە قىلىپ بىرىنى سۇغا سالدى، ئۈچ پارچىسىنى قوينىغا سالدى. بىر چاغدا قارىسا، نان يەنە پۈتۈنلىنىپ قاپتۇ. ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام:

— ئەي ئەبۇلئالى، خۇدايىتائالانىڭ تەقدىرى شۇكى، ئاسىمانى ئەمرىڭىزگە ئالمىسىڭىز، ئادەمىزاد ئارىسىغا ھەرگىز چىقالمايسىز، — دەپ غايىب بولدى.

بىر زاماندىن كېيىن، ئاسىما پۈتۈن خەلقى بىلەن پەيدا بولدى. ئۇ ئەمىرگە يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇرۇپ، ئۇنى يەنە گۈلىستانى ئىرەمگە ئېلىپ كەلدى. موللا ئابدۇرەخمان جىننى:

— مەن يۇلتۇزلارنىڭ هۆكمىدە كۆردۈمكى، سىز ئاسيمانى ئالمىسىڭىز بولمايدۇ، —
دېدى. ئەمىر ماقۇل بولدى. ئاخىرى ئۇلارنىڭ تويىنى قىلدى. ئەمىر بىلەن ئاسيما
بىر - بىرىدىن مۇرادلىرىنى هاسىل قىلىشتى، ئەمىر يەنە ئاسيماغا:
— مېنى يا ئەفرىتنىڭ جېڭگە سېلىڭ، يا ئادەمىزاد بار جايغا ئەپچىقىپ قويۇڭ، — دېدى.
— سەۋر قىلىڭ، — دېدى مەلىكە، — قاراپ باقاي، قورسىقىمدا هامىلە بارمۇ-
يوقمۇ بىلىپ باقايلى.
بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئاسيمانىڭ هامىلدار ئىكەنلىكى بىلىندى. ئەمىر يەنە:
— مېنى بىر يەرگە بۇيرۇڭ، — دېدى.
— سەۋر قىلىڭ، — دېدى يەنە ئاسيما، — مەن يەڭگىۋالاي، بالىمىز ئوغۇلمۇ-
قىزمۇ؟ شۇنى بىلگەندىن كېيىن، نەنى خالىسىڭىز شۇ يەرگە بېرىڭ.
ئاخىرى ئاسيما ئۈچ ئايدىن كېيىن تۇغدى. بالا قىز ئىدى. ئېتىنى مەلىكە قۇرەيش
سۇلتان پەرى قويدى. ئەمىر يەنە:
— مېنى بىر يەرگە ئەۋەتىڭ. — دېدى: ئاسيما:
— مەن «ئادەمىزاد دېگەن چىدامىلىق» دەپ ئاڭلىغانىدىم، سىز نېمىشقا سەۋر قىلمايـ
سىز؟ بۇ بالىڭىزنىڭ ئايىغى چىقسۇن. تىلى چىقسۇن، ئۇنىڭدىن: «ئاتاڭنى تونۇمسەن؟» دەپ
سوراپ باقاي، ئەگەر ئۇ: «تونۇيمەن» دېسە، نەگە بارسىڭىز بېرىڭ، — دېدى.
— ئۇ، قاچان سۆزلەيدۇ؟ — دەپ سورىدى ئەمىر.
— پەرىزاد ئالتە ئايدا سۆزلەيدۇ. — دېدى ئاسيما. ئەمىر ئامالسىزلىقتىن سەۋر
قىلدى. قۇرەيش سۇلتان پەرى ئىككى ياشقا كىردى. بىر كۈنى ئەمىر مىهرىنگارنى ئەسلەپ
يىغلاپ تۇرۇپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

فىراقىڭ ۋادىسىدا زارۇ سەرگەرداں قالىپدۇرمەن،
نەيەڭلىغ نەيلەرىمنى بىلمەيىن هەيران قالىپدۇرمەن.
سەرۇ سامان هەدىسىن ئىشق ئارا مەندىن سوئال ئەتمەك،
كى مەن بۇ ۋادە ئىچرە بىسەرۇ سامان قالىپدۇرمەن.
هەياتىمدىن ئۇمىدى ئىلتىماس ئەتمەڭكى، ئەي ئەهباب،
نىگارىمدىن جۇدا بولغاچ تەنى بىجان قالىپدۇرمەن.

قۇرەيش سۇلتان پەرى ئاتىسىنىڭ يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ سورىدى:
— نېمىشكە يىغلايسىز؟
— ئەي بوتام، — دېدى ئەمىر، — ئاناڭ مېنى ئادەمىزاد ئارىسىدىن ئون سەككىز
كۈنلۈك مۆهلەت بىلەن ئېلىپ كەلگەنىدى. تۆت يىل بولدى. يا ئەفرىتنىڭ جېڭگە سالمىدى.
ياكى ئادەمىزادنىڭ ئارىسىغا ئاپىرىپ قويمىدى.
قۇرەيش سۇلتان خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ، ئانىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ:
— ئەي ئانا، خۇدادىن قورقامسىز؟ ئاتامنى ئەفرىتنىڭ جېڭگە بۇيرۇڭ، بولمىسا
ئۆزۈمنى ئۆلتۈرىمەن، — دېدى. ئاسيما قىزىنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلدى. ئەمما، موللا
ئابدۇرەخمان جىننى:
— ئەبۇلئالىنىڭ ئەفرىتنى ئۆلتۈرۈشىنىڭ نىشانىسى (ئاچقۇچى) شۇكى، ئەفرىت

سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ بەندىدىن قاچاندا، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا بىر ھاسا بار ئىدى. ئۇ ھاسىنى يەرگە تىكىپ: «مېنىڭ بۇ ھاسام بىر چىنار بولىدۇ. چىنار كامالىغا يەتكەندە زور بىر دەرەخ بولىدۇ. ھەركىم بۇ چىنارنى كېسۋەتسە ئەفرىتنىڭ كۆشەندىسى شۇ بولىدۇ. چۈنكى، بۇچىنار ئەفرىتنىڭ قەددى بىلەن تەڭدۇر» دېگەن، — دېدى.

ئەمىر ئۇ چىنارنى كېسۋەتتى. دېمەك بۇ ئىشنىڭ ئەمىرنىڭ قولىدىن كېلىدىغانلىقىنى بىلىشتى. ئاسىما بۇيرۇپ، تەخت كەلتۈردى. ئەمىرنى ئولتۇرغۇزۇپ، تۆت دىۋە كۆتۈرۈپ بېرىپ، بىر تاغنىڭ ئۈستىدە قويدى.

— بۇ كۆرۈنگەن نېمە ئوت؟ — دەپ سورىدى ئەمىر.

— بۇ ئوت ئەمەس، — دېدى دىۋىلەر، — شەھرى زەررىن (ئالتۇن شەھەر) دېگەن شۇ. بۇ خۇدايىتائالا سۇلايمان پەيغەمبەر ئۈچۈن ياراتقان شەھەردۇر. ئەفرىت شۇ يەردە تۇرىدۇ. بۇ يەرگە كېلىشكە ھېچكىمنىڭ ھەددى ئەمەسىدى. سىزنىڭ كۈچىڭىزنى دەپ كەلدۇق، — دېدى.

— ئەمىسە، — دېدى ئەمىر، — سىلەر تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن چۈشەي، دىۋىنى كۆرسەم ئۈچ نەرە تارتىمەن. ئۈچىنچى نەرىنى ئاڭلىساڭلار، مېنىڭ قېشىمغا كېلىڭلار. مەن دىۋىنى ئۆلتۈرگەن بولىمەن. ئەگەر، ئۈچىنچى نەرەم ئاڭلانمىسا، پەرزەنتلىرىمگە سالام دەڭلار، — دەپ تاغدىن چۈشۈپ، شەھەرگە يېقىنلاشتى. شەھەرنىڭ چۆرىسى ئون سەككىز پەرسەڭ يەرگىچە قىزىل ئالتۇندىن ئىدى. ئۇ شەھەر دەرۋازىسىدىن كىردى. ھەيۋەتلىك دەرۋازىلار، ئالىي ئۆيلەر، راۋاق - قەسىرلەر، بازار - دۇكانلار، ساراي، چارسۇ، گۈمبەزلەرنىڭ ھەممىسى ئالتۇندىن ئىدى.

ئەمىر ھەيران قالدى. بۇ شەھەردە ھېچ نەرسىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئەمىر مېڭىپ - مېڭىپ ئايلىنىپ دەرۋازىدىن چىقتى. يىراقتا چاھار باغ كۆرۈنەتتى. ئۇ يەردىن ناغرا - كارنايلارنىڭ ئاجايىب - غارايىب ئاۋازلىرى كېلەتتى. ئەمىر: «شۇ يەرگە بېرىپ باقايچۇ» دەپ ماڭدى. باغقا كىرىپ، بىر قەسىرنى كۆردى. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى ئاسمان بويى كېلەتتى. ھېلىقى ئاۋازلار شۇ يەردىن كېلەتتى.

ئەمىر قەسىرگە كىردى. ئەفرىت قەسىرنىڭ ئىچىدە يېتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. بايىقى ناغرا، كارنايلاردەك ئاۋازلار شۇنىڭ خورەك ئاۋازى ئىدى. بۇ دىۋىنىڭ قەددى يۈز يىگىرمە گەز كېلەتتى. بېشى ئۇ بۇلۇڭدا، پۇتى قەسىردىن تۆت - بەش نەيزە ئۇزۇنلۇقتا چىقىپ تۇراتتى.

ئەمىر ئۇنى ئۇيقۇلۇقتا ئۆلتۈرەي دەپ ئويلىنىپ يەنە ئىككىلىنىپ قالدى. «ئادەمىزادنىڭ قېشىغا چىققاندا، ئۇلار ئەفرىتنى قانداق ئۆلتۈردىڭىز؟ دەپ سوراپ قالسا، ئۇرۇشۇپ ئۆلتۈردۈم، دېسەم يالغانچى بولۇپ قالىمەن، يالغانچىلىق ماڭا ھارام» دەپ ئويلاپ، قاتتىق ئاۋازدا ۋارقىرىدى. دىۋە ھەرگىز ئويغانمىدى. چۈنكى، دىۋە قىرىق كېچە - كۈندۈز شىكار قىلىپ، ئۇخلىغىلى يىگىرمە كۈن بولغانىدى. ئەمىر ئۆيدىن سىرتقا چىقىپ، ئۇنىڭ تالاغا چىقىپ تۇرغان تاپىنىغا خەنجەر ئۇرغاندا ئاندىن دىۋە ئويغاندى. دىۋە ئەمىرنى كۆرۈپ، يەنە كۆزىنى يۇمدى ۋە خورەك تارتىشقا باشلىدى. ئەمىر ئۇنىڭ پۇتىغا يەنە خەنجەر ئۇردى. دىۋە ئويغىنىپ قوپۇپ، ئۆيدىن چىقىپ:

— پۇتۇمنى چېقىپ ياتقىلى قويمايسەنغۇ؟ ئېزىقىپ يولۇڭنى يۇتتۇرگەن بولساڭ، يولۇڭنى تېپىۋال، — دېدى.

ئەمىر كۆردىكى، ئۇ بېلىگە لەنگۆت باغلىۋالغان بولۇپ، ئىككى قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇناردەك مۆڭگۈزى بار ئىدى. بېشىدا ئات قۇيرۇقىدەك كوكۇلىسى بار بولۇپ، دولىسىنىڭ ئارىلىقىغا يېيىلىپ تۇراتتى. ساقىلى ئۇن يەتتە گەز كېلەتتى. مۆڭگۈزىنىڭ ئۇچىغا بىر گۆھەر قادىۋالغانىدى. پارقىراقلىقى قۇياشتىن كۈچلۈك ئىدى.

— ئەي مەلئۇن! — دېدى ئەمىر، — مەن يولنى خاتا ماڭغىنىم يوق مەن ئاسىيما پەرىنىڭ ئېرىدۇرمەن. سەن بىلەن جەڭ قىلغىلى كەلدىم! بەبرى بيشەگى سىيەھبۇمنى ئۆلتۈرۈپ، دىۋە سەفىدىنمۇ ئۆلتۈردۈم، ئەمدى سېنى ئۆلتۈرگىلى كەلدىم!

دىۋە قاقاقلاپ كۈلگىنىچە قەسىرنىڭ ئارقىسىغا بېرىپ «ۋالەئى شەدداد» ناملىق ئىنتايىن كۈچلۈك بىر نەيزىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئېغىرلىقى ئۈچيۈز پاتمان ئىدى. ئۇ يەنە ئۈچيۈز پاتمان تاشنى ئۇنىڭغا باغلىۋالغانىدى. ئۇ نەيزىنى ئەمىرگە ئۈچ مەرتىۋە سالدى. ئۈچىلىسى بىكار كەتتى. تۆتىنچى نۆۋەت سالغاندا، ئەمىر «ۋالەئى شەدداد» نى كېسىپ توغرىۋەتتى. دىۋە يەنە بېرىپ، بەشيۈز پاتمان ئېغىرلىقتىكى ۋالەئى شەددادنى ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭغىمۇ بەشيۈز پاتمان تاشنى باغلىغانىدى. ئەمىر بەش قېتىم ئۇرۇش بىلەن ئۇنىمۇ كېسىۋەتتى. دىۋە بېرىپ، يەتمىش تۈپ دەرەخنى يۇلۇپ ئەپكېلىپ، ئۇلارنى بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئەمىرگە سالدى. توققۇزىنچى نۆۋەتتە ئەمىر ئۇنىمۇ بىكار قىلىۋەتتى. ئاخىرى دىۋە بىر تاش سۇپىنى قومۇرۇۋېلىپ، ئەكېلىپ ئەمىرنىڭ بېشىغا ئاتتى. ئەمىر ئۇ تاشقا بىر پەشۋا سېلىۋىدى، تاش ئۇچۇپ بېرىپ، كۆلگە چۈشۈپ، كۆل يېپىلىپ قالدى. دىۋە قېچىپ كەتتى. ئەمىر قوغلاپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەتتى ۋە بىر نەرە تارتىپ، بېلىگە شۇنداق ئۇردىكى، دىۋە ئەفرىت ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى. لېكىن ئۇ يەنە قاقاقلاپ كۈلەتتى.

— بۇنداق چاغدا نېمە سەۋەبتىن كۈلىسەن؟! — دەپ سورىدى ئەمىر.

— ئەي ئادەمىزاد، كىشىلەر دىۋىنىڭ ئىشى تەتۈر دەپ راست ئېيتىپتىكەن، بىز يىغلايدىغان مەزگىلدە مۇشۇنداق كۈلىمىز، كۈلىدىغان چاغدا يىغلايمىز، — دېدى دىۋە، — ئەي پەھلىۋان، مەن كۆپ ياشىدىم. ئەمما دۇنياغا كۆز ئاچقىنىم مۇشۇ بولدى. جان ئاچچىقى يامان ئىكەن. ھەلقۇمىمغا يەنە بىر تىغ ئۇرساڭ، بىر يولى جان بەرسەم نېمە بولار؟

— سەن نەچچە ياشتا؟ — سورىدى ئەمىر.

— ئانام «سېنىڭ ئۆمرۈڭدىن يەتمىش مىڭ يىل ئۆتكەندە، خۇدايىتائالا ئادەم پەيغەمبەرنى ياراتتى» دېگەنىدى، — دېدى دىۋە.

— كىچىك ئىكەنسەن، — دېدى ئەمىر. ئاندىن ئۇنىڭ بويىنىدىكى ۋە مۆڭگۈزىدىكى گۆھەرلىرىنى خوجا ئۆمرى ئۈچۈن ئېلىۋالدى. ئاندىن بويىنىغا تىغ ئۇردى. دىۋىنىڭ بېشى ئاسمانغا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ بېشىدىن تامغان ھەرقەترە قاندىن بىرمۇنچە دىۋىلەر پەيدا بولدى. ئەمىر ئۈچ كېچە - كۈندۈز دىۋە بىلەن ئېلىشتى. دىۋىلەرنىڭ ئۆلۈكى سىغمىدىغان يەرقالمىدى. ئەمىر خۇدايىتائالاغا زارلاندى. ھەزرىتى خىزىر پەيدا بولۇپ، ھاسىسى بىلەن ئىشارەت قىلىۋىدى، ئاسماندىن ئوت چۈشۈپ، دىۋىلەرنىڭ كۆيگىنى كۆيدى، كۆيمىگىنى قاچتى.

ئەمىر ھەزرىتى خىزىرغا سالام بەردى. خىزىر ئەلەيھىسسالام جاۋاب بېرىپ، بىر ئىسمى ئەزەمنى ئۆگىتىپ قويدى. ۋە: «بۇنى ئوقۇسىڭىز، دىۋىلەرنى ئىككىنى سالماي، بىر ئۇرۇش بىلەنلا ئۇلار يىقىلىشقا باشلايدۇ. بۇ دۇئانى ئوقۇغاندا، خۇدايىتائالانىڭ قۇدرىتە-

نى ئۇلارغا بىلدۈرۈڭ. يەنە دىۋىلەرنىڭ موللىسى دەرۋازا بېشىدا ئولتۇرۇپتۇ، ئۇ خەت پۈتۈپ، خەتنى ئەفرىتنىڭ بېشى ئارقىلىق لەشكىرىگە ئەۋەتىپ، يەنە كۆپلەپ لەشكەر يىغىدۇ، — دېدى. ئەمىر ئۇ موللا دىۋىنىمۇ ئۆلتۈردى. ئاندىن كېيىن دىۋىلەر كەلمىدى. ئالەم قاراڭغۇلىشىپ، بىر زاماندىن كېيىن ئاسىيما ئۆز خەلقى بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئەمىرنى ئېلىپ، ئەفرىتنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ، شەھرى زەررىنگە كەلدى. شەھەر خەلقى يىغىلدى. ئەمىر ئاسىيماغا بۇيرۇپ، سىيەھبۇم دىۋىنىڭ تېرىسىنى ئېلىپ كەلدى. ئاسىيما ئۇمىرالىردىغا زىياپەت بەردى. ئەمىر ئۇ يەرگە بېرىشتىن ئەندىشە قىلدى.

شۇ ۋاقىتتا، شەھبالنىڭ ئەجىلى يېتىپ ئۆلدى. ئۇنىڭ نەزىرىنى بەردى. شۇ ئەسنادا، قەسرىنىڭ ئىشىكىدىن بىر دىۋە كىرىپ، ئەدەبسىزلەرچە ئولتۇرۇپ، ئاسىيماغا بىر نامەنى بەردى. ئۇنىڭدا: «مەن رەئىدشاتىردۇرمەن، ئەي ئاسىيما، ئاتا - ئاناڭ ئۆلۈپتۇ دەپ ئاڭلىدىم. ئەمدى، ئاتا - ئانىسىز قېلىپسەن، ئۆزۈڭنى ماڭا قوبۇل قىلىپ، پادىشاھ بولغىن» دېگەن گەپلەر يېزىلغانىدى.

— ئەي مەلئۇن دىۋە! — دېدى ئاسىيما، — ئېتىڭ نىمە؟

— شەڭگۇل دىۋە.

— مېنىڭ پۈتۈن يەر يۈزىگە پادىشاھ ئېرىم بار، مانا ئولتۇرۇپتۇ، — دېدى ئاسىيما.

شەڭگۇل ئەمىرنى كۆرۈپ:

— بۇ يىگىتمۇ رەئىدنىڭ قېشىدا تۇرۇشقا لايىق ئىكەن، — دېدى.

ئەمىر ئۇنىڭ قۇلىقىنى يۇلۇپ قولىغا بەردى. ئۇ دىۋە لەشكەر تارتىپ كېلىش ئۈچۈن، رەئىدنىڭ قېشىغا ماڭدى. رەئىد دىۋىنىڭ ۋەزىرى ئۇنى بۇ ئىشتىن توسۇپ:

— ئالدىرىماڭ، ئەفرىتتەك بىر دىۋىنى ئۆلتۈرگەن كىشى بولسا، سىزگىمۇ ئەلۋەتتە تەڭ كېلىدۇ. ئۇ يىگىت كەتكەن چاغدا، ئاندىن بېرىپ نىمە قىلىسىڭىز قىلىڭ، — دېدى.

ئەمىر ئاسىيماغا:

— مېنى ئادەمىزادنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ قويۇڭ، — دېدى. ئاسىيمانىڭ ئاچچىقى كېلىپ، دىۋىلەرگە:

— بۇ يىگىتنى ئاپىرىپ، راست مەككىدە قويۇپ يېنىڭلار، — دېدى.

دىۋىلەر ئەمىرنى كۆتۈرۈپ مېڭىپ، ئالتە كۈندىن كېيىن بىر قۇملۇقتا قويۇپ قويدى.

ئەمىر كۆزلىرىنى ئېچىپ سورىدى:

— بۇ قەيەر؟

— بۇ قۇمنىڭ ئۆزى مەككىدۇر، — دېدى دىۋىلەر. ئاندىن ئۇلار ئاسمانغا چىقىپ كېتىشتى. ئەمىرمۇ ماڭدى. ئون ئىككى كۈن بولدى دېگەندە، بىر تاغقا يەتتى. ئۇ تاغنىڭ ئارقىسىدىن غەۋغا چىقاتتى. ئەمىر تاغنىڭ بېشىغا چىقتى. توغ كۆرۈندى. ئەمىر ئاشۇ توغ تەرىپىگە ماڭدى. بېرىپ، ئۇ شەھەر تېشىدا زور بىر جەڭ بولىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

## پەسلى داستان، خوجا ئۇمرىنىڭ يەتتە كىشى بىلەن راۋاھىلدىن قەلئەئى نىسيانغا كەلگەنلىكى ۋە قەلئەنى ئەييارلىق بىلەن ئالغانلىقى

— ئەي يارانلار، — دېدى خوجا ئۇمرى، — بۇ يەردىمۇ قەھەتچىلىك بولدى. مەن بېرىپ، مۇۋاپىق بىر ئورۇن تاپاي، — دەپ چىقىپ، بىر يەرگە كەلدى. ئۇ بىر

قەلئەنى كۆردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى جەزىرەلى نىسيان ئىدى. پادشاھنىڭ ئېتى فەزىل سۇيان ئىدى. خوجا جۇمھۇر دەپ ۋەزىرى بار ئىدى. خوجا ئۆمرى شۇ قەلئەنى مۇناسىپ كۆرۈپ، ئادەملىرى بار ئۆتەڭگە كەلدى:

— ئەي يارانلار، گورۇنى تاپتىم. ئەگەر مۇمكىن بولسا، بىرنەچچە كۈن شۇ يەردە بولساق، — دېدى. ئۇ قىرىق ساندۇق تەييارلاتتى ۋە پەھلىۋانلارنى مۇكەممەل قىلىپ، ساندۇقلارغا يوشۇردى ۋە بىر ئادەمنىڭ ھەيكىلىنى ياساپ مۇقبىلغا:

— بۇنى سېپىلنىڭ ئۈستىدە قويغىن، — دەپ بۇيرۇدى. ئاندىن ئۆزى راۋان بولدى. بىر كۈن يول يۈرۈپ، بىر قوغۇنلۇقتا چىقتى. ئۇنى مەسئۇد كۆشتىبان دېگەن ئادەم تېرىغان بولۇپ، ئۇ مۇسۇلمان ئىدى. ئۇلار قوغۇنلۇقتا قوغۇن يېدى. قىرىق ئەييارنى سودىگەر قىياپىتىدە ياسىدى. شۇ چاغدا بۇ يەرگە خوجا مەھنۇر پەيدا بولدى. ئۇ، ۋەزىرنىڭ ئاكىسى بولۇپ، خىتاي تەرەپكە كەتكىلى خېلى يىللار بولغانىدى. زۆھرايى مىسرى ۋە خالدار ئىنىنى كۆستەھەمنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇلار كېمىگە چۈشۈپ، ساندۇقلارنى بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ يولغا راۋان بولدى.

ئەمما، بەختەكنىڭ خېتى بۇ چاغدا فەزىل سۇيانغا يېتىپ كەلگەنىدى. خەتتە: «پەخەس بولۇپ، تەييار تۇرۇڭلار، خوجا ئۆمرى نىسياننى بېسىۋالمىسۇن،» دېيىلگەنىدى. قاراۋۇللار دەريادا كېمە پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈپ، فەزىلگە خەۋەر قىلدى. ئۇ ۋەزىرنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ۋەزىر كارۋاننىڭ ئالدىغا ئىككى كىشىنى ئەۋەتتى. خوجا ئۆمرى ئۆزىنى بىر بوۋايدەك ياساپ ياتاتتى. ھېلىقى ئىككى كىشى كەلدى. خوجا ئۆمرى بېشىنى تەكىيدىن كۆتۈرۈپ:

— سىلەر كىمنىڭ كىشىلىرى؟ — دەپ سورىدى.

— بىز خوجا جۇمھۇرنىڭ ئادەملىرى.

— ۋاي قېرىندىشىم! — دېدى خوجا ئۆمرى، — ئۇ كىچىك ئىدى، ئۇنىڭ مېلىنى ئېلىپ خىتايغا بارغانىدىم، ئۇنىڭ پايدىسىدىن قىرىق ساندۇق ئالتۇن ئېلىپ كەلدىم. مېنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا كىشىم يوق. كېلىپ مېلىغا ئىگە بولسۇن.

بۇ ئىككى كىشى كېلىپ خوجا ئۆمرىنىڭ دېگەنلىرىنى خوجا جۇمھۇرغا ئېيتتى. ۋەزىر پادشاھنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— مېنىڭ ئاكام كەپتۇمىش، — دېدى. پادشاھ:

— بېرىپ ئېلىپ كەل، — دەپ بۇيرىدى. ئۇ ماڭدى.

خوجا ئۆمرى ئىككى كىشىنى ئەۋەتىپ ئانار سۈيى ئەكەلدۈرۈپ، ئۇنى كۆپ ئىچتى ۋە زۆھرايى مىسرى بىلەن خالدارغا:

— مەن قىچقىرسام دەرھال كېلىڭلار، يۈزۈڭلارنى يوشۇرماي، دېدەكلەردەك خىزمەت قىلىڭلار، — دېدى.

خوجا ئۆمرى شۇنداق دەپ، بېشىنى تەكىيگە قويۇشىغا ۋەزىر كىرىپ كەلدى. خوجا ئۆمرى چاپراپ قوپۇپ، ۋەزىرنى قۇچاقلاپ، يىغلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلار نۇرغۇن ھال - ئەھۋال سوراشتى.

خوجا ئۆمرى چىلاپچى ئەپكەلدۈرۈپ قەي قىلدى. گويا قاندەك ئىدى.

— زۆھرايى مىسرى، خالدار، بارمۇسەن؟ — دەپ چاقىردى خوجا ئۆمرى. ئۇلار

كېلىپ، خىزمەتكە تەييار بولدى. ۋەزىر ئۇلارنىڭ شۇنداق چىرايلىق قىزلار ئىكەنلىكىنى
كۆردى. خوجا ئۇمرى:
— بۇ ئىككى كېنىزەكنىڭ بىرىنى سىزگە بېرەي. ئۇلارنى پادىشاھقا ئەكەلگەنىدىم، —
دېدى. ۋەزىر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى. ئاخىرى ئۇلار
قەلئەنىڭ تۇۋىگە يەتتى. ئۇ خوجا ئۇمرىنى تارتىپ ئېلىپ، دەرۋازىنىڭ ئۇستىدە تەكىيە قويۇپ
ياتقۇزدى. خوجا ئۇمرىنىڭ قولىرى ساندۇقلارنى تارتىپ ئالاتتى. ئۇمەر مەئدەكەرەپ سولان-
غان ساندۇقنى تارتىپ ئېلىۋاتقاندا ئۇ سىيىۋەتتى. چۈنكى، ئۇمەر مەئدەكەرەپ تاۋۇزنى كۆپ
يېۋەتكەنىدى. خوجا ئۇمرى ئۇنى كۆرۈپ قوللىرىنى تىزىغا ئۇردى ۋە:
— بىز شىشىدە پادىشاھقا دەپ گۇلاپ ئېلىپ كېلىۋىدىم، نېمىشقا ئاستا ئالمايسەن؟ —
دەپ كايىغان بولدى. باشقىلار:
— يامان سېسىق گۇلابكەن، — دېيىشتى. خوجا ئۇمرى:
— ئۇنىڭ خاسىيىتى ئىچكەندە نامايان بولغۇسىدۇر ، — دېدى.
ئەلقىسسە، بۇلارنى ئوبدان يەرگە چۈشۈردى. خوجا ئۇمرى:
— ئەي ئۇكام، پادىشاھقا ئېيتىڭ، خۇپتەن ۋاقتىدا خالىيراق بىر جايدا ئولتۇرسۇن،
يېنىدا ئادەم قويمىسۇن، بىزمۇ شۇنداق قىلايلى. مەن بۇ قىزلارنى ئەۋەتەي. ئەمما، ئۆينى
خالىي قىلماي، ساندۇقنى ئاچماڭلار ، — دېدى. بۇلار بېرىپ، پادىشاھقا ئېيتتى. كېلىپ
ئۆينى خالىي قىلدى ۋە «بۇگۈن نەگە بېرىپ ئوينىساڭلار ئويناڭلار» دەپ ھەممىسىنى قوغلاپ
چىقىرىپ، ئۆيدە يالغۇز ئۆزى كۈتۈپ ئولتۇردى.
خوجا ئۇمرى ئۇمەر مەئدەكەرەپنى فەزىلنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپ، فەزىلنى ئۆلتۇردى.
زۇلخۇمارنى ۋەزىرنى ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتتى. ئاندىن ساندۇقتىكى قىرىق نەپەر نامدار پەھلىۋان-
لارنى ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى بىردىن ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، قەلئەنى ئالدى. بۇ قىرىق
كىشىنى قەلئەدە قويۇپ، خوجا ئۇمرى تەڭگى راۋاھىلغا باردى. تاڭلا كېچىسى ھەربىر
پەھلىۋاننىڭ ئورنىدا كىگىزدىن ھەيكەل ياساپ، قولىغا قورال تۇتقۇزۇپ، سېپىل ئۇستىدە
تۇرغۇزۇپ قويدى. ئۆزلىرى قەلئەئى نىسيانغا كېلىپ، ئاشلىق، ئوتۇن، سامان ھەممە
لازىملىقلىرىنى يىغدى. زۇفىن لەشكەرلىرى ئۈچ كۈنگىچە ھېچنېمىنى تۇيمىدى. تۆتىنچى
كۈنى تۇرۇپ قەلئەگە كىرىپ، يۇقرادىن باشقا ئادەم قالمىغانلىقىنى كۆردى. شۇ چاغدا،
كەرگەس ساسانى كېلىپ «نېمىگە ھەيران بولۇۋاتىسىلەر؟» دەپ سورىدى ۋە ئەھۋالنى
ئۇقۇپ، پادىشاھقا: «خوجا ئۇمرى قەلئەئى نىسياننى ئاپتۇ» دېگەن مەزمۇندا نامە پۈتتى.
نامىدە «بىز خوجا ئۇمرىگە تەڭ كېلەلمىگۈدەكمىز، بىزگە ياردەمگە ئادەم ئەۋەتسۇن، »
دېيىلگەنىدى. بۇ ئىشنى ئاڭلاپ ئۇلار كېلىپ، دەريانىڭ بويىغا چۈشتى. بىر كۈنى، كەرگەس
ساسانى جاڭگالغا بېرىپ، بىر ئوتۇنچى بوۋاينى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۆزىنى شۇنىڭ شەكلىدە
ياساپ، بىر يەردىن قەلئەگە كىردى. ئۇنىڭ بىر دىدەك ئاشىقى بار ئىدى، ئۇنى تاپتى.
كېچىسى دىدەك يوشۇرۇن كىرىپ، مەلىكىنى دارى بىھوش بىلەن ھوشسىزلاندۇردى. كەر-
گەس ساسانى ئىككى دەرۋازىۋەننى ئۆلتۈرۈپ، مەلىكىنى ئېلىپ چىقتى. ئۇ زۇفىننىڭ
قېشىغا كەلمەي، ئۇدۇل پادىشاھنىڭ ئالدىغا ماڭدى. ئاش ۋاقتى بولغانىدى. ئۇدۇلىدىن خوجا
ئۇمرى چىقىپ قالدى. ئۇ خوجا ئۇمرىنى كۆرۈپ، خورجۇنىنى يەردە قويدى. ئۆزى قۇدۇقتا
يوشۇرۇندى. خوجا ئۇمرى كېلىپ، خورجۇننى ئاچتى ۋە مەلىكىنى كۆرۈپ، كۆزىگە قاراڭغۇ-

لۇق تىقلىدى. مەلىكىنى ھۇشىغا كەلتۈرۈپ سورىدى.

— مەن ئۆز خانەمدە ياتقان ئىدىم، — دېدى مەلىكە، — بۇ يەرگە كىمنىڭ ئېلىپ كەلگىنىنى بىلمەيمەن.

— سىزنى كەرگەس ئېلىپ كەلگەنىكەن، مېنى كۆرۈپ، سىزنى تاشلىۋەتتى، — دېدى خوجا ئۆمرى ۋە قۇدۇق ئالدىغا ئۇنى تۇتۇشقا كەلدى. كەرگەس خوجىغا قارىتىپ توفەك ئاتتى. خوجا ئۆمرىنىڭ پېشانىسى يارىلاندى.

— ئەي كەرگەس، — دېدى خوجا ئۆمرى، — قۇدۇقتىن چىقىپ، بۇ ئىشنى ماڭا ئۆگەت. سېنى ئەمرىنىڭ ھەققىدە قويۇپ بېرەي.

كەرگەس قۇدۇقتىن چىقىپ خوجا ئۆمرىغا توفەكۋازلىقىنى ئۆگەتتى. خوجا ئۆمرى ئۇنى قويۇپ بەردى. ئۇ بېرىپ بولغان ئىشلارنى زۇفنىغا خەۋەر قىلدى.

خوجا ئۆمرى مەلىكىنى نىسيان تەرەپكە ئېلىپ كېلىۋاتاتتى. كەينىدىن زۇفىن كەلدى. خوجا ئۆمرى مەلىكىنى تاغقا ئېلىپ چىقىپ قويۇپ، ئۈچ كېچە - كۈندۈز جەڭ قىلدى. خوجا ئۆمرى ھالىدىن كېتىپ قالغان چاغدا مەھدى ئاد زەررىن كەمەر، سام ئاد زەررىن كەمەر، جەمشىد زەررىن كەمەرنىڭ ئوغۇللىرى بىراقلا كېلىپ، زۇفىننى قوغلىدى. زۇفىن قېچىپ كەتتى.

— بىز پادشاھ جەمشىد زەررىن تەركەشنىڭ ئوغۇللىرى، — دېدى ئۇلار، — دادىمىز چۈش كۆرۈپ مۇسۇلمان بولدى ۋە بىزنى سىزگە ئەۋەتتى. ئۇ: «بىر يىللىق ئوزۇق يىغدىم. ئەگەر بۇ يەرگە كەلسە، ئىتتىپاقلاشساق» دەيدۇ، — دېدى.

— ھازىر سىلەر ماڭغاچ تۇرۇڭلار، — دېدى خوجا ئۆمرى، — بارىدىغان چېغىمدا مەن سىلەرگە خەۋەر قىلىمەن.

ئۇلار قايتىپ كەتتى. خوجا ئۆمرى مەلىكىنى ئېلىپ قەلئەگە كەلدى. ئۇلار ئۈچ يىل شۇ يەردە تۇردى. بۇ يەردىمۇ قەھەتچىلىك بولدى. بىر كېچىسى مەلىكە ئاچلىققا تاقەت قىلالماي، زۇھرايى مىسرى بىلەن قەلئەدىن چىقىپ، زۇفىننىڭ لەشكىرىگە كەلدى ۋە زۇفىن-نىڭ چېدىرىغا كېلىۋىدى، ئىشىك قۇلۇپلاقلىق ئىكەن، ئېچىپ كىردى. بۇ زۇفىننىڭ ئامبىرى ئىدى. بىر داستىخاننى سېلىپ، بىر ئۇچىغا گۇرۇچ، بىر ئۇچىغا دۇمبە - گۆشلەرنى چىگىپ ئېلىپ چىقىۋاتاتتى. ئامبارچى كېلىپ، مەلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالدى ۋە:

— سىز كىم؟ بۇ يەرگە نېمىشقا كىردىڭىز؟ نېمىشقا ئوغرىلىق قىلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى. زۇھرايى مىسرى:

— بىز كەمبەغەل ئىدۇق، ئاچلىقتىن بۇ نەرسىلەرنى ئالدۇق، — دېدى.

— مېنى بىرنى سۆيۈپ قويغىن، — دېدى ئامبارچى، — بۇ نەرسىلەرنى مەن ئاپاردۇرۇپ بېرەي.

— بۈگۈن ماڭا قول تەگكۈزمە، ئاڭلا ئاخشام كېلەي، نېمە قىلساڭ قىل، — دېدى مەلىكە. ئامبارچى:

— ھېچقانداق ئاقىل نەقنى نېسىي قىلمايدۇ، — دەپ تۇراتتى، سىرتتىن پالاقماننىڭ تېشى كىرىپ، ئامبارچىنىڭ پېشانىسىگە تەگدى - دە، مېڭىسى چۇۋۇلۇپ كەتتى. سىرتتىن خوجا ئۆمرى كىرىپ كېلىپ، زۇھرايى مىسرىگە:

— بۇ يەردە نېمە قىلاتتىڭلار؟ — دېدى.

زۇھرايى مىسرىگە مەلىكىنىڭ ھالىنى ئېيتتى. خوجا ئۇمرى ئۇنىڭدىن بۇندىن كېيىن ئۇنداق قىلماسلىق توغرىسىدا ۋەدە ئالدى. ئاندىن، ئۆزى بىر تاغار ئۇن، بىر تاغار گۇرۇچنى كۆتۈردى. زۇھرايى مىسرى داستىخاندىكىنى كۆتۈرۈپ، شەھەرگە كەلدى. كېچىسى يەنە خوجا ئۇمرى ھورمۇزنى ئوغرىلاپ كىردى. ۋە بەختەكتىن پۇل ئېلىپ ئاندىن ھورمۇزنى قايتۇرۇپ بەردى. ئەمما، ھورمۇزنىڭ مۆھۈرىنى ئېلىپ قېلىپ، ئۇنىڭ تىلىدىن: «مەن ھورمۇزنى خوجا ئۇمرى ئوغرىلاپ، قەلئەگە ئېلىپ كەلگەنىدى. بار بولغان ئاشلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا بېرىپ، مېنى قايتۇرۇپ كەلدى. ئەمدى لەشكەردە ئاشلىق قالمىدى. دەرھال ئاشلىق ئەۋەتىڭلار» دېگەن مەزمۇندا بىر پارچە نامە يازدى. خوجا ئۇمرى سۈرىتىنى ئۆزگەرتىپ مەدايىنغا كەلدى. خەتنى پادىشاھقا بەردى. پادىشاھ خەتنى ئوقۇپ، تۆتيۈز تۆگە ئاشلىق يۈكلەپ بەردى. خوجا ئۇمرى ئاشلىقنى قەلئەگە ئېلىپ كەلدى.

ئون كۈندىن كېيىن، كەرگەس ساسانى پادىشاھقا يەنە شۇ مەزمۇندا بىرنامە ئېلىپ كەلدى.

— ئون كۈن ئالدىدا تۆت يۈز تۆگە ئاشلىق ئەۋەتكەن ئىدىمغۇ؟ — دېدى پادىشاھ. ھەممەيلەن بۇنىڭ خوجا ئۇمرىنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى بىلدى. يەنە تۆت يۈز تۆگە ئاشلىق يۈكلەپ بەردى. كەرگەس ئېلىپ كېلىۋاتقاندا، خوجا ئۇمرى بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، قۇملۇقتا بىرقانچە ئادەمنىڭ ھەيكىلىنى تىكلەپ قويۇپ، كەرگەسنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ئۇ تەرەپنى خۇدا پەرەسلەر تارتىۋالدى. بۇ تەرەپتىن ئېلىپ مېڭىڭ.خوجا ئۇمرى بىلىپ قالمىسۇن، — دېدى. كەرگەس:

— ئەمىسە، بۇ ئاشلىقنى سەن بۇ يەردىن ئېلىپ بارغىن، مەن ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ، خۇداپەرەسلەرگە قاراپ باقاي، — دەپ كەتتى.

خوجا ئۇمرى بۇ ئاشلىقنىمۇ قەلئەگە ئېلىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن تۆت يىل شۇ قەلئەدە تۇردى. يەنە قەھەتچىلىك باشلىنىپ كىشىلەر بىر ـ بىرىنى يىگۈدەك ھالەتكە كەلدى. خوجا ئۇمرى قەلئەدىن چىقىپ، جەمشىد ئابادقا كېلىپ جەمشىدزەررىن تەركەشنى تاپتى. ئۇ «كېلىڭلار، بىر يىللىق ئوزۇقۇم بار» دېدى. خوجا ئۇمرى:

مەھدى ئاد، سام ئادلارغا:

«سىلەر بۇگۈن كېچە تاغ تەرەپتىن ‹لەندەھىدى› دېگەن نام بىلەن ھۇجۇم قىلىڭلار. قەلئەنىڭ يەنە بىر تەرىپى خالىي قالىدۇ. مەن مەلىكىنى ئېلىپ چىقىمەن، — دېدى ۋە مەلىكىنى قۇتقۇزۇپ چىقىپ جەمشىد ئابادغا ئەۋەتىۋەتتى. ئەتىسى كاپىرلار بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، نۇشىرۋانغا «خوجا ئۇمرى جەمشىد ئابادقا بېرىۋاپتۇ» دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. زۇفىن بىلەن ھورمۇز جەمشىد ئابادقا كېلىپ ئۇ يەرنى قامال قىلدى.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ساختا بۇددا نومى ـ

# سەككىز يۇكمەك ياروق

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرېشىت ياقۇپ



نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن





قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە ئەڭ زور مىقداردا ساقلىنىپ قالغىنى بۇددىزم مەزمۇنىدىكى يادىكارلىقلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇددىزم مەزمۇنىدىكى يادىكارلىقلار سانسكرىت تىلى، تۇخار تىلى، تىبەت تىلى ۋە خەنزۇتىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان نوقۇل دىنىي مەزمۇندىكى ئەسەرلەردىن باشقا، نوملار ۋە سۇترالار ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن ئۆزگەرتىلمە ئەسەرلەر، ئىجادىي ئەسەرلەر ۋە ئىزاھات خاراكتېرىدىكى يادىكارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ژانىرى جەھەتتىن ئېيتقاندا، زور ھەجىمدىكى نەسرىي ئەسەرلەردىن باشقا، نەسرىي ئەسەرلەردىن ئۆزگەرتىپ يېزىلغان شېئىرلار، ئىجادىي شېئىرلار ۋە نەسر بىلەن شېئىر ئارىلاش ئەسەرلەرمۇ خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

يېقىنقى تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددىزمغا ئائىت يادىكارلىقلارنى ئومۇمەن مەزمۇنىغا ئاساسەن غەيرىي ماھايانا تېكىستلىرى، ماھايانا مەزمۇنىدىكى تېكىستلار، شەرھى تېكىستلار، ساختا نوملار، تانترىك مەزمۇنىدىكى تېكىستلار ۋە باشقا بۇددىزم تېكىستلىرى دېگەندەك ئالتە چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ، غەيرىي ماھايانا تېكىستلىرى ئومۇمەن بۇددىزمنىڭ ماھايانا مەزھىبىگە ياتمايدىغان مەزمۇندىكى ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ماھايانا بۇددىزمىنىڭ ھەرخىل ئەقىدىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن سۇترالار ماھايانا

مەزمۇنىدىكى تېكىستلارنى تەشكىل قىلىدۇ. ئومۇمەن باشقا تىللاردا يېزىلغان ئەسەرلەرگە شەرھى ئورنىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنى شەرھى تېكىستلار دېگەن چوڭ تۈرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ، يۇقىرىقىلاردىن باشقا، 13 ـ 14 ئەسىرلەردە تىبەت بۇددىزمىنىڭ ئۇيغۇرلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى (ئاساسلىقى تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭدا) ئارقىسىدا بارلىققا كەلگەن، تىبەت تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان ياكى تىبەت تىلىدىكى نوملارغا ئوخشاپ كېتىدۇ، دەپ قارىلىدىغان تانترىك مەزمۇنىدىكى تېكىستلار ۋە يۇقىرىقى تۈرلەرگە كىرگۈزۈش قىيىن بولغان، ئايرىم تۈر قاتارىدا قويۇشقا ھەم مەزمۇن ئومۇمىيلىقى كەمچىل بولغان تېكىستلارمۇ مەۋجۇت. يۇقىرىدا ئايرىم چوڭ تۈر قاتارىدا كۆرسىتىلگەن ساختا نوملار بولسا، خەنزۇ تىلىدا ئىجاد قىلىنىپ نوم شەكلىدە بېرىلگەن بۇددىزم تېكىستلىرى (خەنزۇ تىلىدا ئادەتتە 伪经 ياكى 疑伪经 دەپ ئاتىلىدۇ) نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ خىل تۈردىكى ئەسەرلەرنىڭ سالمىقى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددىزم يادىكارلىقلىرى ئىچىدە بىرقەدەر زور بولۇپ، مۇھىمراق بولغانلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئابىتاكى سۇترا ( 阿弥陀经 )

ئابىتاكى سۇترا پاك تۇپراق مەزھىپىگە تەئەللۇق ئامىتابا ئەدەبىياتىنىڭ پارچىسى دەپ تونۇلۇپ كەلگەن ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە پارچىلىرى تۈركىيىنىڭ ئەنقەرە، ئىستانبۇل قاتارلىق جايلىرى ۋە پارىژ، بېيجىڭ قاتارلىق ئورۇنلاردا ساقلانماقتا.

2. كشانتى قىلغۇلۇق نوم بىتىگ ( 慈悲道場懺 法 )

خەنزۇ تىلىدىكى ئەسلى تېكىست لياڭ سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادى 502 ـ 556) يېزىلغان. ئۇيغۇرچە تېكىست 13 ـ ئەسىرگە ئەتەللۇق بولۇشى مۇمكىن دەپ مۆلچەرلەنمەكتە. مەزكۇر يادىكارلىقنىڭ ھەرخىل پارچىلىرى بولۇپ، گېرمانىيىلىك ئۇيغۇرشۇناس كلائۇس رۆھبورن نەشرگە تەييارلىغان نۇسخا (بېرلىن تۇرپان تېكىستلىرى 11، 1971 ـ يىل نەشرى) بىرقەدەر ئۇزۇن ۋە تولۇقراق.

3. «يىتىكەن سۇدۇر» ( 佛说北斗七星延命经 )

خەنزۇچە تېكىست 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا يېزىلغان بولۇپ، قويۇق داۋ دىنى ( 道教 ) پۇرىقىغا ئىگە. ئۇيغۇرچە تېكىست 1328 ـ، 1329 ـ يىللىرى بېسىلغان. تولۇق نامى «تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان يارلىقا مىش يىتىكەن ئۇزە ئۆز ياش ئۇزۇن قىلماق ئاتلىغ سۇدۇر نوم بىتىگ»، سىلىگ تېگىن ئاتلىق كىشىنىڭ ياردىمىدە بەشبالىقلىق ئالىن تەمۇر ئىسىملىك كىشى تەرىپىدىن تەييارلانغان. مەزكۇر ياردىكارلىقنىڭ تۆت قولىيازما ۋە باسما نۇسخىسى ھازىر گېرمانىيە بېرلىن تۇرپان يىغىملىرى ئورنىدا ساقلانماقتا.

4. «ئىدۇق دارنى نوم بىتىگ» ( 佛项心大陀罹尼 )

خەنزۇچە تېكىست تاڭ دەۋرىدە يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىنىدۇ، ئەمما يۈەن، مىڭ سۇلالىرى دەۋرىدە كەڭ تارقالغان. ئۇيغۇرچە تېكىست باسما نۇسخىدىن ئىبارەت بولۇپ، يۈەن دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن. يادىكارلىقنىڭ تولۇق ئىسمى «تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان يارلىقامىش بۇرخانلار تۆپۈسى سۇدۇرلارنىڭ خارتايى قونىشى ئىم بودستۋا بۆلۈكلۈگ ئىدۇق دارنى نوم بىتىگ» مەزكۇر يادىكارلىقنىڭ پارچىلىرى گېرمانىيە بېرلىن تۇرپان يىغىملىرى ئورنى ۋە رۇسىيە شەرقشۇناسلىق ئورنى كوروتكوف يىغىملىرى ئارىسىدا ساقلانماقتا.

5. «ئۇلۇغ بولۇك يىڭاق سايۇقى كىڭ ئالقىغ تولۇ تۇقماق ئاتلىغ سۇدۇر» ( 大方广圆觉修多罗了义经 ).

مەزكۇر يادىكارلىق بۇددىزمنىڭ چەن ( 禅 ) مەزھىبىگە تەئەللۇق مۇھىم يادىكارلىق بولۇپ، خەنزۇچە تېكىست 7 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 8 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بارلىققا كەلگەن دەپ قارالماقتا. يادىكارلىقتا بۇددا بىلەن بۇدساتۋالارنىڭ دىئالوگى ئارقىلىق بۇددىزمدا تەربىيىلىنىش، بەختكە ئېرىشىشنىڭ يوللىرى توغرىسىدىكى تەلىماتلار بايان قىلىنغان بولۇپ، مەزكۇر يادىكارلىقنىڭ پارچىلىرى رۇسىيە شەرقشۇناسلىق ئورنى كوروتكوف يىغمىلىرى ئارىسىدا ۋە كىيوتودىكى ئوتانى يىغمىلىرى ئارىسىدا ۋە ستوكھولم مىللەتشۇناسلىق مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، «ۋاجراكچېدىكا سۇترا»، «ئون ئىلىگنىڭ تۇغۇلۇشى ھەققىدىكى يەتتە سۇترا» ( 十王生七经 ) قاتارلىق يادىكارلىقلارمۇ ساختا نوملاردىن ھېسابلىنىدۇ.

مەزكۇر ماقالىدا تونۇشتۇرماقچى بولغان «سەكىز يۇكمەك يارۇق» مۇ ساختا نوملار ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغان يادىكارلىق بولۇپ، ئەسلى خەنزۇچە تېكىست ۋۇزېتىيەن دەۋرى (690 ـ 704 ـ يىللار) دە يېزىلغان دەپ مۆلچەرلەنمەكتە. يادىكارلىقتا خەنزۇ كلاسسىك پەلسەپىسىدىكى يىن ( 阴 )، ياڭ ( 阴 )، بەش ئېلېمېنت قارىشى ۋە بۇددىزم، داۋ دىنى ئىدىيىلىرىنىڭ ئارىلاشمىسى قىزىقارلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يادىكارلىقنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، تىبەت يېزىقى، براخمى يېزىقى قاتارلىقلاردا يېزىلغان بولۇپ، بەزىلىرى قولىيازما شەكلىدە، بەزىلىرى باسما شەكلىدە مەۋجۇت، ياپونىيە ئالىمى ئودا جۇتېننىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، باسما نۇسخىلارنى ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدىكەن. بىر تۈرى شەرقىي جەنۇبىي جۇڭگودا ياشىغان ئۇيغۇرلار 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىشلىگەن، يەنە بىر تۈرىنىڭ قەيەردە مەيدانغا كەلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس ئىكەن. ئومۇمەن ئېيتقاندا، يادىكارلىقنىڭ قولىيازما نۇسخىلىرى 10 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق بولۇپ، باسما نۇسخىلىرى موڭغۇللار دەۋرىگە مەنسۇپ.

«سەكىز يۇكمەك يارۇق» نىڭ ئەسلى ئۇيغۇرچە نامى «تەڭرى بۇرخان يارلىقامىش تەڭرىلى يەرلى سەكىز يۇكمەك يارۇق بۆگۈلۈگ ئارۋىش نوم بىتىگ» ۋە «تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان يارلىقامىش تەڭرىلى يېرلىتە سەكىز تۆرلۈگىن يارۇمىش يالتىرىمىش ئىدۇق دارنى تا نايىپ ئاتلىغ سۇدۇر نوم بىتىگ» دېگەندەك شەكىلدە بېرىلگەن. مەزكۇر يادىكارلىقنىڭ ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن نۇسخىلىرى بەك كۆپ بولۇپ، رۇسىيە شەرقشۇناسلىق ئورنى، كيوتو ئوتانى يىغمىلىرى ئورنى، گېرمانىيە تۇرپان يىغمىلىرى ئورنى، لوندون برىتانىيە مۇزېيى، ياپونىيە ناكا مۇرا فۇسېتسۇ يىغمىلىرى، بېيجىڭ كۇتۇپخانىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ساقلانماقتا. بەزىلەر بۇ يادىكارلىقنى مەشھۇر ئۇيغۇر تەرجىمان شىڭقو شەلى تۇتۇڭ (بۇرۇن سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ دەپ ئېلىنغان) تەرجىمە قىلغان بولۇشى مۇمكىن دېسە، بەزىلەر ئاشمىس ماما، تۇماز. . . دۇك، ئالپ ئارسلان قاتارلىق كىشىلەرنىڭمۇ يادىكارلىقنىڭ بىر قىسىم نۇسخىلىرىنى ئىشلەشكە قاتناشقانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ.

يادىكارلىق ھەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى مەلۇمات رۇسىيە ئالىمى ۋ. رادلوف تەرىپىدىن (1911 ـ يىلى) بېرىلگەن. 1915 ـ يىلى ياپونىيە ئالىمى خانېدا تورو رادلوف ئېلان قىلغان تېكىست بىلەن بىللە ئوتانى يىغمىلىرى ئارىسىدىكى ئىككى پارچىنى ئېلان قىلىش بىلەن بىللە يادىكارلىقنىڭ خەنزۇچە پاراللېلى ۋە فاكسىمىلىنى ئېلان قىلغان. 1934 ـ يىلى گېرمانىيە ئالىملىرىدىن ۋىللى باڭ، ئاننامارىيې فون گابائىن، تۈركىيە ئالىمى رەشىت رەخمەتى ئارات ھەمكارلىقىدا يادىكارلىقنىڭ بىرقەدەر تولۇقراق تېكىستى تەييارلىنىپ نەشر قىلىنغان. كېيىن ياپونىيە ئالىمى ماساھىرو شوگايتو، ئودا جۇتېن، گېرمانىيە ئالىمى

پېتېرتىسمې قاتارلىقلار يادىكارلىقىنىڭ ئوخشىمىغان يىغىمىلاردىكى پارچىلىرىنى ئېلان قىلغان.

يادىكارلىقنىڭ ھەرقايسى نۇسخىلىرى ئارىسىدا خېلى چوڭ پەرق مەۋجۇت. بۇ پەرقلەر ۋىللى باڭ، ئا. فون گابائىن، رەشىت رەخمەتى ئارات قاتارلىقلار 1934 - يىلى ئېلان قىلغان نۇسخىدا تېكىست ئاستىدا ئىزاھلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا، بىزنىڭ تەكشۈرۈشىمىزچە ھازىرغىچە نوپۇزلۇق دەپ قارىلىۋاتقان خانىدا تورۇ، ۋىللى باڭ قاتارلىقلارنىڭ ترانسكرىپسىيىلىرىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە يېتىشسىزلىكلەر ساقلانغان. ئەمما مەزكۇر يادىكارلىقنىڭ ئەسلى نۇسخىسى قولىمىزدا تولۇق بولمىغاچقا، بىز پەقەت ۋىللى باڭ قاتارلىقلار ئېلان قىلغان تېكىست (1934 - يىلدىكى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان نۇسخا) نى ئاساس قىلىپ، پرىنسىپال خاتالارنى تۈزەش بىلەنلا چەكلىنىپ، تېكىستنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىمىز. تەرجىمىدە ئەسلى تېكىستنىڭ ئۇسلۇبىنى ئىپادىلەش ۋە ساقلاش يۈزىسىدىن سەل ئۆلۈكرەك تەرجىمە ئۇسۇلىنى قوللىنىمىز. ئومۇمەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا چۈشىنىش مۈمكىنچىلىكى بار سۆزلەرنى ئۆز پېتى ئالىمىز. قىسمەن مۇھىم دىنىي ئاتالغۇلارغا ئىزاھات بەرگەندىن باشقا، تىل ھادىسىلىرى ۋە باشقا مەسىلىلەرگە ئومۇمەن ئىزاھات بەرمەيمىز.

مەزكۇر يادىكارلىقنىڭ دەسلەپكى دەۋرلەردىكى بۇددىزم يادىكارلىقلىرىدىن ئىكەنلىكى ئۇنىڭ تىلى ۋە مەزمۇنىدىن ئېنىق چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىكى مانىزم بىلەن بۇددىزمنىڭ مۇناسىۋىتىنى روشەن كۆرسىتىدىغان قىسىملار ئۇيغۇر مانىزمىنىڭ دەسلەپكى ئۇيغۇر بۇددىزمى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشتا ۋە مانىزم يادىكارلىقلىرىنى چۈشىنىشتە تېپىلغۇسىز مۇھىم يىپ ئۇچى. بۇ نۇقتىلار ھەققىدە ئايرىم - ئايرىم مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش ئويىمىز بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالمايمىز. شۇنىڭدەك مەزكۇر تېكىستنىڭ خەنزۇچە تېكىستتىن مەيلى ئومۇمىي پۇرىقى، مەيلى مەلۇم ئابزاسلار ۋە سۆزلەر-نىڭ قوللىنىلىشى نۇقتىسىدىن بولمىسۇن خېلى روشەن پەرقلىنىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەي تۇرالمايمىز.

تەرجىمىدە (   ) مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن قوشۇلغان قىسمىنى، [   ] ئەسلى تېكىستتە بار، ئەمما شۇ پېتى ئېلىنمىغان قىسمىنى كۆرسىتىدۇ.

## ئەسلى تېكىستنىڭ ترانسكرىپسىيىسى

01 نامو بۇت نامو درام نامو ساڭ
02 تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان يارلىقامىش، تەڭرىلى يېرلىدە
03 سەكىز يۈكمەك يارۇمىش يالترىمىش، ئىدۇق دارنى تەك ۋىپ
04 ئاتلىغ سۇدۇر نوم بىتىگ، بىر تەگزىنچ.
05 ئانچۇلايۇ ئەرۇر مەنىڭ ئەشىتمىشىم: يىمە بىر ئۆدۈن ئۇلۇغ ئۇلۇغى
06 تۆكەل بىلگە بىلىگلىگ تەڭرى تەڭرىسى بۇرقان ۋايشالى ئاتلىغ
06 نوملۇغ تۆرۈلۈگ بالىقتا، كىڭ ئالقىغ ئوردۇدا، ئونتىن
08 سىڭارقى بۇرقانلار ئۇلۇشىنتىن كەلمىش ئەرۈش ئۆكۈش بودىستۋ -
09 لار بۇ يىرتەكى تۆرت تۆرلۈگ تىرىن قۇۋراغى بىرلە يارلىقايۇر.
010 ئول ئۆدۈن تىدىغسىز بودىستۋ ئول قۇۋراغ ئاراسىنتا ئەرۇر ئەرتى.
011 ئۆترۈ ئولۇرمىش ئورۇنىنتىن ئۆرۈ تۇرۇپ،

011 a ئولۇغ ئەگىندىن تونىن ھىرتىن ئاچىنىپ
011 تىزىن چۆكىدىپ،
012 ئىلىگىن قاۋشۇرۇپ، تەڭرى تەڭرىسى بۇرقانقا ئىنچا تىپ ئۆتۈك
013 ئۆتۈنتى: تەڭرىم، بۇ چامبۇدىۋىپ ئاتلىغ يىرتىنچۇ تەكى تىنلىغ-
014 لار بىر ئىكىتىكە تۇرقارۇ، ئەڭلىكى سانىسىز تۇمەن ئاژۇنتا بەرۇ
015 ئۆتكۈرۈ بۇكۈنكى كۈنكەتەگى، توغا ئۆلۈ ئۆلاغ سايىغ ئۆززۈلمەز،
016 تەڭرىم. ئىنچىپ بۇ قاماغ تىنلىغلارتا بىلگە ئاز، بىلىگسىزلەر
017 ئۆكۈش، تەڭرىم. ئۆچ ئەردىنىكە تاپىغچى تىنلىغلار ئاز، يەككە
018 ئىچكەككە قامقا تاپىغچى تىنلىغلار ئۆكۈش، تەڭرىم. يىمە
019 ئارىغ چاقشاپاتلىغ تىنلىغلار ئاز، چاقشاپاتى سىيۇق تىنلىغلار
020 ئۆكۈش، تەڭرىم. ئەدگۈكە قاتىغلانۇر تىنلىغلار ئاز، ئايىغقا تاۋرا -
021 نۇر ئەرمەگۈ تىنلىغلار ئۆكۈش، تەڭرىم. ئۇزۇن ياشايۇر تىنلىغلار ئاز،
022 ئۆدسۈز ئۆلۈر تىنلىغلار ئۆكۈش، تەڭرىم. دىيان ساقىنچلىغ، كىمن كۆگۈزلۈگ
023 تىنلىغلار ئاز، ساچۇق كۆڭۈللۈگ، ياڭلۇق ساقىنچلىغ تىنلىغلار
024 ئۆكۈش، تەڭرىم. باي بارىملىغ تىنلىغلار ئاز، يوق
025 چىغاي تىنلىغلار ئۆكۈش، تەڭرىم. تۇزۇن
026 يۇمشاق ياۋاش تىنلىغلار ئاز، قادىر

1 قاتغى توسۇن تىنلىغلار ئۆكۈش، تەڭرىم. كۆنى
2 تىنلىغلار ئاز، تەڭرىم. تەۋلىگ كۆرلۈگ تىنلىغلار ئۆكۈش، تەڭرىم.
3 تۆكەل بىلىر، تاۋار تىلەمەز تىنلىغلار ئاز، ئۆكۈش تىلەيۈر، تۆكەل
4 بىلمەز تىنلىغلار ئۆكۈش، تەڭرىم. بۇشى بىرگەلى ئاقى تىنلىغلار ئاز،
5 قىزغاق، بۇشى بىرمەز تىنلىغلار ئۆكۈش، تەڭرىم. كىرتۈ تىنلىغلار ئاز،
6 ئەزۈك يالغان تىنلىغلار ئۆكۈش، تەڭرىم. ئانى ئۈچۈن بۇ يىرتىنچۈتەكى
7 تىنلىغلار قۇتسۇز، ئۈلۈگسۈز ئەرۈر، تەڭرىم. كەنتۈلەرىنىڭ قۇتسۇزىن،
8 ئۈلۈگسۈزىن ئۈچۈن كۆزۈنۈر ئاژۇنتا ئەتئۆزلەرى ..............
9 ئۆزۈن تۇرقارۇ ئەمگەك ئەمگەنۈر. ئۆلۈش سايۇ، بالىق سايۇ كىم بەگلەرى
10 ئازۇ قارى باشلارى ئەرسەر، ئىينۈر باسىنۇر، يىنىك يازۇقتا ئەرتىنگۈ
11 ئاغىر قىنقا تەگۈرۈر. ئەرتىنگۈ ئەمگەك ئەمگەنۈر. ئىرتى بىرتى ئاغىر
12 بولۇر. قارا بودۇن كەنتۈنۈك قۇتسۇزى، ئۈلۈگسۈزى ئۈچۈن يوق
13 چىغاي بولۇر. ئەرتىنگۈ ئالپ ئەمگەكىن قازغانچ تىلەيۈر. يانا قورقا
14 تۇشەر. نەڭ بولماز. ياش تۇرقارۇ ئەكىنى بۇتمەز. يالىڭ بوغازى تودماز.
15 ئاچ يورىيۇر. ئەرتىنگۈ ئەمگەك ئەمگەنۈر. ئۆز بىلىگسىز تەرس قىلىنچىن
16 بىلمەز ئۇقماز، كىم: مەنىڭ ئاشنۇقى ئاژۇنتا قىلمىش ئۆز قىلىنچىم
17 مەنى ئىنچا ئەمگەتۈر، تىپ. ئىنچىپ يانا يىركە تەڭرىكە بۇرقانقا
18 ئىلكە قانقا بەگكە ئىشكە يىرىنۈر ئۆۋكىلەيۈر، قۇت بىرمەز ئىگىدمەز،
19 تىپ. ئامتى، تەڭرىم، بۇ قۇتسۇز قوۋى تىنلىغلار ئۈچۈن تەرس بىلىگىن
20 ئايىغ قىلىنچىن كىتەرمەك ئالىن چاۋشىن يارلىقازۇن، تەڭرىم، كىم
21 ئۇقزۇن بىلزۇنلەر. بۇ مۇنچا تۆرلۈگ ئاغىر ئەمگەكتە قۇترۇلزۇنلار،

22 تەڭرىم. ئول ئۆدۈن تەڭرى بۇرقان تىدىغسىز بودسۇتىغ ئۆگدى ئالقادى:
23 سادۇ سادۇ، تىدىغسىز بودستۋ، سىز ئۇلۇغ يارلىقانچۇچى كۆڭۈلۈن
24 قاماغ قۇتسۇز قوۋى تەرس بىلىگلىگ تىنلىغلار ئۇچۇن كۆنى يول،
25 سوغانچىغ نوم ئۆتۈنۈر سىز، سىزلەر قاماغ تۇزۇنلەر قۇدۇرۇ تىڭلاڭلار.
26 سىزلەرنى ئۇچۇن ئۇتغۇراق نوملايۇ بىرەيىن: ئول كىم ئەرتمىش
27 بۇرقانلار نوملارى، تەڭرىلى يىرلى سەكىز يۇكمەك ئارۇش نوم بىتىگ
28 ئامتى مەن يمە نوملايۇر - مەن. كىم كەلتەچى بۇرقانلار يمە نوملاغاي.
29 ئىنچىپ يىرتە تەڭرىدە ئالك ئاغىرى ئۆگۈتمىش كىشى تىتىر. ........
30 كىشى يالاڭۇقتا ئاغىرى يوق. ئول كىم كىشى تىتىر، يۆرۈگى چىن
31 كىرتۇ كۆڭۈللۈگ تىتىر. كۆنى كىرتۇ ئەرىپ، كۆڭۈل قىلىنچى ئەگرى
32 ئەرمەسەر، ئەتئۆز قىلىنچى كۆنى كىرتۇ ئەرسەر. سولتۇن قىلىنچى كۆنى
33 تىتىر. ئوڭتۇن قىلىنچى يمە كىرتۇ تىتىر تۇرقارۇ كۆنى كىرتۇ
34 يورىغىن يورىسار ئول تىمىن كىشىگە سانۇر. ئانى ئۇچۇن ئىنچا
35 بىلمىش كەرگەك، نومۇغ تۆرۈگ كىشى ئىتەر، كىشى ئاغىرلايۇر. كىشىگ
36 ئىگىدۇر. نوم ئوغرىنتا كۆترۈلۈر، ئاغىرلىغ بولۇر. يانا ئولۇق
37 نوم تۆرۈ يانا كىشىگ ئىتەر، كىم قايۇ تىنلىغ بۇ نومۇغ ئۇمۇغ
38 ئىناغ تۇتسار، ئول تىنلىغ يمە قۇت بۇلمىشلارغا سانۇر.
39 تاقى يمە، تىدىغسىز بودستۋت، ئىنچا بىلىك: قاماغ تىنلىغلار ئۆكۈش
40 ئەمگەنىپ، ئەدگۇ قىلىنچ قىلىپ تىمىن كىشى ئەتئۆزىن بۇلۇرلار. ئىنچىپ
41 كىشى ئەتئۆزىن بۇلۇپ، يانا ئەدگۇ قىلىنچ قىلمازلار. كىرتۇ نومۇغ
42 قايمادىن تەرس تەترۇ ياڭلۇق تۆرۈگ تۇتارلار: تۇكەل تۆرلۈگ
43 ئايىغ قىلىنچ قىلۇر. قالتى ئەتئۆز قودسار، ئۇچ ياۋلاق يولقا
44 تۇشەرلەر، ئەرتىنگۇ ئاغىر ئەمگەككە كىرۇرلەر. ئول ئانتاغ يازۇقلۇغ
45 ئايىغ قىلىنچلىغ تىنلىغلار بۇ نومۇغ ئەشىنىپ، سىزىكسىز كۆڭۈلۈن
46 كىرتگۇنۇپ ئايىغلاماسار، ئول ئانتاغ سۇيتا يازۇقتا ئاغىر ئەمگەكتە
47 قۇرتۇلۇر. ئەمگەكلىگ تالۇي ئۆگۈزدەن ئۆنەر. مەڭۈلۈگ مەڭگە
48 تەگىر. قاماغ قۇتلار ۋاقشىكلار تۇرقارۇ ئىيە باسا كۇيۇ كۇزەتۇ
49 تۇتارلار. ئەتئۆزى ئاداسىز بولۇر. ئۆزى ياشى ئۇزۇن بولۇر. ئۆدسۇز
50 قولۇسۇز ئۆلمەز. تەك كېرتكۇنچ كۆڭۈل ئۇچۇن ئانچا ئۇتلىسى
51 بولۇر. ئانى ئۇچۇن تاقى نە تىمىش كەرگەك، كىم قايۇ تىنلىغ بۇ نوم
52 بىتىگىگ بىتىسەر بىتىتسەر ئوقىسار ئوقىتسار، ئازۇ نوملاسار
53 نوملاتسار، تۇكەتى تۆرۈسىنچە ئايايۇ ئاغىرلايۇ، تاپىنۇ ئۇدۇنۇ
54 تۇتسار، ئول ئەدگۇ قىلىنچ سانى ساقىشى يوق. تەرك ئۆدۈن ئول
55 تىنلىغ بۇرقان قۇتىن بۇلىر. تاقى يمە، تىدىغسىز بودستۋت،
56 ئىنچە ئۇقۇك: قايۇ تىنلىغ بىلىگسىز ئايىغ قىلىنچلىغ ئەرىپ، تەرس
57 تەترۇ تۆرۈگە كېرتكۇنچ كېرتكۇنسەر، تۇكەل تۆرلۈگ تۆرۈسۇز
58 ئايىغ قىلىنچلىغ ئىش ئىشلەسەر، ئۆترۇ قاماغ ئايىغ قىلىنچلىغ شىمنۇ تەرس
59 تەترۇ نوملۇغ تىرتىلەر ئوڭزىن يىلپىگ يەكلەر قۇزغۇن قوبۇرغا
60 ئۆلاتى ياۋلاق بەلگۈلۈگ قورقىنچىغ ئۇنلۇگ قۇشلار تۇكەل تۆرلۈگ

ياۋلاق ئىرۇ ھەلگولەر ئالقۇ ئەۋدە بارقتا كۆزۈنۈر، كەلىپ ئۆرلەتىر تەلك تەلك ئىگ ئاغرىغ ئادا تۇدا كەلۈرۈر. يىلىن ئايىن تۇرقارۇ ئەۋ بارق ئىچىنتە ئادا تۇدا قور ياس ئەگسۈمەز. ئۆگ قالك، قا قاراش كۆلك قۇل ھىر ئىكىنىگە قارىشۇر. ئوتلى سۆۋلى تەگ تۇتۇشلۇگ بولۇرلار. ئەۋ ئىيەسى تۇرقارۇ بۇلغانيۇق كۆڭۈللۈگ، قادىر سارىسىغ ئۆۋكەلىگ بولۇر. ئىنچە بىلمىش كەرگەك. ئول بارچا يەكلەرنىڭ قىلىنچى ئول. بىرۆك ئانتاغ ئەدگۈ ئۆگلىسى بار ئەرىپ، بۇ نوم بىتىگىگ ئەۋىنتە ئوقىتسار ئۇلاتى ئۈچ قاتا ئوقىمىشتا بۇ مۇنچا تۆرلۈگ ئادا تۇدا ئالقۇ يوقادۇر، ئەتئۆزلەرى ئىگسىز توغاسىز ئاداسىز بولۇر. بىرۆك بىتىگ ئوقىمىش ئەدگۈ قىلىنچ ئەدرەمى بۇ: قانيۇ تىنلىغ ئۆۋۈتسۈز بىلىگى ئەرتىنگۈ كۈچلۈگ ئەرىپ، ئۆۋكە ئاز ئالمىر قىلىنچى ئارتۇق كۈلچۈگ ئەرىپ، ئەرتىنگۈ ئاغىر ئەمگەنسەر، بىلىگسىز كۆۋەنچەك قىلىنچى ئارتۇق كۈلچۈگ ئەرىپ، بۇ مۇنتاغ نىزۋانىلار تۇرقارۇ ئامرۇ ئۆرلەتسەر، يمە بۇ نوم بىتىگىگ ئوقىتسار، ئايايۇ ئاغىرلايۇ، تاپىنۇ ئۇدۇنۇ تۇتسار، تەك ئۈچ قاتا ئوقىسار، بۇ مۇنچا تۆرلۈگ ياۋلاق بىلىگ ئالقۇ ئالقىنۇر سۆنەر ئامرىلۇر ئەدگۈ ئۆگلى يارلىقانچۇچى كۆڭۈل، ئۆگرۈنچۈ كۆڭۈل، توز كۆڭۈل ئالقۇ بۇرقانلار بىلىگىگە تەگىر. نوم ئۇلۇشىن بۇلىر. تاقى يمە، تىدىغسىز بودىسۇت قانيۇ تىنلىغ ئىتىگلىگ ياراتىغلىغ ئىش كۆدۈگ كەنت ئۇلۇش ئەۋ بارق ئىتگەلى ياراتغالى ساقىنىچ ساقىنسار، ئاڭ ئاشنۇ بۇ نوم بىتىگىگ ئۈچ قاتا ئول يىرتە ئوقىمىش كەرگەك، ئانتاكىن توپراق قازا تام توقىيۇ، تىتىگ يوغۇرۇ ئىش كۆدۈگ تىمىن باشلامىش كەرگەك. ئۆترۈ سىزىكسىزىن ئەۋ بارق تۇرغۇرمىش كەرگەك. كۈنتىن سىڭار تاغرىن يىڭاق ئىكىرىن تەك يايلىق ئىتگۈلۈگ ئۆڭتۈن يىڭاق كىرىن يىڭاق ئىكىرىن سىڭار بۇلاڭ. ئانتا ئۇلاتى ئاشلىق كۆدەنلىك، ئۇلۇغ كىچىگ قاپىغ، قۇرۇغ، ئوچۇق تاش، سوقغۇ تەگىرمەن، ئاغىلىق كومسولۇك ئۇلانى يىلقىغا ئاتلىق كىشىگە باتىغلىقا تەگى تۆزۈ تۇكەنى ئىتمىش كەرگەك. ئۆترۈ ئول ئۆدۈن يىر ئالتىنقىلار قىنچىلار ئۆلۈتچىلەر ئالقۇ كىتگەي. باشى كۈن ئەركلىگىن يورىغلى، ئاي ئەركلىگىن يورىغلى، يىل ئەركلىگىن يورىغلى، ئۈزۈت ئەركلىگىن يورىغلى، ئەركلىگ قان سۈسىن باشلاغۇچى قاسىنچىغ قورقىنچىغ ئەركلىگلەرنىڭ ئاتلارى بۇ: كۈن يورىغى، ئاي ئۆلۈتچى، ئەركلىگ، تايسۋي، سارىغ ئورۇڭۇلۇغ، ئىرپىز قۇدرۇقى، يۇمۇزۇغلۇغ بىش تۆرلۈگ توپراق ئەركلىگى، بىر بەڭرى قانى، سولتۇن كۆك لۇۋ، ئوڭدۇن ئاق بارس، كۈنتۇن قىزىل ساغىزغان، كىرىن قارا يىلان، ئالتى قاپ ياراشمازى، ئىكى يىگىرمى ئەركلىگى، توپراقتاقى قارى باشلارى ئاتلىغى يۈزلۈگى، باتىغداقى ئاغۇلۇغ لۇۋلار، قاماغ يەكلەر يىلپىگلەر ئادىرتاچى ئەركلىگلەر ئالقۇ ياشارلار يوقادۇرلار. يىرىگ توپراقىغ ئىش ئىشلەيۈرلەر، ئورۇنۇغ بوش قودۇپ ئىراق تەزەرلەر، بودسۈز كۆلىگە سىز بارىرلار، ئادا تۇدا قىلۇ

ئۇمازلار. ئىتمىش ياراتمىش ياڭى ئەۋ بارق ئىيەسىڭە قۇتادۇر. قۇتلۇغۇن قىۋلىغىن ئورنانۇر. تۇرقارۇ ئۆگرۈنچۈن مەڭىن ئەرمەكى بولۇر. ئاغىسى بارىمى ئارتۇق قازغانمادىن ئەمگەنمەدىن ئۆگۈن كىرۇر. ئازۇ ئىراق بارغالى ساقىنىچ ساقىنسار، ئازۇ سۇ سۇلەسەر، ئازۇ ئات يول تىلەسەر ئازۇ ساتىغقا يۇلۇغقا بارسار، قازغانچى ئۆكلىيۇر ئاشىلۇر. ئوغۇلى قىزى، ئۇرۇغى تارىخى، باغرى بۆشۈكى ئۆكۈش بولۇر. ئۆگى قاڭى ئول ئوغۇل قىزقا يارلىغانچۇچى كۆڭۈللۈگ بولۇر. ئوغۇل قىز يىمە ئۆگىڭە قاڭىڭا تاپىغساق بولۇر. قا قاداش، بەگ يۇتۇز يىمە بىر ئىكىنتىگە ئەرتىنگۇ ئامراق بولۇر. نە كۆڭۈلىنتە .ساقىنمىشى ئالقۇ كۆڭۈلىنچە بولۇر. بىرۇك قىنلىققا كىرسەر، ئازۇ ئوغرى ئوغۇرلاسار تۇتسۇقسار، باغتا بوقاغۇدا كىرىپ، بەركە قاغىل ئۇلاتى قىسىغ قاۋرىغ ئەمگەكى كەلسەر، يىمە بۇ بىتىگىگ ئۇچ قاتا ئوقىسار، ئالقۇ بوش بولۇر. تاقى يىمە كىم قايۇ تىنلىغ سىزىكسىز كېرتكۈنچ كۆڭۈلۈن بۇ بىتىگىگ بىتىتسەر، ئازۇ ئادىناغۇغا ئوقىتسار، ئازۇ نوملاتسار، ئايايۇ ئاغىرلايۇ تۇتسار، ئانتاغ بار كىم ئول تىنلىغ ئۆرتكە ئۆرتەنمەز، سۇۋدا ئۆلمەز، تاغدا ئۆڭ يىرتە قانتا يورىسار بارس ئىرپىز بۆرى ئۇلاتى ياۋلاق تىنلىغلار ئالقۇ تەزەرلەر. قاماغ قۇتلار ۋاقشىكلار كۈيۇ كۆزەتۇ تۇتارلار. ئاڭ كىنىنتە تۆز كەرىنچسىز بۇرقان يولىڭا كىرگەيلەر. تاقى يىمە قاينۇ كىشى ئارتۇق يالغان ئىگىر ساۋلىغ، چاشى ساۋلىغ، ئوتۇن ساۋلىغ، سارىسىغ ساۋلىغ ئەرسەر يىمە بۇ بىتىگىگ تۇتسار ئوقىسار سۆزلەسەر تىلىنتەكى بۇ تۆرت تۆرلۈگ مۇنىنتە قاداغىنتا كىتەر. تۆرت تۆرلۈگ تىدىغسىز قاداغسىز ئارىغ تىل بۇلۇر. تاقى يىمە قانيۇ تىنلىغ ئارتۇق ئايىغ قىلىنچلىغ ئەرىپ، ئەتئۆز قودسار، ئۆزۈتى تامۇغا بارمىش كەرگەك. ئىنچىپ ئوغۇلى قىزى، باغرى بۆشۈكى، قاسى قاداشى، ئۆلمىش ئۆگى قاڭى ئۇچۇن بۇ بىتىگىگ يىتى قاتا ئوقىسار، ئۆزۈتى ئانتاق قۇرتۇلۇر، تەڭرى يىرىنتە بارىر، ئازۇ بۇرقانلار يىرىنتە توغار، بۇرقانلارىغ كۆرۇر. بۇرقان نومىن ئەشىتۇر. نوم كۆزى يارۇيۇر. توغماز باتماز بىلىگكە تەگىر. بۇرقان يولىڭا كىرۇر ئول ئۆدۇن تەڭرى تەڭرىسى بۇرقان تىدىغسىز بودىستقا ئىنچە تىپ يارلىقادى: ۋىپاشى بۇرقانتا كېرتكۈنچى كۆڭۈللۈگ ئۇپاسى ئۇپاسانچلار بار ئەرتىلەر. تەرس تەترۇ نوم تۆرۈ يەك ئىچكەكىگ كېرتكۈنمەز ئەرتىلەر. سىزىكسىز كۆڭۈلۈن بۇ نوم بىتىگىگ تۇتار ئەرتىلەر. بىتىيۇ ئوقىيۇ ئايايۇ ئاغىرلايۇ تاپىنۇر ئۇدۇنۇر ئەرتىلەر. نە تۆرلۈگ ئىتىگ ياراتىغ بار ئەرسەر، كۆرۈمچى يۇلتۇزچىغا ئايىتماز، ئىتەر ئەرتىلەر. كېرتۇ كۆڭۈل كۈنى كېرتكۈنچ ئۇچۇن تۇرقارۇ بۇشى ئۇلاتى ئالتى پارامىتقا قاتىغلانۇر ئەرتىلەر. ئانچۇلايۇ قاتىغلانىپ بۇرقان يولىن تۇكەتتى، بۇرقانلارىنىڭ ئاقماز ئاقىتماز ئارتاماز بۇزۇلماز ئارىغ تۇرۇق ئەتئۆز بولىتلار. تۆزكەرىنچسىز تۇيماققا تەگدىلەر. تۆزۇ يارۇق ئاتلىغ بۇرقان بولىتلار. كالىپ ئۆدى ئۇلۇغ تولۇ ئاتلىغ، ئۇلۇشى قىدىغسىز

139 بولوڭسوز ئاتلىغ، بودۇنى ئالقۇ بودستۇلار يورىغنچا يورىيۇرلار
140 بولونچسوز نوم بوشغورور. تاقى يمه، تىدىغسىز بودستۇت،
141 ئىنچه بىلىلك سىز: بۇ بىتىگ چامبۇدىۋىپ يېر سوۋدا قايۇ قايۇ يېرته
142 بودۇنتا بار ئەرسەر، ئانتا سەكىز بودستۇلار ئەزرۇئا قورموزدا
143 تەڭرى ئۇلاتى قاماغ يارۇق تەڭرىلەر قوتلار ۋاقشىكلار تورقارۇ قوئا
144 ياۋشىخون يىرىن يىپارىن ئىنچه ئايايۇر ئاغىرلايۇرلار، تاپىنۇر ئودۇنۇر -
145 لار قالتى بورقانلارىغ تاپىنۇر ئودۇنورچا، بورقانلارتا ئادرۇقسوزىن
146 تۇتارلار. تاقى يمه، تىدىغسىز بودستۇ، قايۇ توزۇنلەر ئوغلى توزۇنلەر
147 قىزى قاماغ تىنلىغلار ئوچۇن بۇ نوم بىتىگ ئوقىسار نوملاسار، تەرىك
148 يوروگون ئوقتىۇرسار ئوتكورسەر، ئەرتىنگۇ تەرىك توز يىلتىز نومىغ
149 ئوقسار، ئول تىنلىغ ئەتئوزى بورقان ئەتئوزى تىتىر. كوڭولى يمه
150 بورقانلار كوڭولى تىتىر نه ئوچۇن تىسەر، ئول تىنلىغ تورقارۇ
151 بىلگه بىلىگ كوزۇن ئادرۇق ئادرۇق ئالقىنچسىز كورتله ئوك كورك كورور.
152 ئول ئوك كورك توزى يىلتىزى يوق قوروغ تىتىر. ئول يوقوغ
153 بىلىگلى بىلگه بىلىگ ئوغرايۇ بورقانلار بىلىگى تىتىر. ئانى ئوچۇن تىنلىقلار
15 ئەدگۇ كونى يولچى يىرچى بولوپ ئالقۇ تورلوگوگ يوق قوروغ كورسەر،
155 ئول تىنلىغ كوڭولى بىلىگى بورقانلار كوڭولى بىلىگى تىتىر. قالتى ئىنچه
156 بىلسەر، ئوك كورك ئولاتى ئالتى تورلوگ ياغىلارتا ئوڭى قورتولور.
157 بورقان قوتىن بولىر، ئول كىم ئوك كورك تىتىر، يوق
158 قوروغ يمه ئولوق ئەرور، ئول كىم يوق قوروغ تىتىر، ئوك كورك
159 يمه ئولوق ئەرور. ئوڭته ئوڭى يوق قوروغ بولتوقماز. يوقتا
160 ئوڭى يمه ئوك كورك بولتوقماز. ئولاتى تەگىنمەك ساقىنچ قىلىنچ
161 بىلىگ يوكمەكنىگ ئالقۇ ئىنچه بىلمىش ئوقمىش كەرگەك. بۇ بىش يوكمەكنىگ
162 ئىنچه ئوتكورو ئوسار، ئول تىنلىغ ئەتئوزى توزون ئوڭلوگ بورقان
163 تىتىر. قولغاقى تورقارۇ ئادرۇق ئادرۇق ئالقىنچسىز ئون ئەشتور، ئول كىم ئون
164 تىتىر، يوق قوروغ يمه ئول ئوق ئەرور. ئول كىم يوق قوروغ تىتىر،
165 ئون يمه ئولوق ئەرور. ئونته ئوڭى يوق قوروغ بولتوقماز.
166 يوقتا ئوڭى يمه ئون بولتوقماز. ئەشىمىش ئونوگ ئالقۇ ئىنچه
167 ئوتكورو ئوسار، ئول تىنلىغ ئەتئوزى توزون ئونلوگ بورقان ئەتئوزى
168 تىتىر. يمه بورنى تورقارۇ ئادرۇق ئادرۇق ئالقىنچسىز يىد يىپار
169 يىدلايۇر. ئول كىم يىد يىپار تىتىر، يوق قوروغ يمه ئولوق
170 ئەرور. ئول كىم يوق قوروغ تىتىر، يىد يىپار يمه ئولوق ئەرور. يىد
171 يىپارتا ئوڭى يوق قوروغ بولتوقماز. يوق قوروغدا ئوڭى يمه
172 يىد پىيار بولتوقماز. يىدلامىش يىدىغ ئالقۇ ئىنچه ئوتكورو ئوسار،
173 ئول تىنلىغ ئەتئوزى يىپار يوكمەك بورقان ئەتئوزى بولور. تاقى يمه
174 تىلى ئادرۇق ئادرۇق ئالقىنچسىز تاتىغ تاتار. ئول كىم تاتىغ تىتىر،
175 يوق قوروغ يمه ئولوق ئەرور.
175 a ئول كىم يوق قوروغ تىتىر، تاتىغ يمه ئولوق ئەرور.
175 تاتىغدا ئوڭى يوق قوروغ بولتوقماز.

176 يوق قۇرۇغدا ئۆڭى يىمە تاتىغ بۆلتۇقماز. تاتمىش تاتىغىغ ئالقۇ
177 مۇنچۇلايۇ ئۆتكۇرۇ ئۇسار، ئول تىنلىغ
177 a نوم ئۆگرۇنچۇ بۇرقان تىتىر. يىمە
177 ئەتئۆزى تۇرقارۇ ئادرۇق ئادۇرق
178 ئالقىنچسىز سەۇىگلىگ بۇرتمەك بۇرتەر. ئول كىم بۇرتمەك تىتىر،
179 يوق قۇرۇغ يىمە ئولۇق ئەرۇر. ئول كىم يىمە يوق قۇرۇغ تىتىر، بۇرتمەك
180 يىمە ئولۇق ئەرۇر. بۇرتمەكتە ئۆڭى يوق قۇرۇغ بۆلتۇقماز. يوق
181 قۇرۇغدا ئۆڭى يىمە بۇرتمەك بۆلتۇقماز. بۇرتمەكىگ ئالقۇ ئىنچە
182 ئۆتكۇرۇ ئۇسار، ئول تىنلىغ ئەتئۆزى بىلگە يارۇق بۇرقان ئەتئۆزى بولۇر.
183 تاقى يىمە كۆڭلى بىلىگى يىمە تۇرقارۇ ئادرۇق ئادۇرق ئالقىنچسىز
184 تۆرۇ ساقىنۇر ئادىرار. ئول كىم تۆرۇ تىتىر، يوق قۇرۇغ يىمە
185 ئولۇق ئەرۇر. ئول كىم قۇرۇغ تىتىر، تاشتىنقى تۆرۇ يىمە ئولۇق
186 ئەرۇر. تۆرۇدە ئۆڭى يوق قۇرۇغ بۆلتۇقماز. يوق قۇرۇغدا ئۆڭى
187 يىمە تۆرۇ بۆلتۇقماز. تاشتىن سىڭارقى كۆڭۈلكە كەلتەچى تۆرۇلەرىگ
188 ئالقۇ ئىنچە ئۆتكۇرۇ ئۇسار، ئول تىنلىغ ئەتئۆزى نوم يالترىغلىغ بۇرقان
189 ئەتئۆزى بولۇر. تاقى يىمە قاماغ تۇزۇنلەر بۇ كۆز ئۇلاتى ئالتى تۆرلۇگ
190 ئىلەنۇر يىلتىزلار ئىشى كۆدۇگى چىنزۇ تىگمە ئەرتۇكتەگ كىرتۇ تۆز بەلگۇسى
191 بۇ ئەرۇر. كىم قايۇ تىنلىغ مۇنى ئۆتكۇرۇ ئۇسار، مۇنى ياڭىلمادىن
192 بۇرقانلار يارلىغىنچا كۆنى ئوغۇرچا ئۆتكۇرسەر، تۇرقارۇ ئۇزۇكسۇزۇن
193 يورتسار ئىشلەتسەر يىمە ئادناغۇغا نوملاسار، ئول تىنلىغ بۇرقانلار
194 يولىڭا كىرمىشكە سانۇر. كەنتۇ ئۆزى بودىستۇت ئاتانۇر. بىرۆك
195 مۇنى ئۇقمادىن ئادىنسىغراق ئادىرا تۇتسار، ئازۇ ئايىغ قىلىنچ
196 ئىيە بارىپ، تەرسلى ئۆڭلى ئەدگۇلى ئايىغلى ئىكى تۆرلۇگ قىلىنچ قىلسار،
197 ئول تىنلىغ بۇ يىرتىنچۇدە تەگزىنۇر، ئازۇ يوقارۇ يارۇق تەڭرىلەر يېرىنتە
198 مەڭى مەڭىلەيۇر، ئازۇ قودى ئۇچ ياۋلاق يولقا كىرۇر. ئەمگەك ئەمگەنۇر.
199 تۇزۇنلەرىم، ئەدگۇگ ئايىغىغ يىمە كېرتكۇنمىش كەرگەك، كىم كىن ئۆكۇنمەسەر.
200 تاقى يىمە قاماغ تىنلىغلارنىڭ كۆڭۈلى بىلىگى ئەتئۆزى بۇرقانلارنىڭ
201 نوم ئىدىشى تىتىر. كىم ئۇچ ئاغىلىق نوم، ئىكى يىگىرمى بۆلۇك يارلىغ
202 تۇكەتى كۆڭۈل ئىچىنتە تۇتار، ئانچۇلايۇ قالتى كەگدەگە بىتىمىش كۇئىن
203 بىتىگ تەگ، سانسىز تۇمەن ئاژۇنتا بەرۇ ئۇنتمادىن ئىچغىنمادىن
204 ئۆيۇ تۇتار، كىن قاچان ئوغرى بولتۇقتا يانا ئادناغۇغا بوشغۇرۇر
205 ئۇلەيۇر، ئالقىنچۇغا تەگى بۇرقانلار ئۇرۇغى ئۇزۇلمەز، قىلچا ئەكسۇمەز
206 تەگشىلمەز، ئارتاماز بۇزۇلماز، ئالقىنماز يوقادماز، ئول بۇرقانلارنىڭ
207 كوئىمسوسى ئاغىلىقى تىتىر. كىم كۆڭۈل بىلىر نوم يىلتىزىن، كۆڭۈل تۆزىن
208 كۆرمىش بىلمىش ئۆتكۇرمىش تىنلىغلار ئەرسەر، ئول تىمىن ئانى كۆرۇر،
209 ئانى بىلىر، ئانى ئۆتكۇرۇر. ئانتادا ئۆڭى ئارقانت پراتىكۇبۇتلار
210 ئۇلاتى قاماغ شىراۋىكلار، ئازۇ قاماغ نىزۋانلارىغ باسمىش يالاڭۇقلار
211 بىلگەلەر ئالقۇ مۇنى بىلمەز ئۇقماز، ئۆتكۇرۇ ئومازلار. تاقى يىمە
212 تۇزۇنلەرىم، كىم قايۇ تىنلىغ بۇ نوم بىتىگىگ بوشغۇنۇپ، تۇپسۇز

تەرىڭ يۆرۈگىن ئۆتكۈرۈ ئۇسار، ئول تىنلىغىنىڭ كۆڭۈلى بىلىگى ئەتئۆزى بۇرقانلارنىڭ نوم ئىدىشى تىتىر. ئانتادا ئۆڭىكى يالاڭۇقلار تىنلىغلارىغ قولۇلاسار، ئەسرۆك كىشى تەگ تەنە مۇنا يورىيۇر. ئوڭۇلۇ ئۇمادىن ياڭلۇق ساقىنچ تۇرغۇرسار، ئىنچە بىلمەسەر، بۇ مەنىڭ ئۆز كۆڭلۈم ئەتئۆزۈم بۇرقانلارنىڭ نوم تۆزى يىلتىزى ئەرۈر تىپ، ئۆترۈ ئول تىنلىغ بۇ يىرتىنچۈدەكى تالۇي ئۆگۈز تەگزىنچىگە چومار باتار، تەگزىنۈر. ئۆچ ياۋلاق يولغا كىرۈر. سانسىز تۈمەن ئاژۇنتا توغار ئۆلۈر، سانسار ئىچىنتە ئەمگەك ئەمگەنۈر. بۇرقانلار نومىن ئەشتمەز. ئول ئۆدۈن بىش يۈز تەڭرى ئوغلانى ئول قۇۋراغدا ئەرۈر ئەرتىلەر. تەڭرى بۇرقانتا ئانتاغ ئادىنچىغ تاتىغلىغ سۆغانچىغ نوم يارلىغ ئەشتىپ، نوم كۆزلەرى ئارىتى ئاچىلتى، ئۆگىرتى سەۋىنتىلەر. ئالقۇغۇن تۆز كەرىنچسىز بۇرقان قۇتىڭا كۆڭۈل تۇرغۇرتىلار، ئول ئۆدۈن تىدىغسىز بودىستۇت تاقى ئىنچە تىپ ئۆتۈنتى: تەڭرىم، بۇ يىرتىنچۈدە توغمىش قاماغ تىنلىغلارتا توغماق ئۆلمەك بۇ ئىكى تۆرلۈگ تۆرۈ ئەرتىنگۈ ئاغىر تىتىر. توغدۇقتا كۈن تالۇلاماز. ئۆدى تەكدۈكتە ئۆترۈ ئۆلۈر. ئۆلتۈكتە يىمە كۈن تالۇلاماز. ئۆدى تەگدۈكتە ئۆترۈ ئۆلۈر. نە ئۈچۈن ئۆلۈگ كەرگەكسىز يىدىغ ئەتئۆز ئۈچۈن ئەدگۈ كۈن تالۇليۇر، ئەدگۈ كۈن تىلەيۇر. ئەدگۈ كۈنكە، ئەدگۈ ئۆدگە تىمىن تاشقارۇ تاشقارۇر ـ لار ئۈلۈغ تۆرۈ توقۇ ئىتەرلەر. تۆرۈ توقۇ قىلمىشتا كىن سۆكى ئولۇق ئەۋ بارقتا ئادا تۇدا بولمادىن بارماز. ئىگ ئاغرىغ ئۆلۈم ئۈلاتى ئادا تۇدا بولۇر. ئاغى بارىم ساچىلۇر تۆكۈلۈر: تاقى ئانتاغ بولۇر: ئول قايىغ تۇنۇر، ئانتاغ ئادرىلۇر. نە تۇسۇ بولۇر ئول ئەدگۈ كۈن، ئول ئەدگۈ ئۆد كۆرمىشى تالۇلامىشى. ئامتى، تەڭرىم، بۇ مۇنتاغ تەرس تەترۈ بىلىگلىگ تىنلىغلارقا كۆنى يول ئورۇق كۆرتكۈرۈ بىرگەي ئەرتى، كىم كۆنى يولچا، كۆنى بىلىگچە يۇرىزۇنلار ئەرتى. تەرس تەترۈ تۆرۈ قوزۇنلار ئەرتى، تەڭرىم. تەڭرى بۇرقان ئىنچە تىپ يارلىقادى: سادۇ، تىدىغسىز بودىستۇ، سىز قاماغ تىنلىغلار ئۈچۈن كەرگەكلىگ نوم ئايىتتىڭىز. ئامتى سىز قودۇرۇ تىڭلاڭ، نوملايۇ بىرەيىن: بۇ يىرلى تەڭرىلى كىڭ ئالقىغ، ئەدگۈ قىلىنچلىغ ئۈچۈن ئارىغ تۇرۇق يازىنچسىز ئەرۈر. كۈن ئاي تەڭرى ئىكى يارۇق ئوردۇلار ئەرتىنگۈ ئۈلۈغ كىڭ ئالقىغ يارۇق يالترىغلىغ ئەردىنىنىن ياراتمىش ئوردۇلار تىتىر. ئەدگۈ قىلىنچلىغ ئۈچۈن ئالقۇغۇن ياۋلاقسىزىن تۆرت بۇلۇڭۇغ كەزە يارۇتى تىنلىغلارىغ ئىگىدۈر. ئاسىغ تۇسۇ قىلۇر. يىل ئايقا ئەدگۈ. ئۆد ئۆدگە تاقى ياۋاش، نەڭ ياۋلاقى يوق. ئادرۇق ئادرۇق تەگشىلمەكى ئىدى يوق. تۇزۇن ئوغلانوم، بۇ يىرتىنچۈدەكى قاماغ ئىلىگلەر قانلار تىگمە ئۆكۈشى بودىستۇلار تىتىر. تىلىغلارقا ئاسىغ تۇسۇ قىلغالى ئۆزلەرىن تەگشۈرۈپ كەلىرلەر. ئول ئىلىگلەر قانلار يىمە يارلىقانچۇچى كۆڭۈللۈگ ئۈچۈن قاماغ بودۇنۇغ ئىنچە ئىگىدۈر، قالتى ئۆگ قاڭ ئامراق ئوغۇلىن ئەۋدە بارقتا ئىگىدۈرچە. بودۇنتقا ياۋلاق ساقىنچلارى يوق

ئەرۈر. ئۆزەكى يارۇق تەڭرىلەر يارلىغىڭا قودى ئىنەرلەر. قاماغ بودۇنقا ئۆگلەرى تەگ قانلارى تەگ بولزۇن تىپ. ئۆترۈ بۇ يىرتىنچۈدەكى ئۆلۈشىن بالىقىن ئىتە بېرۈرلەر. كىم ئايىغ قىلىنچلىغ توسۇن ياۋلاق مۇيغا تىنلىغلارىغ ئىيەر باسار، قىن قىرقىن تەگۈرۈر، ئالاڭاد تۇرۇر، كۆنى يولقا كىگۈرۈر. ئول ئەدگۇ قىلىنچ قىلتۇرۇر. ئۆزۈتلەرى تەڭرى يىرىڭە بارىر. يانا ئەتئۆزلەرىڭە ئاسىغلىغ لىكژىر تىپ بىتىگ بىتىيۈر. ئۇلۇش سايۇ، بالىق سايۇ بېرۈر. ئول كىم ئامتى ئىشلەتىرلەر: تولۇ تىپ، تۇز تىپ بۇتمەك تىپ، تىرمەك تىپ، ئاچىلماق تىپ، كىتەرمەك تىپ، تۇتماق تىپ، ئالىپ تىپ، سىماق تىپ، ئورنانماق تىپ، تۇرماق تىپ، تۇرغۇرماق تىپ. بۇ ئىكى يىگىرمى تۆرلۈگ تۆرۈسۈز ئۆژاكلار بىتىكلەرىگ ئول بىلىگسىز تىنلىغلار تۇتارلار: ئاداسىز تۇداسىز ئەرەلىپ تىپ. ئەتئۆزلەرىڭە ئانچا مۇنچا تۇسۇلۇر. ئىنچىپ ئارقۇن ئاغىر ئادا تۇدا كەلسەر يىمە كىتەرۈ ئۇماز. ئاداسى تۇداسى كەلتۇكتە ئۆترۈ تەرس تەترۈ بىتكەچى كۆرۈمچى تاپا بارىرلار. ئۆكۈش تۆرلۈگ ئىم سام، ئال چاۋش ئايۇ بېرۈرلەر. ئاچ يەكلەركە ئىچكەكلەركە ساچىغ تۆكۈك ئايۇ بېرۈرلەر، تاپىنتۇرۇرلار ئۇرۇنتۇرۇرلار. ئاش ئىچگۇ، ئاغى بارىم بېرتۇرۇرلەر. يانا ئولۇق يەكلەر ئىچكەكلەر يىگەدۈرلەر، تىلتاغ بولۇرلار، كەنتۇلەرنى ئۆزە ئىلەنۇرلەر، ئۇزاتى ئىنچا تاپىنزۇن ئۇرۇنزۇن، ئاش ئىچگۇ كەلۈرزۇن تىپ تاقى ئۆكۈش ئادا تۇرا قىلۇرلار. ئىنچىپ ئول تىنلىغلار ئۇقمادىن ئامرۇ تەرس تەترۈ تىنلىغلار، تۇرقارۇ تەڭرىلى يېرلى تۆرۈتمىش تۆرۈ ئول تىپ تىيۇرلەر. ئو ئەدگۇ قىلىنچلىغ تۆرۈدە بوشغۇتتا بۇرقانلار يارلىغىنتا كىتمىش ئەرۈرلەر. كۈن تەڭرى ئاي تەڭرى ئىكى يارۇق ئوردۇلار ئىچىنتەكى تەڭرىلەر يارۇقىڭا ئارقا بىرىپ، يانا يەكنىڭ ئىچكەكنىڭ قارارىغ ئىشىڭە كىرمىشكە سانۇر. تۇرقارۇ كىڭ ئالقىغ كۆنى ئۆلۈغ يولۇغ قودۇپ، تەرس تەترۈ تۆرۈگە، تار يولقا كىرمىشكە سانۇر. ئەرتىنگۇ تەرس تەترۈ تۆرۈ تىتىر تىنلىغلار. تۇزۇن ئوغلانىم، كىم قاينۇ تىنلىغ ئوغۇلانى توغسار، بۇ بىتىگىگ ئۈچ قاتا ئوقىزۇن. ئول ئوغلان ئۆگىن ئەمگەتمەدىن ئۈچۈز توغغاي. توغمىش ئوغۇل ئۆگىڭە قاڭىڭا تاپىغساق بولۇر. ئالقۇغا تىتىك ئۇتغۇراق، ئىگسىز توغاسىز، ئاداسىز تۇداسىز، ئەمگەكسىز تولغاقسىز، ئۆدسۈز قولۇسۇز ئۆلمەز. يىمە كىم ئۆلسەر بۇ بىتىگىگ ئۈچ قاتا ئوقىزۇن. كىنىڭە نەڭ ئادا تۇدا بولماز. تاقى يىمە، تۇزۇن ئوغۇلانىم، كۈنتە كۈن ئەدگۇ، ئاي ئايتا ئەدگۇ، يىل يىلتا تاقى ئەدگۇ، كەلتەچى بارچا ئەدگۇ، ئۆدلەر قولۇلار تاقى تۇزۇن، ئەرتىنگۇ ياۋاش. بىتىگ ئوقىپ ئىش ئىشلەسەر، نەڭ ئادا تۇدا بولغۇسى ئىدى يوق. ئۆلۈگكە تۆرۈ توقۇ قىلىپ، ئۆنتۇرۇر كۈنتە بۇ بىتىگىگ ئۈچ قاتا ئوقىزۇن، ئازۇ يىتى قاتا ئوقىزۇن. ئەرتىنگۇ تۇسۇلغاي قۇتادغاي. ئەرۈش ئۆكۈش ئەدگۇ قىلىنچ بولۇر. ئول ئەۋدە كۈن كۈنىڭە يوقلاماق ئاشىلماق بولۇر. ئۆزلەرى ياشلارى ئۇزۇن بولۇر. ئەتئۆز قودىسار، ئالقۇغۇن بۇرقانلار يىرىنتە توغار. تاقى يىمە، تۇزۇنلەرىم، كىم قايۇ تىنلىغ ئۆلۈگ كىشى ئۈچۈن سىن ئورۇن ئىتگەلى ياراتغالى ساقىنسار، ئۆزلەرى قانتا

291 تاپلاسار، ئاتتا ئىتزۇن. ئۆگتۈن كىدىن يىرتىن ىىرتىن يىرىگ
292 يىدان يىپاران ئارىتزۇنلار. ئىتگۈ يىرتە بۇ بىتىگىگ ئۆچ قاتا،
293 ئازۇ يىتى قاتا ئوقىزۇن. ئول ئۆزۈت يەكلەر، يىر ئالتىنقى ئەركلىگلەر
294 يىمە تاپلاغايلار، يىرىگ توپراقىغ بوش قودۇپ بارغايلار. ئەۋدە بارقتا
295 ئادا تۇدا بولماغاي. ئاسىغ تۇسۇ بولغاي. تەڭرى بۇرقان بۇ يارلىقامىش
296 يارلىغىغ يانا ئىكىلەيۇ ئۆتغۇراتى بەلگۈلۈگ قاۋىرا نوملايۇ بىرتى. ئىنچا
297 تىپ يارلىقادى: ئەمگەنىپ توغۇرۇر كۈنى ئەرتىنگۈ ئەدگۈ ئۆلسەر، تاشقارمىش
298 ئۆدى تاقى ئەدگۈ توغمىش ئۆلمىش ئۆدىنتە بۇ بىتىگىگ ئوقسارلار،
299 ئەرتىنگۈ قۇتادغاي تۇسۇلغاي. ئايى كۈنى ئەرتىنگۈ يارۇق، ئەرتىنگۈ ئەدگۈ
300 يىلى ئۆدى ئەرتىنگۈ ئەدگۈ ياۋاش بىتىگ ئوقىپ ئىش ئىشلەسەر، يىتىنچ
301 ئوغۇشقا تەگى ئالقۇ قۇتادۇر ئاشلۇر. ئول ئۆدۈن ئول قۇۋراغدا
302 يىتى تۈمەن يىتى مىڭ بۇدۇنلار تەڭرى بۇرقان يارلىغىن ئەشىتىپ
303 ئەرتىنگۈ سۆزۈلتىلەر. كۆڭۈللەرى ئاچىلتى، تەرس تەترۇ تۆرۈسىن
304 قودۇپ، كۆنى كىرتۇ نومقا تۆرۈگە كىرتىلەر. بۇرقانلارنىڭ نوم
305 ئۆلۈشگە تەگىنىپ، سىزىكسىزىن تۈزكەرىنچسىز بۇرقان قۇتىڭا
306 كۆڭۈل تۇرغۇرتىلار. ئول ئۆدۈن تىدىغسىز بودىستۋ تەڭرى بۇرقانقا
307 تاقى ئىنچا تىپ ئۆتۈنتى: بۇ يىرتىنچۈدەكى تىنلىغلار ئالقۇ بىر
308 ئىكىنتىكە تۇشىن تەڭىن كۆرۈپ، تۇڭۇر بۆشۈك بولۇشۇپ،
309 قىز بىرىشىپ، باغىر بۆشۈك، ئەدگۈ ئۆگلى بولۇرلار. تۇڭۇر بۆشۈك
310 بولتۇقتا ئاشنۇ ئەدگۈ كۈن كۆرۈرلەر. ئەدگۈ ئۆد تالۇلاپ تىمىن
311 قاۋشۇرلار. قىز بىرىشىپ، كەلىن ئىچكەرىپ، مىڭ يىل تۈمەن كۈنكى
312 ساقىنچ ساقىنۇرلار. ئىنچىپ كىن يانا ئاژۇنتاقى ئۆلاغ سايىغ
313 ئوغرىنتا ئەدگۈلۈگىن ئۆگرۈنچلۈگۈن بەگ يۈتۈز بولۇپ، بايىن بارىملىغىن
314 قارىغىنچا قاۋشىغلى ئاز ئەرۈر. يوق چىغاي بولۇپ، ئۆدسۈز قولۇسۇز
315 ئادرىلىپ بارىغلى ئۆلۈگلى ئۆكۈش. بۇ ئىكى تۇرلۇگ تىنلىغلار تەرس تەترۇ
316 تۆرۈسى ئىنچىپ ئەدگۈ ياۋلاق ئۆتلىسى نە ئۈچۈن ئادرۇق ئەركى، تەڭرىم. تەڭرى
317 بۇرقان ئىنچا تىپ يارلىقادى: تۈزۈن ئوغلانىم، ئىنچا ئۇقۇڭلار،
318 قودۇرۇ تىڭلاڭلار. بۇ يىرتىنچۈدە ئۈستۈن تەڭرى يارۇق تىتىر، ئالتىن
319 ياغىز يىر قارارىغ تىتىر. كۈن تەڭرى يارۇق تىتىر، ئاي تەڭرى قارارىغ
320 تىتىر. ئوت يارۇق تىتىر، سۇق قارارىغ تىتىر. ئەر يارۇق تىتىر، تىشى
321 قارارىغ تىتىر. بۇ يىرلى تەڭرلى، تىشلى ئىركەكلى بىرگەرۇ قاۋشىپ،
322 قاماغ تىنلىغلى تىنسىزلى ئىكى تۆرلۈگ ئەد توغار بەلگۈرەر. تىنلىغ كەنتۈ
323 بىش ئاژۇن تىنلىغ تىتىر. تىنسىز ئەرسەر، قاماغ ئى ئىغاچ، ياش ئوت
324 تىتىر. كۈنلى ئايلى قارىشۇ قاۋشۇ يورىيۇر. ئۆترۇ يايلى قىشلى
325 تۆرت ئۆد بولۇر. تۆرت ئۆد ئىچىنتە يانا ئىكىرەر ئۆد ئادرىلۇر،
326 سەكىز ياڭى كۈن بولۇر. ئوتلى سۇۋلى بىر ئىكىنتىگە كۈچ باسۇت
327 بولۇپ، ئۆترۇ قوپ تۆرلۈگ ئى تارىغ يىمىش ئۈلاتى بىشارلار ئىتىلۇر.
328 تىشلى ئىركەكلى قاۋشىپ كىشى ئوغلى يالاڭۇقلار ئۈلاتى توغار بەلگۈرەر.
329 بۇ ئالقۇ يىرتىنچۈ يىر سۇۋداقى ئەدگۈلى ئايىغلى كەنتۈنۈڭ ئىكى تۆرلۈگ قىلىنچ

330 ئوغرىنتا تۆرۈتمىش تۆرۈ تىتىر. تۇزۇن ئوغلانىم، بىلىگسىز تىنلىغلار سىزلەر
331 بىلمەدىن ئۇقمادىن كۆرۈمچى ئۇلاتى تەرس تەترۇ تۆرۈچىگە بىلىنگ ئايتىپ،
332 ئۆكۈش تۆرلۈگ تۆرۈسۈز تسۈيلۈغ ئىرىنچۇلۇگ ئايىغ قىلىنچلىغ ئىش ئىشلەيۇرلەر.
333 تىنلىغلارىغ ئۆلۈرۈپ، ئاش ئىچكۇ قىلىپ، تۆڭۈر بۆشۈك، قاقاداش، ئەدگۇ ئۆگلى
334 ئالقۇ تىرىلۇرلەر. تۆرۈ توقۇ ئىتەر، ئۆكۈش سۈي ئىرىنچۇ قىلۇرلار. ئول ئايىغ
335 قىلىنچ كۈچىنتە ئەتئۆزى قودسار، ئۈچ ياۋلاق يولقا بارىر. ئانتاكىن
336 يانا كىشى ئەتئۆزىن بۇلۇغلى ئانتاغ ئول، قالتى تىرڭاق ئۈزەكى توپراق تەگ
337 ئۈچ ياۋلاق يولقا تۇشۇگلى ئانچا ئول، قالتى بۇ يىرتەكى توپراقچا
338 قالتى ئول كىشى ئەتئۆزىن بۇلۇغلى يالاڭۇقلارتا كىرتكۈنچ كۆڭۈللۈگ
339 تىنلىغلار ئانچا ئول، قالتى تىرڭاق ئۈزەكى توپراقچا. يانا كىرتكۈنچسىز
340 تىنلىغلار ئانچا ئول، قالتى يىرتەكى توپراقچا. تۇزۇنلەرىم، كىم قانيۇ
341 تىنلىغ تۆڭۈر بۆشۈك، ئەدگۇ ئۆگلى بولغالى ساقىنسارلار، ياراشۇرىن ياراشمازىن،
342 ئەدگۇسىن ياۋلاقىن ئايتمازۇن. ئوتلى سۈۋلى ياراشمازى، كۈنلى، ئايلى، يىلى
343 يۇلتۇزلى قۇتلى ياراشمازى ئالقۇ ئايتمازۇن. قىزىغ تاشقارمىش كۈنتە
344 بۇ بىتىگىگ ئۈچ قاتا ئوقىزۇن، قىزلى كۈدە گۈلىگە تۆرۈ توقۇ قىلمىش
345 بولغاي. بۇ ئەرۈر ئەدگۇ ئەدگۈگە ئۇلاغ سايىغ بولمىش. يارۇق يارۇقۇغ ئىچكەرمەك.
346 ئەۋ بارق كۈنىڭە يوقلايۇر، ئەۋ ئىيەسى كۈنىڭە ئاشىلۇر. ئۇلۇغ كىچىگ،
347 قا قاداش، ئوغۇل قىز ئاشىلۇر. توغمىش ئالقۇ تىتىك ئۇتغۇراق ئالىپ ئەردەملىگ
348 توغار. ئۆگىڭە قاڭىڭا تاپىغساق بولۇر. قوپقا قۇتادۇر ئاشىلۇر. ئۆد سۈز
349 قولۇسۇز ئۆلمەز، تۇكەل ئۇلۇگلۇگ توغار، ئاڭ لىنىنتە بۇرقان يولىڭا
350 كىرۈر، بۇرقان قۇتىن بۇلىر. ئول ئوغۇرتا سەكىز ئۇلۇغ كۈچلۈگ
351 ئەردەملىگ بودىستۋلار بار ئەرتىلەر، ئالقۇ بۇرقان كۈچىڭە يارلىغىڭا
352 ئۇلۇغ دارنى تىگمە ئەردەمكە تۇكەللىگ ئەرتىلەر. ئىنچىپ ئەردەمىن باتۇرۇپ
353 بۇ يىرتىنچۇ يىر سۈۋدا قاماغ تىنلىغلار ئارا يورىيۇر ئەرتىلەر. كەنتۇنۇڭ
354 يارۇق كۈچلۈگ بۆگۈلۈگ ئەردەمىن، ئەدگۇقىلىنچىن قاماغ تىنلىغلارنىڭ قارارىغ
355 ئايىغ قىلىنچىڭا قاتىپ، بىلتىزمەدىن تۇيۇزمادىن تىنلىغلارقا ئاسىغ تۇسۇ
356 قىلۇ يورىيۇر ئەرتىلەر. ئاتلارى بۇ: يۇكۈنۈرمەن بادرا ئاتلىغ نىزۋانسىز بودىستۋتقا،
358 يۇكۈنۈرمەن راتناكار ئاتلىغ نىزۋانسىز بودىستۋتقا، يۇكۈنۈرمەن كۈمۈت
359 ئاتلىغ نىزۋانسىز بودىستۋتقا، يۇكۈنۈرمەن نارايىن ئاتلىغ نىزۋانسىز بودىستۋتقا،
360 يۇكۈنۈرمەن سۈمىر تەرىك ئاتلىغ نىزۋانسىز بودىستۋتقا، يۇكۈنۈرمەن
361 ئىنترادانى ئاتلىغ نىزۋانسىز بودىستۋتقا، يۇكۈنۈرمەن تۇرۇق سۈزۈك ئاتلىغ
362 نىزۋانسىز بودىستۋقا، يۇكۈنۈرمەن ئالقىنچسىز دىيان بۇلمىش ئاتلىغ نىزۋانسىز
363 بودىستۋ. بۇ سەكىز ئۇلۇغ كۈچلۈگ ئەردەملىگ بودىستۋلار ئالقۇغۇن
364 ئەلىگىن قاۋشۇرۇپ، تەڭرى بۇرقانقا ئىنچاتىپ ئۆتۈگ ئۆتۈنتىلەر: تەڭرىم،
365 بىز قاماغان ئاشنۇقى بۇرقانلارتا ئەدگۇ نوم بوشغۇت كۈچلۈگ تارنى بۇلتۇمۇز.
366 ئول تارنى كۈچىڭە بۇ يىرتىنچۇ يىر سۈۋداقى تىنلىغلارقا ئۆكۈش ئاسىغ
367 تۇسۇ قىلتىمىز. بۇ بىتىگىگ ئايايۇ ئاغىرلايۇ تۇتار، ئوقىيۇر تىنلىغلارىغ كۈيۇ
368 كۈزەتۇ تۇتتۇمۇز. ئامتى يمە تەڭرىم يارلىقاسار، تارنى ئارۋىشىمىزنى ئۆتۈنەلىم.
369 ئانچۇلايۇ يمە بۇ نوم بىتىگىگ ئوقىيۇر تۇتار ئاغىرلايۇر تىنلىغلارىغ كۈيۇ

370 كۆزەتۈ تۇتالىم، كىم ئالقۇ تۆرلۈگ ئانىغدا كىتىزۈنلەر، ئاداسىزىن تۇداسىزىن
371 ئەرزۈنلەر، تەڭرىم. ئۆترۈ ئول تارىنى ئارۋىشىن نوملادى، ئىنچا تىپ تىتىلەر:
372 ئوم ئاكانى نىكانى ئاھىلا ماڭى مانتالى سۋاخا. تەڭرىم، بۇ ئارۋىش
373 كۆچى ئەدرەمى ئەرتىنگۈ ئۇلۇغ تىتىر. كىم ئايىغ قىلىنچلىغلار بۇ نومۇغ
374 ئارۋىشىغ نوملاغلى نومچىغ ئۆرلەتگەلى ساقىنچ ساقىنسار، بۇ ئارۋىشىغ سۆزلەزۈن:
375 ئول ياۋلاق يەك ئىچكەكىنىڭ باشى يىتى ئۆڭى يارلىغاي، ئىنچا قالتى ئالى
376 ئىغاچ تەگ. ئول ئۆدۈن ئالقىنچسىز ئۈلگۈسۈز ئەتىۆزلۈگ بودىستۋ ئورۇنتا
377 تۇرۇپ، ئەلىگىن قاۋشۇرۇپ، تەڭرى بۇرقانقا ئىنچاتىپ ئۆتۈگ ئۆتۈنتى:
378 تەڭرىم، نە ئۈچۈن بۇ نوم بىتىگ سەكىز يۈكمەك يارۇق تىپ ئاتانتى. قاماغ
379 قۇۋراغقا يارلىغ يارلىقازۇن، بىلەلىم ئۇقالىم، سۆكى تۆز يىلتىز كۆڭلۈمۈزنى
380 ئۆتكۈرۈ تەگىنەلىم، بۇرقانلار بىلىگكە تەگىنەلىم. سىزىكلىگ كۆڭۈلۈمۈز ئالقىنچۇ-
381 غا تەگى ئۈزۈلسۈن، تەڭرىم. ئول ئۆدۈن تەڭرى بۇرقان ئۈلگۈسۈز ئەتىۆزلۈگ
382 بودىستۋغ: سادۇ سادۇ تىپ ئۆگدى ئالقادى، ئىنچا تىپ يارلىقادى: تۈزۈن ئوغلانىم،
383 قودۇرۇ تىڭلاڭ، ئۆتغۈراتى نوملايۇ بىرەيىن. سەكىز تۆرلۈگ يارۇق بىلگە
384 بىلىگ بىر قۇۋراغ، بىر يۈكمەك بولۇپ، بىر نوم بىتىگ بولتۇق ئۈچۈن
385 سەكىز يۈكمەك يارۇق نوم بىتىگ تىپ ئاتانۇر. ياڭ تىسەر، يارۇق
386 يارۇق تىپ تىتىر. تايىشىڭ ئىتىگسىز بولتۇقماز. تەرىڭ يۈرۈگىن ئۆتغۈراق
387 يارۇنى ياشۇنى ئۆتكۈرۈ ئۇسار، ئول بىلگە بىلىگ تىمىن يارۇق بىلگە
388 بىلىگ تىتىر. نە ئۈچۈن تىسەر، سەكىز تۆرلۈگ كۆڭۈل بىلىگ ئۈلاگى
389 ساپىغى يوق قۇرۇغ، بولتۇقماز تىتىر. ئانى ئۆتكۈرۈ ئۇمىش ئۈچۈن سەكىز
390 يۈكمەك يارۇق تىپ ئاتانۇر. تاقى يمە ئىنچا تىپ يارلىقادى: قالتى يىرتىنچۈدە
391 ئەرۈش ئارقاغى ئىكىگۈ ئارقۇرۇ تۇرقۇرۇ قاۋشۇرۇپ، تۇرقۇ ئىشكىرتى بۆز
392 ئۈلاتى بىر ئەد بولۇر. تىنلىغلارقا كەدگۈ توناغۇ ئۈلاتى ئاسىغ تۇسۇ قىلۇر.
393 ئانچۇلايۇ يمە بۇ نوم بىتىگ ئىچىنتەكى سەكىز تۆرلۈگ كۆڭۈل بىلىگ ئەرۈشى
394 بولۇپ، يارۇق بىلگە بىلىگ ئارقاغى بولۇپ، تۇرقارۇ قاۋشىپ، تىنلىغلار تۇيار
395 ئۇقار بىلىر بولۇپ، ئۆتكۈرۈپ بۇرقان يولىڭا كىرۈر. ئاسىغ تۇسۇ قىلۇر. ئانى
396 ئۈچۈن بۇ نوم بىتىگ سەكىز يۈكمەك يارۇق بىتىگ تىپ ئاتانتى. سەكىز تۆرلۈگ
397 كۆڭۈل بىلىگ بۇ ئەرۈر: ئاڭىلكى كۆز بىلىگ، ئىكىنتى قۇلغاق بىلىگ، ئۈچۈنچ
398 بۇرۇن بىلىگ، تۆرتۈنچ تىل بىلىگ، بىشىنچ ئەتىۆز بىلىگ، ئالتىنچ كۆڭۈل
399 بىلىگ، يىتىنچ ئادرا تىگمە بىلىگ، سەكىزىنچ ئاغىلىق كوئىمسو بىلىگ. قالتى
400 بۇرقانلارنىڭ يارۇق بىلگە بىلىگ كۈچىنتە بۇ سەكىز تۆرلۈگ ياڭلۇق بىلىگىن
401 ئارىتۇ ئۇسار، ئىنچا بىلگەي ئۇقغاي ئول تىنلىغ، بۇ سەكىز تۆرلۈگ كۆڭۈل بىلىگ
402 ئىچىنتەكى ياڭلۇق ساقىنچ تۆزى يىلتىزى ئالقۇ يوق قۇرۇغ ئەرمىش تىپ،
403 ئۆترۈ نوم كۆزى يارۇيۇر، كەنتۈنۈڭ كۆزىن ئىنچا بىلىر. بۇ مەنىڭ كۆزۈم
404 كۈن ئاي تەڭرى ئوردۇسى تىتىر. بۇ ئوق كۈن ئاي تەڭرىدەن يانا كۈن
405 ئاي يالترىق تىگمە بۇرقان بەلگۈرەر. ئىكى قۇلغاقى ئۈن ئەشتۈر تەڭرى يېرى
406 تىتىر. ئولۇق تەڭرى يېرىندەن يانا ئالقىنچسىز ئۈنلۈگ بۇرقان بەلگۈرەر.
407 ئىكى بۇرۇن ئۈتى بۇرقان تۇتسۇكى تىگمە تەڭرى يېرى تىتىر. ئولۇق تەڭرى
408 يېرىنتەن يانا يىپار يۈكمەك بۇرقان بەلگۈرەر. تىلى نوم تاتىغى تىگمە

409 تەڭرى يېرى تىتىر. ئۇلۇق تەڭرى يېرىنتەن يانا نوم ئۆگرۈنچۈ بۇرقان بەلگۈرەر.
410 ئەتئۆزى لۇچان ئاتلىغ تەڭرى يېرى تىتىر. ئۇلۇق تەڭرى يېرىنتەن يانا تۆكەل
411 ئىتىگلىگ كۆزۈنگۈ كۆركلۈك بۇرقان بەلگۈرەر. كۆڭۈلى كۆگۆزى ئادرۇقسۇز
412 تەڭرى يېرى تىتىر. ئۇلۇق تەڭرى يېرىنتەن يانا تەبرەنچسىز بۇرقان بەلگۈرەر.
413 ئۇلۇغ يالترىقلىغ بۇرقان بەلگۈرەر. كۆڭلى نوم تۆزى تەڭرى يېرى تىتىر.
414 ئۇلۇق تەڭرى يېرىنتەن يانا قۇرۇغ ئىلىگ تىگمە بۇرقان بەلگۈرەر. ئادرا
415 ئاتلىغ بىلىگ تەڭرى يېرىنتەن يانا ئاگام بىتىگ، نىرۋان بىتىگ بەلگۈرەر.
416 كوئىمسو ئاغىلىق بىلىگ تەڭرى يېرىنتەن يانا ئۇلۇغ بىلگە بىلىگ پارامىت
417 بىتىگلى يوگا ئاتلىغ بىتىگ بەلگۈرەر. بۇ ئەرۈر سەكىز بىلىگ ئاتلارى. تۆزۈن
418 ئوغلانىم، ئول كىم بۇرقان تىتىر، نوم ئۇلۇق ئەرۈر. ئول كىم نوم تىتىر،
419 بۇرقان يمە ئۇلۇق ئەرۈر. بۇ ئىكى بىرلە قاۋشۇر ئۇلۇغ ئۆگۈتمىش يىگەدمىش
420 بىلگە بىلىگ تىپ بۇرقان بەلگۈرەر. تەڭرى بۇرقان بۇ نوم يارلىغ يارلىقا دۇقتا
421 بۇ ئاغىر يېر ئالتى تۆرلۈگ تەبرەدى قامشادى. تەڭرى بۇرقان يارۇقى ئۈنتون
422 سىڭار يېر سۇۋدا ئالقۇ يارۇدى. يارۇقى يالترىيۇ قارارىغ ئالقۇ كىتەرتى.
423 تامۇداقى ئەمگەكلىگ تىنلىغلار ئالقۇ ئوزدى قۇرتۇلتى، ئەدگۈ ئەتئۆزگە كىرتىلەر.
424 ئول ئۆدۈن ئول قۇۋراغدا سەكىز تۇمەن تۆرت مىڭ بودىستۋلار ئالقۇ
425 بۇرقان بىلىگىڭە تەگدىلەر. ئالقۇ يوق قۇرۇغ ئىلىگ تىگمە ئورۇنقا
426 تەگدىلەر. كىن ئالقۇ بۇرقان قۇتىن بۇلغايلار. كالپ ئۆدى كىرىسىز ئارىغ
427 تىپ تىتگەيلەر. ئۇلۇشى بالىقى بۇلۇڭسۇز بۇچغاقسىز قاماغ تۇرقارۇ بودىستۋ-
428 لارنىڭ ئالتى پارامىت يورىغىنتا قاتىغلانغايلار. بۇلۇنچسۇز تۆرۈگە
429 تەگىنمىش ئەرگەيلەر. ئۇلاتى ئالتى تۇمەن ئالتى مىڭ تويىنلار شمنانچلار
430 ئۇپاسى ئۇپاسانچلار يمە تارنى تىگمە ئەردەمگە تەلىنىپ، ئىكى ئەرمەز نوم قاپىغد-
431 ىڭا كىرتىلەر. سانسىز ساقىشىسىز تەڭرىلەر يەكلەر، ئۇلۇغ كۈچلۈگ لۇۋلار،
432 گانتارۋىلار ئاسۇرلار، تالىم قاراقۇش قانلارى كىنارىلار، ماخوراگىلار، كىشلى
433 كىشى ئەرمەزلى ئالقۇنوم كۆزلەرى ئارىتى ئاچىلتى. كۆنى بودىستۋلار يورىغىڭا
434 يولىڭا كىرتىلەر، تاقى يمە، تۆزۈن ئوغلانىم، قايۇ تىنلىغ ئاتقا يولغا
435 تەگىنسەر، ئاتانمىش كۈنتە، ئازۇ ياڭى ئەۋ بارقا كىرمىش كۈنتە بۇ
436 بىتىگنىگ ئۈچ قاتا ئوقسارلار، قاماغ قۇتلار ۋاقشىكلار كۈيۈ كۈزەتۈ
437 تۇتغايلار. ئۆز ئۆزۈن، قۇت قالىن بولغاي، كىم بۇ بىتىگنىگ بىر قاتا
438 ئوقىسارلار، ئۈچ ئاغىلىق نوم بىر قاتا ئوقىمىش تەگ بولۇر.
438 a بۇ بىتىگنىگ بىر كۈن بىتىسەر،
438 ئۈچ ئاغىلىق قاماغ
439 نوم بىتىگ تۈكەتى بىتىمىش تەگ بولۇر. ئەدگۈ قىلىنچى قولۇسۇز ئەرۈش ئۆكۈش
440 تىتىر: تاقى يمە، ئۇلگۇسۇز ئەتئۆز بودىستۋ، قايۇ تىنلىغ كۆنى نومقا
441 كېرتكۈنچى يوق ئەرىپ، تەرس تەترۇ ئانىغ قىلىنچلىغ ئەرىپ، بۇ نوم بىتىگنىگ
442 ئەشتىپ، كېرتكۈنمەدىن ئايىغلاسار، بۇرقان يارلىغى ئەرمەزتىپ تىسەر، ئول تىنلىغ
443 كۆزۈنۈر ئاژۇنتا ئانىغ كۆركسۇز ئۇدۇز ئۆرمەن قارت يىرىڭ ئىگلىگ
444 بولۇر. ئەتئۆزى ئالقۇ قان يىرىڭ ئاقار تۆكۈلۈر، يارسىنچىغ بولۇر، ئەتئۆزى
445 يىدىغ ساسىغ بولۇپ، ئالقۇ كىشى يارسىيۇر، ياقماز بولۇر. ئەتئۆزى قودسار، ئاۋىش

446 تامۇدا توغار، تامۇداقى ئەمگەكىن تۆكەل كۆتۈرۈر، بىر ئۆدۈن سۆنمەز تىنتۇرماز
447 ئەمگەتىرلەر. ئانى ئۆچۈن تەڭرى بۇرقان ئول يازۇقلۇغ تىنلىغلارقا ئىنچا
448 تىپ يارلىقادى: ئەتئۆز كەنتۈن بولمىش ئەتئۆز تىتىر. بېش تۆرلۈگ يىنى يمە كەنتۈن
449 بولمىش ئول تىتىر. ئۆلغادسار، كەنتۈن ئۆلغادۇر. قارىسار يمە كەنتۈن قارىيۇر.
450 توغسار يمە كەنتۈن توغار. ئۆلسەر يمە كەنتۈن ئۆلۈر. ئۆزۈن ياش تىلەسەر،
451 بۇلتۇقماز.
451a ئۆلەيىن تىسەر، يمە ئۆلۈ ئۇماز.
451 ئەمگەكلى مەڭىلى كەنتۈن كۆتۈرۈر. تەرسلى ئوڭلى قىلتاچى يمە ئۆز
452 قىلىنچى تىتىر. كىمگە نەڭ يېرىنگۇ ئەرمەز، ئالقۇ ئۆز قىلىنچى تىتىر. ئىتىگ
453 ياراتىغ قىلغالى ساقىنسار، ئاڭئاشنۇ بۇ بىتىگ ئوقىمىش كەرگەك. مىڭ تۈمەن
454 يىلقا تەگى ئاداسىز بولۇر. يانا بۇرقان قۇتىڭا ئۇرۇغ تارىخ كەمىشمىش
455 بولۇر. كىن بۇرقان قۇتىن بۇلۇپ، نوم تىلگەنىن تەۋرەر، قاماغ تىنلىغلارقا
456 ئاسىغ تۇسۇ قىلۇر. تەڭرى بۇرقان بۇ نوم يارلىغ يارلىقاپ، قاماغ قالىن قۇۋراغ
457 ئەشتمەدۈكۈگ ئەشتمىش تەگ، بۇلمادۇقۇغ بۇلمىش تەگ بولۇپ، ئەرتىنگۇ ئۆگرۈنچۈلۈگ
458 سەۋىنچلىگ بولۇ تەگىنىپ، كۆڭۈللەرى كۆگۈزلەرى بىلگە بىلىگلەرى يارۇدى ياشۇدى.
459 ئالقۇغۇن تاشتىنقى تۆرۈگ بەلگۈگ يوق قۇرۇغ تىپ بىلتىلەر. بۇرقانلار
460 تۈيماقىڭا بىلىگىڭە كىرتىلەر. ئول كىم كۆركسۈز تۈيۈغسۇز بەلگۇسۇز تىپ تىتىر،
461 نەڭ بولغۇسى يوق ئەسەر، ئول تىمىن نىرۋان مەڭىسى تىتىر. ئالقۇغۇن
462 بۇ تۈيماقىغ تۈيدىلار، ئاتقانغۇلۇقسۇز يوقۇغ بىلتىلەر ئۇقتىلار،
463 ئۆتكۈرتىلەر. ئۆگرۈنچلۈگ سەۋىنچلىگ بولۇپ، تەڭرى بۇرقان يارلىغىن
464 تۆپۈرە تۇتا تەگىنىپ، كەنتۇ كەنتۇ ئەرگۇسىڭەرۇ يادىلتىلار.
465 تەڭرى بۇرقان يارلىقامىش تەڭرىلى يېرلى سەكىز يۈكمەك بۇگۇلۇگ ئارۋىش
466 نوم بىتىگ بىر تەگزىنچ. نامو بۇت، نامو درام، نامو ساڭ.

## تەرجىمىسى

01 بۇدداغا، نومغا، بۇتخانىغا بېغىشلاپ.
02 تەڭرىلەرنىڭ تەڭرىسى بۇرخان ئۆزى ئېيتقان، ئاسماندا ۋە زېمىندا
03 سەككىز مۇجەسسەملىك نۇر چېچىپ يالتىرىغان تەك ۋىپ
04 ئاتلىق مۇقەددەس سېھرىي سۇترا نومىنىڭ بىرىنچى جىلدى.
05 مەن مۇنداق ئىشتكەنىدىم: كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى،
06 ئىلىم - بىلىمگە توشقان تەڭرىلەرنىڭ تەڭرىسى بۇرخان ۋايشالى ئاتلىق
07 تەقۋادار بۇددىزم شەھرىدىكى كەڭ، ئازادە ئوردۇدا ھەممە تەرەپلەردىكى
08 بۇرخانلار ئېلىدىن كەلگەن نۇرغۇنلىغان بۇدساتۋالار
09 ۋە بۇ يەردىكى تۆت تۈرلۈك جامائەت بىلەن سۆزلىشۋاتاتتى.
010 شۇ چاغدا توسالغۇسىز بۇدساتۋا جامائەت ئارىسىدا ئىدى.
011 ئۇ ئولتۇرغان ئورنىدىن ئۆرە تۇرۇپ،
011 a ئوڭ بىلىكىنى تونىدىن چىقىرىپ.
011 تىزلىنىپ،

012 قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ، تەڭرىلەرنىڭ تەڭرىسى بۇرخاندىن مۇنداق سوئاللارنى
013 سورىدى: «تەڭرىم، بۇ جامبۇدىۋىپ ئاتلىق يەردىكى كىشىلەر ئارىسىدا
014 بىر - بىرىگە ئۆلىنىپ ئارقا - ئارقىدىن (دەسلەپكى) زاماندىن
015 تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر تۇغۇلۇش - ئۆلۈش ئۇزۇلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ،
016 تەڭرىم. بۇ كىشىلەر ئارىسىدا دانىشمەنلەر ئاز، بىلىمسىزلەر
017 كۆپ، تەڭرىم. ئۈچ گۆھەرگە چوقۇنىدىغانلار ئاز، جىن -
018 ئالۋاستىلارغا، شامانغا تېۋىنىدىغانلار كۆپ، تەڭرىم. يەنە
019 پاك ديانەتلىك كىشىلەر ئاز، ديانىتى سۇس كىشىلەر
020 كۆپ، تەڭرىم. ياخشىلىققا ئىنتىلىدىغانلار ئاز، يامانلىققا
021 يۈگرەيدىغانلار كۆپ، تەڭرىم. ئۇزۇن ياشايدىغان كىشىلەر ئاز،
022 ۋاقىتسىز كېتىدىغانلار كۆپ، تەڭرىم. ئېغىر - بېسىق، كۆكسى - قارنى كەڭ
023 كىشىلەر ئاز، توختالغۇسى يوق، يامان نىيەتلىك كىشىلەر
024 كۆپ، تەڭرىم. باي - باياشات كىشىلەر ئاز، يوقسۇل،
025 كەمبەغەل كىشىلەر كۆپ، تەڭرىم. ئەدەپلىك،
026 سىلىق - سىپايە كىشىلەر ئاز، قوپال،

1 قارام، ياۋايى كىشىلەر كۆپ، تەڭرىم. راستچىل
2 كىشىلەر ئاز، تەڭرىم. يالغانچى، مىكىرلىك كىشىلەر كۆپ، تەڭرىم.
3 كۆپنى بىلىدىغان، بايلىققا بېرىلمەيدىغان كىشىلەر ئاز، ھەممىگە قول سۇنىدىغان، چالا
4 بىلىدىغان كىشىلەر كۆپ، تەڭرىم. سەدىقە بېرىشتە مەرت كىشىلەر ئاز،
5 پىخسىق، سەدىقە بەرمەيدىغان كىشىلەر كۆپ، تەڭرىم. راستچىل كىشىلەر ئاز،
6 ساختا، ئالدامچى كىشىلەر كۆپ، تەڭرىم. شۇڭا بۇ يەردىكى
7 كىشىلەر بەختسىز، تەلەيسىز، تەڭرىم. ئۆزلىرىنىڭ بەختسىزلىكى،
8 تەلەيسىزلىكى بىلەن. ئۇ ئالەمدە ئۇلارنىڭ تېنى
9 ئۇزۇن ۋاقىت قىينىلىدۇ. قايسى ئەلدە، قايسى شەھەردە بەگلەر
10 ياكى قېرى باشچىلار بولىدىكەن، ئۇلار قورقىدۇ، بېسىمغا ئۇچرايدۇ. يىنىك گۇناھ-
لىرى ئۈچۈن ناھايىتى
11 ئېغىر جازاغا تارتىلىدۇ، ناھايىتى قاتتىق قىينىلىدۇ، ئېغىر ھېساب - كىتابقا
12 قالىدۇ. ئاۋام خەلق ئۆزلىرىنىڭ بەختسىزلىكى، تەلەيسىزلىكى ئۈچۈن يوقسۇل،
13 كەمبەغەل بولىدۇ. ئىنتايىن ئېغىر جاپالار ھېسابىغا بىرەر نەرسىگە ئېرىشىشنى تىلەي
دۇ، ئەمما خورلۇققا
14 قالىدۇ، ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ. يالىڭاچ بەدىنىگە كىيىم چىقمايدۇ، ئاچ قورسىقى
تويمايدۇ،
15 ئاچ يۈرىدۇ، دەھشەت ئازابلارغا قالىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىلىمسىزلىكى ۋە يېتەر-
لىكسىزلىرىدىن
16 شۇنى بىلمەيدۇكى، مېنىڭ پانى ئالەمدە قىلغان قىلغۇلۇقلىرىم
17 مېنى مۇشۇنداق قىيناۋاتىدۇ، دەپ. يەنە كېلىپ يەردىن، ئاسماندىن، بۇرخاندىن،
18 ئەلدىن، خاندىن، بەگدىن، ھەمراھلىرىدىن يامانلايدۇ، رەنجىيدۇ، بەخت ئاتا قىلمىدى،
ئىگە بولمىدى

19 دەيدۇ. ئەمدى، تەڭرىم، بۇ بەختسىز، تەلەيسىز كىشىلەرگە يامان گويلىرى،
20 ئەسكى قىلىقلىرىدىن ئاجرايدىغان يولنى كۆرسەتسەڭ، تەڭرىم. شۇندا گۇلار
21 (ئۇنى) ئوقسۇن، بىلسۇن، ھەرخىل ئېغىر جاپالاردىن قۇتۇلسۇن،
22 تەڭرىم.» بۇ چاغدا تەڭرى بۇرخان توسقۇنسىز بۇدساتۋانى ماختىدى، مەدھىيلىدى:
23 «سىزگە ياخشىلىق يار بولغاي، ئەي توسقۇنسىز بۇدساتۋا. سىز مۇقەددەس مېھر-
بىان كۆڭلۈگىزدىن
24 بارلىق بەختسىز، تەلەيسىز، يامان نىيەتلىك كىشىلەر ئۈچۈن ھەقىقەت يولى،
25 ئېسىل نوم تىلەۋاتىسىز. ئەي بارلىق ئەدەپ ئىگىلىرى، كېيىمگە قۇلاق سېلىڭلار،
26 سىلەرگە بەخت ئاتا قىلغۇچى نومنى ئوقۇپ بېرەي، ئۇنى ئىلگىرىكى
27 بۇرخانلار ئوقۇغان، (ئىسمى: ) تەڭرىلى يېرلى سەكىز يۈكمەك ئارۋىش نوم بىتىگ.
28 ئەمدى مەنمۇ ئوقۇيمەن. كېيىن كېلىدىغان بۇرخانلارمۇ ئوقۇغاي.
29 ئۆگەتكۈچى يەردىنمۇ، ئاسماندىنمۇ ئۇلۇغراقتۇر...
30 ئىنساندىن ئادەمدىن ئۇلۇغ نەرسە يوق. «ئادەم» دېگەندە تۆۋەندىكىنى كۆزدە تۇتىمىز:
يۈرىكى ساپ،
31 سەممىمي نىيەتلىك، راستچىل بولۇش، كۆڭلى، قىلغانلىرى ئەگرى
32 بولماسلىق؛ قىلغان - ئەتكىنى توغرا بولۇش، سولدىكى ھەرىكىتىمۇ توغرا بولۇش،
33 ئوڭدىكى ھەرىكىتىمۇ ھەم توغرا بولۇش؛ ھەر ۋاقىت توغرا
34 يولدا ماڭسا، بۇ (كىشى) ئادەم ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنۇلارنى
35 بىلمەك لازىم: نومنى، دىننى ئادەم يارىتىدۇ، ئادەم ئۇلۇغلايدۇ، ئادەمگە
36 ئادەم ئىگىدارلىق قىلىدۇ، (ئادەم) نوم بىلەن كۆتۈرۈلىدۇ، ئۇلۇغ بولىدۇ. ئۇلۇغ
37 نوم (ۋە) دىن ئادەمنى يارىتىدۇ. كىم، قايسى ئادەم بۇ نومنى ئۆزىگە يېقىن
38 تۇتسا، ئۇ ئادەم بەختلىكلەردىن سانىلىدۇ.
39 ئۇنىڭدىن باشقا، توسقۇنسىز بۇدساتۋا، شۇنى بىلىڭكى، بارلىق جانلىقلار كۆپ
40 جاپا چېكىپ، ياخشى ئىشلارنى قىلىپ ئۆز ۋۇجۇدىغا ئېرىشىدۇ. ئەمما
41 ئۆز ۋۇجۇدىغا ئېرىشكەندىن كېيىن ياخشى ئىشلارنى قىلمايدۇ، ھەقىقىي نومنى
42 تۇتماي، ساختا ئىنسانلارنىڭ دىننى تۇتىدۇ، يامان
43 ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىدۇ. ئەگەر ۋۇجۇدىدىن ئايرىلسا، ئۈچ يامان يولغا
44 چۈشىدۇ، تولىمۇ ئېغىر ئازابقا قالىدۇ. ئاشۇ گۇناھكار،
45 يامان ئىشلارنى قىلغان كىشىلەر بۇ نومنى ئاڭلاپ، قىلچە شەكلەنمەستىن،
46 ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، ياماندىن قول ئۈزسە، بۇ گۇناھلىرىدىن، ئېغىر ئازابتىن
47 قۇتۇلىدۇ. ئازاب دېڭىزىدىن چىقىدۇ، مەڭگۈلۈك شادلىققا
48 ئېرىشىدۇ. (ئۇ كىشىنى) بارلىق روھلار ھامان قوغداپ
49 تۇرىدۇ، ۋۇجۇدى خەتەرسىز بولۇپ، ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرىدۇ، ۋاقىتسىز،
50 تۇيۇقسىز ئۆلمەيدۇ. پاك، سەممىيلىكىنىڭ جاۋابى شۇنداق
51 بولىدۇ. شۇڭا بىلىش كېرەككى، كىمكى بۇ نوم
52 بىتىگنى پۈتسە، پۈتكۈزسە، ئوقىسا، ئوقۇتسا ياكى كۆرسە
53 كۆرسەتسە، دىندىكى بويىچە ئۇلۇغلىسا، ئۇنىڭغا تېز
54 ۋىنسا، ئۇنىڭ ساۋابى چەكسىز بولىدۇ. ئۇ كىشى شۇ ھامان
55 بۇرخان بەختىنى تاپىدۇ. يەنە توسقۇنسىز بۇدساتۋا،

56 شۇنى بىلىڭكى، كىمكى بىلىمسىز، يامان قىلىقلىق بولۇپ،
57 ساختىا دىنغا ئېتىقاد قىلسا، بارلىق دىنغا مۇخالىپ
58 يامان ئىشلارنى قىلسا، بارلىق يامان قىلىقلىق ئالۋاستىلار، ساختىا
59 نوم تۇتقۇچى ئازغۇنلار، جىن - شاياتۇنلار، قۇزغۇنلار، بايقۇشلار،
60 شۇنىڭدەك قاباھەتلىك، قورقۇنچلۇق ئۇنلۇك قۇشلار، بارلىق
61 يامان كۆرۈنۇشلەرنىڭ ھەممىسى ئۆيىدە كۆرۈنىدۇ، كېلىپ چاتاق تېرىيدۇ،
62 ھەرخىل كېسەللەرنى ۋە خەۋپ - خەتەرلەرنى پەيدا قىلىدۇ. يىل، ئاي بويى دائىم
63 ئۆيىدە خەۋپ - خەتەر، زىيان - زەخمەت ئۈكسۈمەيدۇ. ئاتا - ئانىسى،
64 قان - قېرىنداشلىرى، دېدەك، قۇللىرى ئۆزئارا ئازارلىشار، ئوت بىلەن سۇدەك
65 چىقىشالماس بولۇپ كېتىدۇ. ئۆي ئىگىسى دائىم كۆڭلى بولغىنىپ،
66 قوپال، چېچىلغاق، تېرىككەك بولۇپ كېتىدۇ. بىلىش كېرەككى، بۇلارنىڭ ھەممىسى
67 جىنلارنىڭ قىلىقىدۇر. ئەمما ئۇ ئەقىللىق بولۇپ،
68 بۇ نوم - پۈتۈكنى ئۆيىدە ئوقۇتسا، ئۇلاپ ئۈچ قېتىم ئوقۇغاندا بۇ
69 خەۋپلەرنىڭ ھەممىسى بىراقلا يوقۇلىدۇ، ۋۇجۇدى ئاغرىق - سىلاقسىز،
70 خەتەرسىز بولىدۇ. نوم ئوقۇش، ياخشى ئىش قىلىشنىڭ پايدىسى شۇ. كىمكى
71 ھەددىدىن تاشقىرى ئۇياتسىز بولۇپ، ئادەتتىن تاشقىرى ئاچچىقلاپ، ئاچكۆزلۈك قىلىپ
72 ئېغىر ئازابقا قالسا، بىلىمسىزلىكتىن ئارتۇقچە ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ،
73 ھەرخىل غەم - ئەندىشىدە قىينالسا،
74 بۇ نوم - پۈتۈكنى ئوقۇتۇپ، ئۇنى ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭغا تېۋىنىپ
75 سېغىنسا، ئۇنى ئۈچ قېتىم ئوقۇسا، يۇقىرىقى
76 يامانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئازلايدۇ، تۈگەيدۇ، بېسىقىدۇ. ياخشى نىيەتلىك،
77 مېھرىبان، خۇشخۇي، تۈز بۇرخانلارنىڭ بارلىق
78 بىلىملىرىگە ئېرىشىدۇ، تېگىشلىك نومغا ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەي توسقۇن-
سىز بۇدساتۋا،
79 كىمكى قۇرۇلۇش، يارىتىش تېپىدىكى ئىشلاردىن شەھەر، بازار، ئۆي - ۋاران
80 قۇرغىلى، ياراتقىلى ئىنتىلسە، ئەڭ ئاۋۋال بۇ نوم - پۈتۈكنى
81 ئۈچ قېتىم شۇ جايدا ئوقۇش كېرەك. ئاندىن كېيىن، تۇپراق
82 قېزىپ، تام قوپۇرۇپ، لاي ئېتىپ ئىشنى باشلىماق
83 لازىم. ئاندىن شەكلەنمەستىن ئۆي - ۋاران سېلىش كېرەك. جەنۇب،
84 شىمال ئىككىسىگە ئوخشاشلا يازلىق ئۆي قىلىپ، شەرق،
85 غەرپكە بالكون، ئۇلارغا ئۇلاپ ئاشخانا،
86 مېھمانخانا، چوڭ - كىچىك ئىشىك، قۇدۇق، ئوچاق، تۈگمەن،
87 ئامبار، شۇنىڭدەك يىلقىغا ئاتخانا، ئادەمگە ھاجەتخانا دېگەندەكلەرنىڭ
88 ھەممىسىنى سېلىش كېرەك. شۇ چاغدا يەر ئاستىدىكىلەر،
89 قىينىغۇچىلار، جاللاتلارنىڭ ھەممىسى كېتىدۇ، بېشى كۈننىڭ كۈچىدە يۈرىدىغان،
90 ئاينىڭ كۈچىدە يۈرىدىغان، شامال كۈچىدە يۈرىدىغان، روھ كۈچىدە يۈرىدىغان،
91 كۈچلۈك خان قوشۇننى باشلايدىغان چوڭ قورقۇنچلۇقلارنىڭ
92 كاتتىلىرىنىڭ ئىسىملىرى مۇنۇلار: كۈن يۈرىدۇ، ئاي جاللات، كۈچلۈك
93 يۈپىتىر، سېرىق بايراق، يىلپىز قۇيرۇقى، بەش تۇرلۇك تۇپراقنىڭ كۈچلۈك

94 ئېگىلىرى، يەر تەڭرى خانى، سولدا (شەرقتە) كۆك ئەجدىھا، ئوڭدا (غەربتە) ئاق
95 يولۋاس، جەنۇبتا قىزىل سېغىزخان، غەربتە قارا يىلان، ئالتە قاپ ياراشماس (؟)،
96 ئون ئىككى كۆچتىنگىرلەر، يەردىكى قېرى باشلامچىلار، نامى بارلار، يۈزلۈكلەر،
پاتقاقتىكى
97 زەھەرلىك يىلانلار، ھارلىق جىن - ئالۋاستىلار (ۋە) ھەرخىل ئايرىغۇچى كۆچتىنگىر-
لەرنىڭ ھەممىسى ياشايدۇ،
98 يوقتىدۇ. يەر - زېمىندىكى ئىشلارنى قىلىدۇ. ئورۇننى بوش
99 قويۇپ، يىراق قاچىدۇ، سايىسىنىمۇ كۆرسەتمەستىن كېتىشىدۇ، خەۋپ - خەتەر
100 يەتكۈزەلمەيدۇ. قورغان، ياراتقان ئۆي - ۋاران ئىگىسىگە بەخت كەلتۈرىدۇ، بەختلىك،
101 تەلەيلىك قىلىدۇ. دائىم شاد - خۇراملىقتا چۆمدۈرىدۇ، مال -
102 مۈلكى كۆچەنمەستىن، قىينالماستىنلا دۆۋىلىشىپ كېتىدۇ. مۇبادا يىراقتا
103 بېرىشنى ئويلىسا، ياكى قوشۇن تارتسا، ياكى نام ۋە يول تاپماقچى بولسا
104 ۋە ياكى سودا - سېتىقتا بارسا، كۆپ نەرسىگە ئېرىشىدۇ.
105 ئوغلى، قىزى، ئۇرۇق - ئەۋلادى، قان - قېرىنداشلىرى كۆپىيىدۇ. ئانىسى،
106 دادىسى ئوغۇل - قىزلىرىغا مېھرىبان بولىدۇ. ئوغۇل -
107 قىزلىرىمۇ ئانىسى، دادىسىغا ساداقەتمەن بولىدۇ. قان - قېرىنداش، ئەر-
108 ئايالمۇ بىر - بىرىگە ناھايىتى ئامراق بولۇشىدۇ، كۆڭلىدە نېمىنى
109 ئويلىسا، ھەممە شۇ بويىچە بولىدۇ، مۇبادا سولاقتا چۈشسە ياكى
110 ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالسا، باغلاقتا چۈشۈپ، قامچا،
111 تاياق يەپ قىيىن - قىستاقتا ئېلىنسا، يەنە بۇ نومنى ئۈچ
112 قاتا ئوقۇسۇن، شۇندا ھەممىدىن خالاس بولىدۇ. يەنە كىمكى شەكلەنمەستىن
113 چىن كۆڭلىدىن بۇ نومنى پۈتتۈرسە، ياكى باشقىلارغا
114 ئوقۇتسا، ياكى كۆرسەتسە، قەدىرلەپ ساقلىسا، ئۇ كىشى
115 ئوتتا كۆيمەس، سۇدا ئۆلمەس؛ تاغدا، چۆلدە،
116 قانداقلىكى يەردە بولسا، يولۋاس، يىلپىز، بۆرى ۋە باشقا ۋەھشىي ھايۋانلارنىڭ
ھېچقايسىسى
117 يېقىن كېلەلمەس؛ بارلىق روھلار ئۇنى قوغداپ تۇرار. ئەڭ
118 ئاخىرىدا، (ئۇ كىشى) تەڭداشسىز بۇرخان يولىغا كىرگەي. يەنە
119 كىمكى ھەددىدىن ئارتۇق يالغان سۆزلۈك، نا توغرا سۆزلۈك، يامان سۆزلۈك (ۋە)
120 زىت سۆزلۈك بولۇپ قالسا، بۇ نومنى ساقلىسا، ئوقۇسا، سۆزلىسە،
121 تىلىدىكى يۇقىرىقى تۆت تۈرلۈك يامانلىق يوقۇلىدۇ. (ھېمدە) تۆت
122 تۈرلۈك راۋان، زەررىسىز، پاك تىلغا ئېرىشىدۇ، يەنە كىمكى
123 يامانلىقنى كۆپ قىلىپ، ئۆلسە، روھى دوزاختا بارىدۇ.
124 ئەمما ئوغۇل - قىزلىرى، يار - بۇرادەرلىرى، قان - قېرىنداشلىرى ئۆلگەن
ئانىسى ۋە دادىسى
125 ئۈچۈن بۇ نومنى يەتتە قاتا ئوقۇسا، روھى دوزاختىن قۇتۇلىدۇ.
126 جەننەتكە بارىدۇ ياكى بۇرخانلار ماكانىدا تۇغۇلىدۇ. بۇرخانلارنى
127 كۆرىدۇ، بۇرخانلار نومنى ئىشتىدۇ، نوم كۆزى يورۇيدۇ، تۈگىمەس - پۈتمەس
128 بىلىمگە ئېرىشىدۇ، بۇرخان يولىغا كىرىدۇ. بۇ چاغدا تەڭرىلەرنىڭ

129 تەڭرىسى بۇرخان توسقۇنسىز بۇدساتۋاغا مۇنداق دېدى: «ۋىپاشى بۇرخاننىڭ زامانىدا
130 ساداقەتمەن راھىبلار ۋە راھىبەلەر بار ئىدى. يالغان نوم (ۋە)
131 دىنغا، جىن - ئالۋاستىلارغا ئىشەنمەيتتى. سەمىمىيلىك بىلەن بۇ نوم - پۈتۈكنى
132 تۇتاتتى، (ئۇنى) يېزىپ، ئوقۇپ قەدىرلەپ، ئۇنىڭغا چوقۇناتتى؛
133 قانداقلىكى ئىش بولمىسۇن، پالچىلارغا، مۇنەججىملەردىن سورىماستىن،
134 قىلاتتى. چىن دىلىدىن، سەمىمىيلىك بىلەن دائىم سەدىقە ۋە ئالتە پارامىتنى
(ئالتە ياخشىلىقنى)
135 قولدىن بەرمەيتتى. شۇنداق تىرىشىپ، بۇرخان يولىنى
136 تۈگەتتى، بۇرخانلارنىڭ ئاقمايدىغان، ئېقىستمايدىغان، زەخمىلەنمەيدىغان، بۇزۇل-
مايدىغان پاك، ئەبەدىي
137 ۋۇجۇدىنى تاپتى، تەڭداشسىز تۈيغۇغا ئېرىشتى. ئاددىي، يورۇق ئىسمىلىك
138 بۇرخان بولدى. «ئۇلۇغ تولغان» ئاتلىق زاماندا، «قىرسىز،
139 بۇلۇڭسىز» ئاتلىق دۆلەتنىڭ پۇخرالىرىنىڭ ھەممىسى بۇدساتۋالارنىڭ يۈرگىنى
بويىچە يۈرۈپ،
140 تېپىلغۇسىز نوملارنى ئۆگىنەتتى. يەنە، ئەي توسقۇنسىز بۇدساتۋا،
141 شۇنى بىلىپ قويۇڭكى، بۇ نوم جامبۇدىۋىپ ئېلىدىكى قايسى يەردە،
142 خەلقتە بولىدىكەن، سەككىز بۇدساتۋالار، ئەزرۇئا، خورمۇزتا
143 تەڭرىلەر ۋە بارلىق يورۇق تەڭرىلەر، روھلار ئۇنى دائىم گۈل-
144 چېچەك، خۇش پۇراق ئىپاردەك قەدىرلەيدۇ، خۇددى بۇرخانلارغا چوقۇنغاندەك
145 ئۇنىڭغا چوقۇنىدۇ، ئۇنى بۇرخانلارنى ساقلىغاندەكلا ساقلايدۇ.
146 يەنە، ئەي توسقۇنسىز بۇدساتۋا، قايسى ياخشى كىشىنىڭ ئوغلى، ياخشىلارنىڭ
147 قىزى بارلىق جانلىقلار ئۈچۈن بۇ نوم - پۈتۈكنى ئوقۇسا، كۆرسە، ئۇنىڭ چوڭقۇر
148 قائىدىلىرىنى ئوقۇتۇرسا، ھېس قىلدۇرسا، ئۇنىڭ ماھىيىتى چوڭقۇر تۈپكى
نوملىقىنى ئۇقسا،
149 ئۇ كىشىنىڭ ۋۇجۇدى بۇرخان ۋۇجۇدى بولىدۇ، كۆڭلىمۇ
150 بۇرخاننىڭ كۆڭلى بولىدۇ. نېقىشقا دېسە، ئۇ كىشى دائىم
151 ئەقىل كۆزى بىلەن ھەرخىل چەكسىز گۈزەل مەنزىرىلەرنى كۆرىدۇ.
152 ئۇ مەنزىرىنىڭ مەنبەئى، يىلتىزى «يوق، قۇرۇغ» دۇر. ئۇ «يوق» نى
153 بىلىدىغان بىلىم ئالاھىدە بۇرخانلار بىلىمىدۇر. شۇڭا (قايسى) جانلىق
154 ياخشى، ھەقىقىي باشلامچى بولۇپ، ھەرخىل «يوق، قۇرۇق» نى كۆرسە،
155 شۇ جانلىقنىڭ كۆڭلى، بىلىمى بۇرخانلارنىڭ كۆڭلى، بىلىمى بولىدۇ. مۇبادا بۇلارنى
156 بىلسە، رەڭ كۆرۈنۈش ۋە ئالتە تۈرلۈك دۈشمەندىن قۇتۇلىدۇ،
157 بۇرخان بەختىنى تاپىدۇ. رەڭ، كۆرۈنۈش دېمەك «يوق،
158 قۇرۇق» دېمەكتۇر، «يوق، قۇرۇق» دېمەك «رەڭ، كۆرۈنۈش»
159 دېمەكتۇر. «رەڭ» دىن باشقا «يوق، قۇرۇق» بولمايدۇ، «يوق» تىن
160 باشقا «رەڭ، كۆرۈنۈش» مۇ بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئېرىشىش، ئويلاش، قىلىش،
161 بىلىم قاتارلىق يۈكمەكلەرنىمۇ تولۇق بىلىش، ئۇقۇش كېرەك. بۇ بەش يۈكمەكنى
162 ھېس قىلالىسا، ئۇ جانلىقنىڭ ۋۇجۇدى گۈزەل رەڭلىك بۇرخان
163 بولىدۇ. قۇلىقى دائىم ھەرخىل چەكسىز ئۈنلەرنى ئاڭلىيالايدۇ. «ئۈن»

164 دېمەك «يوق، قۇرۇق» دېمەكتۇر، «يوق، قۇرۇق» دېمەك
165 «كۈن» دېمەكتۇر. «كۈن» دىن باشقا «يوق، قۇرۇق» بولمايدۇ،
166 «يوق» تىن باشقا، «كۈن» مۇ بولمايدۇ. ئاڭلىغان «كۈن» لەرنى شۇنداق
167 ھېس قىلالىسا، ئۇ جانلىقنىڭ ۋۇجۇدى گۈزەل كۈنلۈك بۇرخان ۋۇجۇدى
168 بولىدۇ. بۇرنىمۇ دائىم ھەرخىل تەڭداشسىز ھىد - پۇراقلارنى
169 پۇرايدۇ. «ھىد - پۇراق» دېمەك «يوق، قۇرۇق» دېمەكتۇر.
170 «يوق، قۇرۇق» دېمەك ھىد - پۇراق دېمەكتۇر، ھىد -
171 پۇراقتىن باشقا «يوق، قۇرۇق» بولمايدۇ، «يوق، قۇرۇق» تىن باشقىمۇ
172 ھىد - پۇراقمۇ بولمايدۇ، پۇرىغان ھىدنى پۈتۈنلەي تۇيسا،
173 ئۇ جانلىقنىڭ ۋۇجۇدى ئىپارلىق بۇرخان ۋۇجۇدى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا،
174 تىلى ھەرخىل تەڭداشسىز تەملەرنى تېتىيدۇ. تەم دېمەك
175 «يوق، قۇرۇق» دېمەكتۇر،
175 a «يوق، قۇرۇق» دېمەكمۇ تەم دېمەكتۇر.
175 تەمدىن باشقا «يوق، قۇرۇق» بولمايدۇ،
176 «يوق، قۇرۇق»تىن باشقا تەممۇ بولمايدۇ. تېتىغان تەمنىڭ ھەممىسىنى
177 مۇشۇنداق تۇيالىسا، ئۇ جانلىق
177 a نوم خۇشى بۇرخان بولىدۇ. يەنە
177 ۋۇجۇدى دائىم ھەرخىل
178 تەڭداشسىز يېقىملىق «تېگىش» نى تۇيىدۇ، «تېگىش» دېمەك
179 «يوق، قۇرۇق» دېمەكتۇر، «يوق، قۇرۇق» دېمەك «تېگىش»
180 دېمەكتۇر، «تېگىش» تىن باشقا «يوق، قۇرۇق» بولمايدۇ، «يوق،
181 قۇرۇق» تىن باشقىمۇ «تېگىش» بولمايدۇ. «تېگىش» نىڭ ھەممىسىنى
182 ھېس قىلالىسا، ئۇ جانلىقنىڭ ۋۇجۇدى بىلىملىك، يورۇق بۇرخاننىڭ ۋۇجۇدى
بولىدۇ.
183 يەنە كۆڭلى (ۋە) ئەقلى بىلەن دائىم ھەرخىل تەڭداشسىز
184 ئەقىدىلەرنى ئويلايدۇ، ئايرىيدۇ. ئەقىدە دېمەك يەنە «يوق، قۇرۇق» دېمەكتۇر،
185 «يوق، قۇرۇق» دېمەكمۇ «تاشقى ئەقىدە» دېمەكتۇر.
186 «ئەقىدە» دىن باشقا «يوق، قۇرۇق» بولمايدۇ، «يوق، قۇرۇق» تىن باشقا
187 «ئەقىدە» مۇ بولمايدۇ. سىرتتىن كۆڭۈلگە كەلگەن «ئەقىدە» لەرنى
188 پۈتۈنلەي ھېس قىلالىسا، ئۇ جانلىقنىڭ ۋۇجۇدى نومدەك يالتىرايدىغان بۇرخاننىڭ
189 ۋۇجۇدى بولىدۇ. يەنە بارلىق ياخشىلارنىڭ كۆز ۋە باشقا ئالتە تۈرلۈك
190 كۈچلۈك يىلتىزى، كارغا كېلىدىغان تەرىپىنىڭ «گۆھەر» دېگەن ھەقىقىي بەلگىسى
191 مۇنداق: كىم، قايسى جانلىق بۇنى ھېس قىلالىسا، بۇنى يېڭىلىشمەستىن
192 بۇرخانلارنىڭ يارلىقى بويىچە توغرا چۈشىنىپ ئوقۇسا، دائىم ئۈزۈلدۈرمەستىن
193 ئۇنى ئىشلەتسە، قوللانسا ۋە ياكى باشقىلارغا ئوقۇپ بەرسە، ئۇ جانلىق بۇرخانلار
194 يولىغا كىرگەن ھېسابلىنىدۇ، ئۆزى بۇدساتۋا ئاتىلىدۇ. بىراق،
195 بۇنى ئوقماستىن، باشقىچە كۆرۈپ ساقلىسا، ياكى قەستەن يامان قىلىق
196 قىلىپ، ئوڭ - تەتۈر، ياخشى - يامان ئىككى خىل ھەرىكەتتە بولسا،
197 ئۇ جانلىق بۇ دۇنيادا ئايلىنىپ ياكى يۇقىرىدىكى يورۇق تەڭرىلەرنىڭ ماكانىدا

198 خۇشال يۈرىدۇ، ياكى ئۈچ يامان يولغا كىرىپ جاپا تارتىدۇ.
199 ھەي ياخشىلار، ياخشى بىلەن يامانىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشىنىش كېرەك. بولمىسا
بۇنىڭ پۇشايمانىغا قالىدۇ.
200 يەنە بارلىق جانلىقلارنىڭ كۆڭلى، ئەقلى، ۋۇجۇدى بۇرخانلارنىڭ
201 نوم قورالىدۇر. كىم ئۈچ ئاغىلىق نومنى، 12 بۆلەك يارلىقنى
202 تولۇق كۆڭلىدە تۇتسا، خۇددى قەغەزگە يازغان جىلدلىك پۈتۈكتەك
203 سانسىز، تۈمەن زامانلار بويى ئۇنتۇلماستىن، يوقالماستىن
204 ئويلاپ ساقلايدۇ. قاچانكى پۇرسەت بولىدىكەن يەنە باشقىلارغا ئۆگىتىپ
205 قويىدۇ، ئاخىرىغىچە بۇرخانلار ئۇرۇقى ئۈزۈلمەيدۇ، قىلچە ئۆكسۈمەيدۇ،
206 باشقىغا ئايلانمايدۇ، بۇزۇلمايدۇ، يوقالمايدۇ، مانا بۇ بۇرخانلارنىڭ
207 قائىدە ـ ئەقىدىلىرىنىڭ خەزىنىسىدۇر. كىمكى كۆڭۈلدە بىلگىلى بولىدىغان نومنىڭ
يىلتىزىنى، كۆڭۈلنىڭ تەكتىنى
208 كۆرۈدىغان، بىلىدىغان، ھېس قىلىدىغان جانلىق بولىدىكەن، ئۇ دەرھال (بۇ خەزىنىد-
نى) كۆرۈدۇ،
209 بىلىدۇ، ھېس قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئارخاتلار، پىرتاكا بۇددا
210 ۋە بارلىق شىداۋىكلار ياكى بارلىق قايغۇلارنى باسقۇچى كىشىلەر،
211 ئاقىللارمۇ بۇنى بىلمەيدۇ، ئۇقمايدۇ، ھېس قىلالمايدۇ. يەنە
212 ھەي ياخشىلار، كىمكى بۇ نوم ـ پۈتۈكنى ئۆگىنىپ، (ئۇنىڭ) چوڭقۇر،
213 تېرەن قائىدىلىرىنى ھېس قىلسا، ئۇ جانلىقنىڭ كۆڭلى، ئەقلى،
214 ۋۇجۇدى بۇرخانلارنىڭ نوم قورالى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كىشىلەر
215 جانلىقلارنى ئويلىسا، مەستەك تېنەپ، ئېزىپ ماڭىدۇ. ساقىيالماستىن
216 خاتا تۇيغۇغا كېلىپ بۇنى، يەنى «بۇ مېنىڭ
217 ئۆز كۆڭلۈم، ۋۇجۇدۇم بۇرخانلارنىڭ نوملىرىنىڭ مەنبەئى، يىلتىزى»
دېگەننى بىلمىسە،
218 ئۇ جانلىق بۇ دۇنيادىكى دېڭىز ـ دەريالارنىڭ ئاستىغا چۆكىدۇ،
219 غەرق بولىدۇ، ئېقىپ كېتىدۇ، ئۈچ يامان يولغا كىرىدۇ، سانسىز، تۈمەنلىگەن دۇنيادا
220 تۇغۇلىدۇ، ئۆلىدۇ، سانسار ئىچىدە جاپا تارتىدۇ، بۇرخانلار نومىنى ئىشىتمەيدۇ.
221 شۇ چاغدا بەش يۈز تەڭرى ئوغلانى جامائەت ئارىسىدا ئىدى. تەڭرى
222 بۇرخاندىن شۇنچە شېرىن، يېقىملىق نوم، يارلىقنى ئىشىتىپ،
223 نوم كۆزلىرى تازىلاندى، ئېچىلدى، شاتلاندى، سۆيۈندى. ھەممەيلەن تەڭداشسىز
224 بۇرخان بەختىگە كۆڭۈل بەردى. بۇ چاغدا، توسقۇنسىز
225 بۇدساتۋا مۇنداق دەپ ئۆتۈندى: «تەڭرىم، بۇ دۇنياغا تۇغۇلغان
226 بارلىق جانلىقلارغا نىسبەتەن تۇغۇلۇش، ئۆلۈشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى تۈرلۈك
قىسمەت تولىمۇ
227 ئېغىردۇر. تۇغۇلغاندا، كۈننى تاللىيالمايدۇ، قەرەلى توشقاندا تۇغۇلىدۇ.
228 ئۆلگەندىمۇ كۈننى تاللىيالمايدۇ، كۈنى پۈتكەندە ئۆلىدۇ.
229 (شۇنداق تۇرۇقلۇق)، نېمىشقا يەنە ئۆلگەن، كېرەكسىز، سېسىق تەن ئۈچۈن
ياخشى كۈن تاللىشىدۇ،
230 ياخشى كۈن تىلىشىدۇ؟ ياخشى كۈن، ياخشى ۋاقىتتا ئاندىن (مېيىت) چىقىرىدۇ؟

231 كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈشىدۇ؟ مۇراسىم ئۆتكۈزگەندىن كېيىنمۇ بۇرۇنقىدەكلا
232 ئۆيدىن خەۋپ - خەتەر ئۈزۈلمەيدۇ؟ ئاغرىق - سىلاق،
233 ئۆلۈم - يېتىم، خېيىم - خەتەر بولۇۋېرىدۇ؟ بايلىق چېچىلىدۇ؟
234 يەنە مۇنداق ئىشلارمۇ بار: دەرۋازىنى تاقاپ، مېيىتنى چىقىرىدۇ.
235 ياخشى كۈن، ياخشى پەيت تاللاشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ ئەمدى، تەڭرىم،
236 بۇ يامان خىيالغا پاتقان جانلىقلارغا توغرا يول
237 كۆرسىتىپ بېرىلسە، (ئۇلار) توغرا يول، توغرا ئويدا
238 يۈرەتتى، خاتا قائىدىلەردىن قالاتتى، تەڭرىم.» تەڭرى بۇرخان
239 مۇنداق دېدى: «ياخشىلىق سىزگە يار بولسۇن، ئەي توسقۇنسىز بۇدساتۋا، سىز
بارلىق جانلىقلار
240 ئۈچۈن كېرەكلىك نومنى سورىدىڭىز. ئەمدى سىز قۇلاق سېلىپ تىڭشاڭ، مەن
(شۇ نومنى) ئوقۇپ
241 بېرەي. بۇ يەر بىلەن ئاسمان كەڭ ۋە بىپايان، ياخشى ئىشلار ئۈچۈن
242 (ئۇ) پاك (ھەم) ھامان گۇناھسىزدۇر. كۈن، ئاي تەڭرىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى
يورۇق ئوردا
243 ناھايىتى چوڭ، كەڭ، نۇرلۇق، يالتىرايدىغان گۆھەر ياراتقان ئوردۇلاردۇر.
244 ياخشى خىسلەتلىك بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلار زىيان - زەخمەتسىز ھالدا تۆت ئەتراپنى
245 كېزىپ، يورۇقلۇق تاشلاپ، جانلىقلارغا ئاتىدارلىق قىلىدۇ، پايدا يەتكۈزىدۇ.
يىل بويى ياخشىلىق يەتكۈزىدۇ،
246 ھەر سائەت پايدىلىق ئىش قىلىدۇ، ھېچ يامانلىق قىلمايدۇ. ھەرخىل
247 ئۆزگىرىشتىمۇ زادى بولمايدۇ. ئوبدان ئوغلۇم، بۇ دۇنيادىكى بارلىق ئەل ئىگىلىرى،
248 خانلارنىڭ كۆپى بۇدساتۋادۇر، جانلىقلارغا پايدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن
249 باشقا بىر قىياپەتتە پەيدا بولىدۇ. شۇ ئەل ئىگىلىرى، خانلار مېھرىبان
250 بولغانلىقىدىن بارلىق خەلققە ئىگە بولىدۇ، خۇددى ئاتا بىلەن دادا ئامراق
251 ئوغلىنى ئۆيىدە باققاندەك (ئاتىدارلىق قىلىدۇ). خەلققە يامان نىيەتتە بولمايدۇ.
252 ئۈستىكى يورۇق تەڭرىلەرنىڭ يارلىقىغا بويسۇنىدۇ. (بۇيارلىقنى) ، بارلىق خەلقنىڭ
253 ئانىسى، دادىسىدەك بول، دېگەنلىك (دەپ بىلىدۇ). بۇ دۇنيادىكى دۆلەت (ۋە)
254 شەھەرلەرنى ئىدارە قىلىپ بېرىدۇ. يامان ئىش قىلىدىغان ياۋايى، ئەسكى،
باش - باشتاق
255 كىشىلەرنى باسىدۇ، جازاغا تارتىدۇ، ياۋاش قىلىپ توغرا يولغا
256 كىرگۈزىدۇ، ئۇن ياخشى قىلىق قىلدۇرىدۇ، روھىنى جەننەتكە ئەۋەتىپ،
257 تېنىگە خاسىيەتلىك تۇمار پۈتۈپ قويىدۇ، (ئۇنى) دۆلەتمۇ دۆلەت، شەھەرمۇ
258 شەھەر تارقىتىدۇ. (ئۇ تۇمارنى) ھازىرمۇ ئىشلىتىدۇ. (ئۇ تۇمار مۇنداق:)
تولماق، تۈز، پۈتمەك،
259 تەرمەك، ئېچىلماق، ئەۋەتمەك، تۇتماق، باتۇرلۇق،
260 سۇندۇرماق، ئورۇنلاشماق، تۇرماق، تۇرغۇزماق. بۇ
261 12 تۇرلۇك دىنغا خىلاپ خەت - پۈتۈكنى بىلمىسىز كىشىلەر تۇتىدۇ.
262 (ئۇ. بولسا) خېيىم - خەتەرسىز بولىمىز، دەپ ئويلايدۇ. (ئۇنىڭ بىلەن) تەنلىرىگە
ئانچە - مۇنچە پايدا كەلتۈرىدۇ. ئەمما (بۇ تۇمار)

263 كېيىنكى يەنلى ئېغىر خەۋپ - خەتەر كەلسە، يەنە ئۇنىڭدىن يىراق قىلالمايدۇ.
خەۋپ - خەتەر يەتكەندە
264 ئەمەس نەسلەرنى پۇتىدىغانلارنى، پالچىلارنى ئىزدەيدۇ. (ئۇلار) ھەرخىل
265 چارە - ئامال، ئۇسۇل - تەدبىرلەرنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئاچ جىن - ئالۋاستىلارغا
(بىر نەرسىلەرنى) چېچىشنى، تۆكۈشنى
266 ئېيتىدۇ، (ئۇزلىرىگە) ئىشەندۇرىدۇ، يۈكۈندۈرىدۇ. (ئۇلاردىن) يېمەك - ئىچ-
مەك، مال - مۈلۈك ئالىدۇ.
267 نومۇسسىز جىن - ئالۋاستىلار (ئۇلارنى) بويسۇندۇرۇپ، يالغاندىن سەۋەبكار بولۇشى-
ۋېلىپ ئۆزلىرىگە
268 (ئۇلارنى) ئىلىندۇرىۋالىدۇ. ئاندىن ماڭا باش ئۇرسۇن، يۈكۈنسۇن، يېمەك -
ئىچمەك كەلتۈرسۇن
269 دەپ كۆپ زىيان سالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىلەر ئۇقماستىن
270 خاتالىشىپ، مەڭگۈلۈك كۆك بىلەن يەرنى ئۇلار ياراتقان
271 دەيدۇ، ئۇن ياخشى ئىشتىن، دىنىدىن، تەلىماتتىن، بۇرخانلار يارلىقىدىن
272 يىراقلىشىدۇ. كۈن، ئاي تەڭرىدىن ئىبارەت ئىككى يورۇق ئوردا ئىچىدىكى
273 تەڭرىلەر يورۇقىغا ئارقىسىنى قىلىپ، جىن - ئالۋاستىلارنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا
274 كىرمەكچى بولىدۇ. مەڭگۈلۈك كەڭ، ھەقىقىي، چوڭ يولنى قويۇپ
275 يالغان، ساختا دىنغا، تار يولغا كىرمەكچى بولىدۇ. بۇ كىشىلەر تولىمۇ خاتا
276 دىنغا كىرگەندۇر. ياخشى ئوغلۇم ھەرقانداق ئىنسان بالا
277 تۇغسا، بۇ نومنى ئۈچ قېتىم ئوقۇسۇن، شۇ بالا ئانىسىنى
278 قىينىماستىن ئاسان تۇغۇلىدۇ. تۇغۇلغان بالا ئانىسىغا، دادىسىغا ۋاپادار
279 بولىدۇ. ھەر جەھەتتىن تىنىك، سالامەت، بەختەتر بولىدۇ، جاپا تارتمايدۇ،
280 ۋاقىتسىز ئۆلمەيدۇ. كىملا بولمىسۇن بۇ نومنى ئۈچ
281 قېتىم ئوقۇسۇن. (شۇندا) كېيىن ھېچقانداق خەۋپ - خەتەرگە ئۇچرىمايدۇ. يەنە،
ئەي ياخشى
282 ئوغلۇم، ھەر كۈنى ياخشىلىق، ئاي بويى ياخشىلىق، يىل بويىمۇ ياخشىلىق كۆرىدۇ،
283 بايلىق ئۆزۈلمەي كېلىپ تۇرىدۇ، ھەر ۋاقىت، ھەر زامان بەلەنچىلىك ۋە ئادەتتىن
تاشقىرى تىنچلىق (ئىچىدە بولىدۇ). نوم
284 ئوقۇپ ئىش قىلسا، ھېچقانداق بالا - قازاغا ئۇچرىمايدۇ. ئۇلۇككە
285 مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، (ئۇنى) چىقىرار كۈنى بۇ نومنى ئۈچ قېتىم [ئوقۇسۇن]
286 ياكى يەتتە قېتىم ئوقۇسۇن، (شۇندا) كۆپ پايدا كۆرىدۇ، بەختكە ئېرىشىدۇ، ھەرخىل
287 ياخشىلىقلارغا يولۇقىدۇ. ئۇ ئۆيدە كونلەپ (بايلىق) كۆپىيىپ ئېشىپ
288 بارىدۇ، ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ. تېنىدىن ئايرىلغاندا، ھەممىسى بۇرخانلار
289 يېرىدە تۇغۇلىدۇ. يەنە، ئەي ياخشى ئوغلانلىرىم، كىمكى ئۆلگەن كىشى
290 ئۈچۈن قەبرە ياساشنى ئويلىسا، قايسى ۋاقىتنى
291 مۇۋاپىق كۆرسە شۇ چاغدا ياسىسۇن. شەرق، غەرب، شىمال، جەنۇب تەرەپلەرنى
292 خۇش پۇراق ئىپاردا ئېرىغدىسۇن. (قەبرە) ياسىغان جايدا بۇ نومنى ئۈچ قېتىم
293 ياكى يەتتە قېتىم ئوقۇسۇن. (بۇنى) روھلار، جىنلار، يەر ئاستىدىكى كۈچلۈكلەرمۇ
294 مۇۋاپىق كۆرىدۇ، يەر - تۇپراقنى بوش قويۇپ كېتىدۇ. ئۆيدە

295 خېيىم - خەتەر بولمايدۇ، پايدا - مەنپەئەت بولىدۇ.» تەڭرى بۇرخان (ئۆزى)
ئېيتقان بۇ
296 يارلىقنى ئىككىنچىلەپ تېخىمۇ ئېنىق، ئىخچام قىلىپ ئېيتىپ بەردى. (ئۇ) مۇنداق
297 دەپ يارلىق بەردى: «قىيىنلىپ تۇغىدىغان كۈن ناھايىتى ياخشى، ئۆلگەندە چىقىرىدىغان
298 ۋاقتىمۇ ھەم ياخشى. تۇغۇتتا ۋە ئۆلۈمدە بۇ نومنى ئوقۇسا،
299 ناھايىتى بەختلىك بولىدۇ، پايدا كۆرىدۇ. ئاي - كۈنلىرى تولىمۇ يورۇق، تولىمۇ
ياخشى،
300 يىلى، ۋاقتى تولىمۇ ياخشى، ئوبدان بولىدۇ. نوم ئوقۇپ ئىش قىلسا، يەتتىنچى
301 پۇشتىغىچە تولۇق بەختلىك بولىدۇ، باياشات ئۆتىدۇ.» شۇ چاغدا شۇ جامائەت ئىچىدە
302 يەتتى تۈمەن يەتتى مىڭ خەلق تەڭرى بۇرخاننىڭ يارلىقىنى ئىشتىپ
303 تولىمۇ پاكلاندى، كۆڭۈللىرى ئېچىلدى، ساختا ئەقىدىسىنى تاشلاپ
304 ھەقىقىي، راست نومغا، دىنغا كىردى. بۇرخانلارنىڭ نوم
305 ئۆلۈشىگە ئېرىشىپ، شەكلەنمەستىن تەڭداشسىز بۇرخان قۇتىغا
306 كۆڭۈل تۇرغۇزدى، شۇ چاغدا توسقۇنسىز بۇدساتۋا تەڭرى بۇرخانغا
307 يەنە مۇنداق دەپ ئۆتۈندى: «بۇ دۇنيادىكى جانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا
308 تەڭتۇش تېپىپ، قۇدا بولۇشۇپ،
309 قىز بېرىشىپ ئورۇق - تۇغقان، يار بۇرادەر بولىشىدۇ. قۇدا
310 بولغاندا ئاۋۋال ياخشى كۈن تاللايدۇ. يىلىشى ۋاقتىنى تاللاپ
311 باش قوشىدۇ، قىز بېرىشىپ، كېلىن ئەكىرىپ، مىڭ يىل، تۈمەن كۈنلۈك
312 پىلانلارنى تۈزىدۇ، ئاندىن كېيىن يەنە دۇنيادىكى ئۈزۈلمەس
313 ۋاقىتتا ياخشىلىق، خۇشاللىق بىلەن ئەر - خوتۇن بولۇشۇپ ئۆتىدۇ، (ئەمما) باي-
باياشاتلىقتا
314 قېرىغىچە بىللە بولىدىغانلىرى ئاز (ئۇچرايدۇ). يوقسۇل، كەمبەغەل بولۇپ، ۋاقىتسىز
315 ئايرىلىپ كېتىدىغانلار ھەسسىلەپ كۆپ. بۇ ئىككى خىل كىشىلەرنىڭ ساختا
316 ئەقىدىسى، شۇنىڭدەك ياخشى - يامانىنىڭ مۇكاپاتى ۋە جازاسى نېمىشقا پەرقلىق
بولىدۇ، تەڭرىم؟» تەڭرى
317 بۇرخان مۇنداق دەپ يارلىق قىلدى: «ياخشى ئوغلۇم، بۇنداق بىلىڭلار،
318 ئوبدان ئاڭلاڭلار، بۇ دۇنيادا ئۈستىكى كۆك يورۇقتۇر، ئاستىكى
319 قوڭۇر يەر قاراڭغۇدۇر. كۈن تەڭرى يورۇقتۇر، ئاي تەڭرى قاراڭغۇدۇر.
320 ئوت يورۇقتۇر، سۇ قاراڭغۇدۇر، ئەركەك يورۇقتۇر، چىشى
321 قاراڭغۇدۇر. يەر بىلەن كۆك، چىشى بىلەن ئەركەك بىرگە بولۇشۇپ
322 جانلىق، جانسىز نۇرغۇن ئىككى خىل نەرسىنى تۇغىدۇ، پەيدا قىلىدۇ. جانلىق ئۆزى
323 بەش دۇنيادىكى جانلىقتۇر. جانسىز بولسا بارلىق دەل - دەرەخ، ئوت - ياشلاردۇر.
324 كۈن بىلەن ئاي قارىشىپ، بىرلىشىپ ماڭىدۇ. ئاندىن ياز، قىش دېگەندەك
325 تۆت پەسىل بولىدۇ. تۆت پەسىل ئىچىدىن يەنە ئىككىدىن ۋاقىتقا ئايرىلىدۇ.
326 (بۇ) سەككىز «يېڭى كۈن» بولىدۇ. ئوت بىلەن سۇ بىر - بىرىگە كۈچ، بېسىم
327 بولۇشۇپ، ئاندىن ھەرخىل زىرائەت، مېۋە - چېۋە ئارقا - ئارقىدىن پىشىدۇ،
تەييار بولىدۇ.
328 چىشى بىلەن ئەركەك بىرلىشىپ پەرزەنتلەرنى ئارقا - ئارقىدىن تۇغىدۇ، پەيدا قىلىدۇ.

329 بۇ بارلىق دۇنيا، يەر - زېمىندىكى ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ ئۆزىگە خاس
ئىككى تۈرلۈك ئىش
330 سەۋەبىدىن تۆرۈلۈش قائىدىسىدۇر. ياخشى ئوغلۇم، سىلەر بىلمىسىز جانلىقلار
(ھېسابلىنىسىلەر).
331 (ئۇلار) بىلمەستىن، ئۇقماستىن پالچى ۋە ساختا دىندارلاردىن بىلىم سوراپ،
332 نۇرغۇن دىنسىز، گۇناھلىق يامان ئىشلارنى قىلىدۇ.
333 جانلىقلارنى ئۆلتۈرۈپ، (ئۇلاردىن) يېمەك - ئىچمەك تەييارلاپ، قۇدا، قان -
قېرىنداش، دوستلىرى
334 بىلەن جەم بولىدۇ، مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ نۇرغۇن گۇناھلارنى قىلىدۇ. شۇ يامان
335 قىلىقلىرى كۆچىدە تېنىدىن ئايرىلسا، ئۇچ يامان يولغا كىرىدۇ. ئاندىن كېيىن
336 يەنە كىشىنىڭ تەنگە قايتا ئىگە بولۇشى تىرناقتىكى تۇپراقتەك (بىر ئىش)،
337 ئۈچ يامان يولغا كىرگىنى بولسا خۇددى يەردىكى تۇپراققا ئوخشايدۇ.
338 تەنگە قايتا ئېرىشكەنلەرگە قارىغاندا سەمىمىي نىيەتلىك كىشىلەر
339 خۇددى تىرناق ئۈستىدىكى تۇپراققا ئوخشايدۇ. سەمىمىيەتسىز
340 كىشىلەر بولسا خۇددى يەردىكى تۇپراققا ئوخشايدۇ. ئەي ياخشىلار، كىمكى
341 قۇدا بولۇپ، تۇغقان بولۇشنى ئويلىسا، چىقىشىش - چىقىشالماسلىقنى،
342 ياخشى - يامانىنى سورىمىسۇن، ئوت بىلەن سۇنىڭ چىقىشالماسلىقى، كۈن،
ئاي، يىل،
343 يۇلتۇز، بەخت دېگەنلەرنىڭ چىقىشالمايدىغانلىقىدىنمۇ سۆز ئاچمىسۇن، قىز
چىقىرىدىغان كۈنى
344 بۇ پۈتۈكنى ئۈچ قېتىم ئوقۇسۇن، (بۇنى) قىز بېرىشنىڭ مۇراسىمى ئورنىدا
345 كۆرسۇن. ياخشىغا ياخشىغا ئۆلىنىش، يورۇقلۇق يورۇقلۇققا سىڭىش دېگەن دەل مۇشۇ.
346 (شۇندا) مال - مۈلكى، ئۆي - جايى كۆنلەپ ئېشىپ، چوڭ - كىچىك،
347 قان - قېرىنداش، ئوغۇل - قىزلىرى كۆپىيىدۇ، تۇغقان (باللىرىنىڭ) ھەممىسى
ئەقىللىق، جانلىق، باتۇر، ئەخلاقلىق
348 بولىدۇ. ئانىسىغا دادىسىغا مېھرىبان بولىدۇ، ھەممەيلەنگە بەخت، باياشاتلىق
ئېلىپ كېلىدۇ. ۋاقىتسىز
349 ئۆلمەيدۇ، ھەممىسىنى بەختلىك تۇغىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا بۇرخان يولىغا
350 كىرىدۇ، بۇرخان بەختىنى تاپىدۇ.» شۇ چاغدا سەككىز ئۇلۇغ، كۆچلۈك،
351 بىلىملىك بودساتۋالار بار ئىدى. ھەممىسى بۇرخان كۆچىگە، تەلىماتىغا،
352 ئۇلۇغ دارنى دېگەن بىلىمگە توشۇق ئىدى. (ئۇلار) ئۆز بىلىمىنى يوشۇرۇپ،
353 بۇ دۇنيادا كىشىلەر ئارىسىدا يۈرەتتى. ئۆزلىرىنىڭ
354 يورۇق، كۆچلۈك، ئەقىللىقلىقلىرى بىلەن، ياخشى ئىشلىرى بىلەن بارلىق
كىشىلەرنىڭ قاراڭغۇ،
355 يامان قىلىقلىرىنى توسۇپ، بىلدۈرمەي، تۈيدۈرماي كىشىلەرگە پايدىلىق
356 ئىشلارنى قىلىپ يۈرەتتى. ئۇلار قىياپەت ۋە تۈرقىدىن ھەرقانداق كىشىدىن پەرقلەنمەيتتى.
357 ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى مۇنداق: يۈكۈنۈشۈمگە لايىق بادرا ئاتلىق نىرۋانسىز بودساتۋا،
358 يۈكۈنۈشۈمگە لايىق راتناكار ئاتلىق نىرۋانسىز بودساتۋا، يۈكۈنۈشۈمگە لايىق كۈمۈت
359 ئاتلىق نىرۋانسىز بودساتۋا، يۈكۈنۈشۈمگە لايىق نارايان ئاتلىق نىرۋانسىز بودساتۋا،

360 يۈكۈنۈشۈمگە لايىق سۈمەر تېغىدەك ئېگىز نىزۋانىسىز بۇدساتۋا، يۈكۈنۈشۈمگە لايىق
361 ئىنتىراداتى ئاتلىق نىزۋانىسىز بۇدساتۋا، يۈكۈنۈشۈمگە لايىق پاك [سۆزۈك] ئاتالغان
362 نىزۋانىسىز بۇدساتۋا، يۈكۈنۈشكە لايىق چەكسىز دىيانغا ئېرىشكەن نىزۋانىسىز
363 بۇدساتۋا. بۇ سەككىز ئۇلۇغ، كۈچلۈك، بىلىملىك بۇدساتۋالارنىڭ ھەممىسى
364 قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ تەڭرى بۇرخاندىن مۇنداق دەپ ئۆتۈندى: «تەڭرىم،
365 بىز ھەممىمىز بۇرۇنقى بۇرخانلاردىن ياخشى نوم ۋە تەلىماتقا، كۈچلۈك دارنىغا
ئېرىشكەن.
366 شۇ دارنى كۈچىدە بۇ دۇنيادىكى جانلىقلارغا كۆپ پايدا
367 يەتكۈزدۇق. بۇ نومنى قەدىرلەپ تۇتقان، ئوقىغان جانلىقلارنى ھىمايە قىلىپ
368 قوغدىدۇق. ھازىر يەنە تەڭرىم ئىجازەت بەرسە، دارنى - ئارۋىشىمىزنى دەپ باقساق،
369 بۇ نومنى ئوقىغان، تۇتقان، قەدىرلىگەن جانلىقلارنى ھىمايە قىلىپ
370 قوغدىساق. (بۇنىڭ بىلەن) ئۇلار بارلىق يامانلىقتىن يىراقلاپ، خېيىم - خەتەرسىز
371 بولسا، تەڭرىم.» ئاندىن ئۇلار ئۇ دارنى - ئارۋىشنى ئېيتتى. ئۇلار مۇنداق دېدى:
372 «ئوم ئاكانى نىكانى ئابىلا ماڭى مانتالى سۋاخا. تەڭرىم، بۇ ئارۋىشنىڭ
373 كۈچى ناھايىتى چوڭقۇر، كىمكى يامانلىق قىلىپ بۇ نوم -
374 ئارۋىشنى ئوقۇغان نومچىنى تەشۋىشكە سالىدىكەن، بۇ ئارۋىشنى سۆزلىسۇن.
375 (شۇندا) ئۇ يامان جىن - ئالۋاستىنىڭ بېشى يەتتە پارچە بولۇپ كېتىدۇ، خۇددى
ئالى دەرىخىدەك (يېرىلىدۇ).
376 شۇ چاغدا چەكسىز، تەڭداشسىز تەنلىك بۇدساتۋا ئورنىدىن
377 تۇرۇپ، قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ، تەڭرى بۇرخانغا مۇنداق دېدى:
378 «تەڭرىم، نېمىشقا بۇ نوم سەككىز يۈكمەك يارۇق دەپ ئاتالدى؟ بارلىق
379 جامائەتكە يارلىق بەرسىڭىز، بىلىۋالساق، ئوقۇۋالساق، دەرھال كۆڭلىمىزنىڭ ئەڭ
چوڭقۇر يېرىگە
380 ئورۇنلاشتۇرۇۋېلىپ، بۇرخانلار بىلىمىگە ئېرىشسەك. گۇمانلىق كۆڭلۈمىز مەڭگۈ
381 ئۈزۈلسە، تەڭرىم.» شۇ چاغدا تەڭرى بۇرخان تەڭداشسىز تەنلىك
382 بۇدساتۋانى «ياخشىلىق ساڭا يار بولغاي» دەپ مەدھىيىلىدى ۋە مۇنداق دەپ يارلىق
بەردى: «ئوبدان ئوغلۇم،
383 كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاڭ، تولۇق ئېيتىپ بېرەي. سەككىز تۈرلۈك يورۇقلۇق بىلىمى
384 توپلىنىپ، بىر گەۋدە بولۇپ بىر نوم بولغاچقا،
385 (ئۇ) ‹سەككىز يۈكمەك يارۇق نوم بىتىگ› دەپ ئاتىلىدۇ. ‹ياڭ› دېمەك
‹يورۇق› دېمەكتۇر،
386 ماھايانا ‹قۇرۇق›، سىز بولمايدۇ. چوڭقۇر تەلىماتلارنى تولۇق
387 ئېنىق ھېس قىلالىسا، ئۇ بىلىم بىۋاستە يورۇقلۇق بىلىمى
388 ھېسابلىنىدۇ. نېمىشقا دېسە، سەككىز تۈرلۈك كۆڭۈل بىلىمىنىڭ مەنبەئى
389 ‹يوق، قۇرۇق› تۇر. ئۇنى ھېس قىلالىغانلىقى ئۈچۈن (ئۇ) سەككىز
390 يۈكمەك يارۇق دەپ ئاتالغان.» (تەڭرى بۇرخان) يەنە مۇنداق دېدى: «دۇنيادا
391 ئۆرۈش بىلەن ئارقاق ئېككىسى توغرىسى ئۇزۇنىغا كىرىشىپ يىپەك، توقۇلما، بۆز
392 ۋە باشقىلارنى ھاسىل قىلىدۇ، كىشىلەرگە كىيىم، تون ۋە پايدا يەتكۈزىدۇ.
393 شۇنىڭغا ئوخشىغان ھالدا بۇ نوم - پۈتۈك ئىچىدىكى سەككىز تۈرلۈك كۆڭۈل

بىلىمى ئۆرۈش بولسا،
394 يورۇقلۇق بىلىمى ئۇنىڭ ئارقىقىدۇر. (ئۇلار) دائىم بىرلىشىپ، كىشىلەر تۇيمىدىغان،
395 ئۇقمىدىغان، بىلمىدىغان ھالدا (ئۇلارغا ئۆزىنى) ھېس قىلدۇرۇپ، بۇرخان يولىغا
ئېلىپ كىرىدۇ، پايدا يەتكۈزىدۇ.
396 شۇڭا بۇ نوم - پۈتۈك «سەكىز يۈكمەك يارۇق بىتىگ» دەپ ئاتالدى. سەككىز تۈرلۈك
397 كۆڭۈل بىلىمى مۇنۇلار: دەسلەپكىسى كۆز سېزىمى، ئىككىنچىسى قۇلاق سېزىمى،
ئۈچىنچىسى
398 بۇرۇن سېزىمى، تۆتىنچىسى تىل سېزىمى، بەشىنچىسى تەن سېزىمى، ئالتىنچىسى
كۆڭۈل سېزىمى،
399 يەتتىنچىسى ئايرىش سېزىمى، سەككىزىنچىسى ساقلاش سېزىمى، بارلىق
400 بۇرخانلارنىڭ يورۇقلۇق بىلىمىنىڭ كۈچىدە بۇ سەككىز تۈرلۈك خاتا بىلىمنى
401 پاكلىيالىسا، ئۇ كىشى بۇ سەككىز تۈرلۈك كۆڭۈل بىلىمىنىڭ
402 ئىچىدىكى خاتا ئويىنىڭ مەنبەئى، يىلتىزىنىڭ بارلىق «يوق، قۇرۇق» ئىكەنلىكىنى
بىلىدۇ، ئۇقىدۇ.
403 ئاندىن نوم كۆزى يورۇپ، ئۆزىنىڭ كۆزىنى مۇنداق دەپ بىلىدۇ: بۇ مېنىڭ كۆزۈم
404 كۈن، ئاي تەڭرىلىرىنىڭ ئوردىسىدۇر، بۇ كۈن، ئاي تەڭرىلىرىدىن يەنە كۈن،
405 ئاي يورۇقى دېگەن بۇرخان پەيدا بولىدۇ، ئىككى قۇلاق ئۈن ئىشىتىدىغان تەڭرى
يېرىدۇر.
406 ئۇ تەڭرى يېرىدىن يەنە چەكسىز، تەڭداشسىز ئاۋازلىق بۇرخان پەيدا بولىدۇ.
407 بۇرۇننىڭ ئىككى تۆشۈكى بۇرخاننىڭ خوش پۇرىقى دېگەن تەڭرى يېرىدۇر. ئۇتەڭرى
408 يېرىدىن يەنە ئىپارغا تولغان بۇرخان پەيدا بولىدۇ. تىل نوم تەمى دېگەن
409 تەڭرى يېرىدۇر. ئۇنىڭدىن يەنە نوم شادلىقى بۇرخان پەيدا بولىدۇ.
410 تەن لۇچان ئاتلىق تەڭرى يېرىدۇر، ئۇ تەڭرى يېرىدىن يەنە مۇكەممەل
411 يېتىلگەن، گۈزەل - كۆركلۈك بۇرخان پەيدا بولىدۇ. كۆڭۈل - كۆكىس
412 تەڭرى يېرىدۇر. ئۇ تەڭرى يېرىدىن يەنە تەۋرەنمەس بۇرخان پەيدا بولىدۇ،
413 ئاجايىپ نۇرلۇق بۇرخان پەيدا بولىدۇ. كۆڭۈل نومىنىڭ مەنبەئى ئاتلىق تەڭرى يېرىدۇر.
414 ئۇ تەڭرى يېرىدىن يەنە «قۇرۇق شاھ» دېگەن بۇرخان پەيدا بولىدۇ. ئايرىش
415 ئاتلىق تەڭرى يېرىدىن يەنە ئاگام پۈتۈك، نىرۋان پۈتۈن پەيدا بولىدۇ.
416 ساقلاش ئاتلىق تەڭرى يېرىدىن يەنە كاتتا بىلىملەرگە تولغان، پاراسەت دۇردانىلىرى
417 پۈتۈلگەن. يوگا ئاتلىق پۈتۈك پەيدا بولىدۇ. مانا بۇلار سەككىز بىلىم (سېزىم) نىڭ
ئىسمىلىرىدۇر. ئوبدان
418 ئوغلۇم، بۇرخان دېمەك نوم دېمەكتۇر. نوم دېمەك
419 بۇرخان دېمەكتۇر. بۇ ئىككىسى بىرلەشسە، ئىلىمدە توشقان، ھەممىنى بېسىپ
چۈشىدىغان
420 دانىشمەن بۇرخان پەيدا بولىدۇ.» تەڭرى بۇرخان بۇ نوم يارلىقىنى ئېيتىۋاتقاندا
421 بۇ ئېغىر يەر ئالتە تۈرلۈك تەۋرىدى، مىدىرلىدى. تەڭرى بۇرخان يورۇقى ئون
422 تەرەپتىكى زېمىندا تولۇق يورۇدى. يورۇقى يالتىراپ قاراڭغۇلۇقنى پۈتۈنلەي
ھەيدىۋەتتى.
423 دوزاختىكى قىينىلىۋاتقان جانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئازاد بولدى، قۇتۇلدى، ياخشى

تەڭگە قايتتى.
424 شۇ چاغدا جامائەت ئىچىدە 84 مىڭ بۇدساتۋالارنىڭ ھەممىسى
425 بۇرخان بىلىمىگە ئېرىشتى. ھەممىسى «يوق، قۇرۇق شاھى» دېگەن ئورۇنغا
426 ئىگە بولدى. كېيىن ھەممىسى بۇرخان بەختىنى تاپقاي. كالپ ۋاقتىنىڭ
كىرسىز، پاكلىقىنى
427 بىلگەي. مەملىكىتى، شەھەرى قالايمىقانچىلىقتىن خالىي بولۇپ، دائىم بۇدساتۋا-
428 لارنىڭ ئالتى پارامىت يولى بويىچە روھىنى تاۋلىغايلار. تېپىلغۇسىز دىنغا
429 ئېرىشكەي. بۇندىن باشقا، 66 مىڭ تويىنلار، شىمنانچىلار،
430 راھىب، راھىبەلەرمۇ دارنى دېگەن پاراسەتكە ئېرىشىپ «ئىككى ئەمەس» نوم دەرۋازىسىغا
431 كىردى. سانسىز، ساناقسىز تەڭرىلەر، يەكلەر، ئۇلۇغ كۈچلۈك ئەجدىھالار،
432 گانتارۋىلار، ئاسۇرىلار، تالىغۇچى قارا قۇش خانلىرى، كىنارىلار، ماخوراگىلار، كىشى
433 كىشى ئەمەسلەرنىڭ نوم كۆزلىرى تازىلاندى، ئېچىلدى. ھەقىقىي بۇدساتۋالارنىڭ يولىغا
434 كىردى. بۇندىن باشقا، ئەي ئوبدان ئوغلۇم كىمكى نام قازىنىپ يول تاپسا،
435 نام قازانغان كۈنى ياكى ئۆيگە (يېڭىدىن) كىرگەندە بۇ
436 نومنى ئۈچ قېتىم ئوقۇسا، (ئۇ كىشىنى) بارلىق بەخت پەرىشتىلىرى قوغداپ
437 تۇرغاي، ئۆمرى ئۇزۇن، بەختى كاتتا بولغاي. كىمكى بۇ نومنى بىر قېتىم
438 ئوقۇسا، ئۈچ ئاغىلىق نومنى بىر قېتىم ئوقۇغۇندەك بولىدۇ.
438 a بۇ نومنى بىر كۈن كۆچۈرسە،
438 ئۈچ ئاغىلىق نومى تولۇق،
439 پۈتۈنلەي كۆچۈرگەندەك بولىدۇ. ساۋابى چەكسىز، ھەددى ھېسابسىز بولىدۇ.
440 بۇندىن باشقا، ئەي تەڭداشسىز تەنلىك بۇدساتۋا، كىمكى ھەقىقىي نومغا
441 ئىشەنمەي، خاتا، يامان ئىشلارنى قىلىپ، بۇ نومنى
442 ئىشتكەن تۇرۇقلۇقمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنمەي، يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللانسا، ئۇنىڭ
بۇرخان يارلىقى ئىكەنلىكىگە پۈتمىسە، ئۇ كىشى
443 بۇ ئالەمدە پىسە بولۇپ، قان - يىرىڭ ئىچىدە ئۆتىدۇ.
444 تېنىدىن پۈتۈنلەي قان - يىرىڭ ئېقىپ سېسىپ كېتىدۇ. تېنى
445 بەدبۇي پۇراقتا تولۇپ، ھەممە ئادەم (بۇنىڭدىن) سەسكىنىدۇ، (ئۇنى) ياقتۇر-
مايدۇ. تېنىدىن ئايرىلغاندا ئاۋۇش
446 دوزاختا تۇغۇلىدۇ، دوزاخ ئازابىنى يەتكۈچە تارتىپ، بىردەممۇ ئازابتىن
447 قۇتۇلالمايدۇ. شۇڭا تەڭرى بۇرخان ئۇ گۇناھكار كىشىلەرگە مۇنداق
448 دەپ يارلىق قىلدى: «تەن تەبىئىيدۇر، بەش ئەزا ھەم
449 تەبىئىي مەۋجۇتتۇر، چوڭايسا ئۆزى چوڭىيىدۇ، قېرىسا ھەم ئۆزى قېرىيدۇ،
450 تۇغۇش تەبىئىي بولىدۇ، ئۆلۈشمۇ ھەم شۇنداق، ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىسە
451 بولمايدۇ.
451 a ئۆلىمەن دېسىمۇ ئۆلەلمەيدۇ.
451 قايغۇ بىلەن خۇشاللىقنى ئۆزى كۆتۈرىدۇ، يامانلىق، ياخشىلىقنىمۇ يەنە ئۆزى
452 قىلىدۇ. بۇنى بىرەرسىدىن كۆرگۈلۈك ئەمەس، ھەممىسى ئۆزۈڭنىڭ ئىشى.
(كىمكى) بىرەر نەتىجە
453 يارىتىشنى ئويلىسا، ئالدى بىلەن بۇ نومنى ئوقۇشى كېرەك. (شۇندا) مىڭ تۈمەن

454 يىلغىچە خەتەرسىز ئۆتىدۇ. بۇندىن باشقا، بۇرخان بەختكە ئۇرۇق چاچقاندەك
455 بولىدۇ. كېيىن بۇرخان بەختكە ئېرىشىپ نوم چاقىدا ئايلىنىدۇ، يارلىق
جانلىقلارغا
456 پايدا - مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ.» تەڭرى بۇرخان بۇ نوم - يارلىقىنى ئېيتىپ يارلىق
جامائەتنى
457 ئىشتىمىگەننى ئىشتكەندەك، ئېرىشمىگەنگە ئېرىشكەندەك قىلدى. (جامائەت)
تولىمۇ شادلىق ۋە
458 سۆيۈنۈشكە تولۇپ، كۆڭلى - كۆكسى، بىلىمى نۇرلىنىپ يالتىرىدى.
459 ھەممەيلەن تاشقى ئەقىدىنىڭ بەلگىسىنى «يوق، قۇرۇق» دەپ بىلدى، بۇرخانلار
460 تۇيغۇسىغا، بىلىمىگە كىردى. نېمىكى كۆرۈنمەس، تۇيۇلماس، بەلگىسىز بولسا،
461 ھېچ ئېرىشكىلى بولمىسا، ئۇ دەل ئىران خۇشاللىقىدۇر، ھەممەيلەن
462 بۇ تۇيغۇنى تۇيدى، (دۇنياغا) بېقىنمايدىغان «يوق» نى بىلدى، ئۇقتى،
463 ھېس قىلدى. خۇشاللىق ۋە سۆيۈنۈشكە تولۇپ، تەڭرى بۇرخان يارلىقىنى
464 بېشىدا كۆتۈرۈپ، ھەربىر ئۆيگە قەدەر يەتكۈزدى.
465 تەڭرى بۇرخان يارلىق قىلغان، يەر - ئاسماندىكى سەككىز (نۇر) نىڭ يىغىمىسى
بولغان ئىلاھىي سىھرىي
466 نوم - پۈتۈكنىڭ بىرىنچى جىلدى بۇدداغا، نومغا، بۇتخانىغا بېغىشلاپ.

## ترانسكرىپسىيە ۋە تەرجىمىگە قىسقىچە ئىزاھات

**01 نامو بۇت نامو درام نامو ساڭ** — بۇددىزم يادىكارلىقلىرىدا كۆپ ئۇچرايدىغان تۇراقلىق ئىبارە بولۇپ، سانسكرىت تىلىدىكى namo buddhāya namo dharmāya namo saṃ ghaya دىن كەلگەن مەنىسى بۇدداغا يۈكۈنىمەن، نومغا يۈكۈنىمەن، بۇتخانىغا يۈكۈنىمەن دېگەنلىك بولىدۇ. بىز ئۇنى «بۇدداغا، نومغا، بۇتخانىغا بېغىشلاپ» دەپ ئالدۇق.

**03 تەك ۋىپ** — مەنىسى ئېنىق ئەمەس.

**07 - 08 ئۇنتىن سىڭار** — بۇ ئىبارە مەزكۇر تېكىستتە يەنە «ئۇنتون سىڭار» (421) دېگەن شەكىلدىمۇ كۆرۈلىدۇ. توغرىدىن - توغرا مەنىسى «ئون تەرەپ» بولۇپ، ھەممە تەرەپ دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

**09 تۆرت تۆرلۈگ تىرىن قۇۋراغى** — بۇ بۇددىزمدىكى شەيخ، راھىبە، غەيرىي شەيخ، غەيرىي راھىبە دېگەندىن ئىبارەت تۆت خىل جامائەتنىڭ نامى. بۇنى بىز «تۆت تۈرلۈك جامائەت» دەپ ئالدۇق.

**010 تىدىغسىز بۇدىستۋ** — خەنزۇچە تېكىستتە 舞石疑菩萨 دەپ ئېلىنغان. ئۇ Arya Asanga غا باراۋەر بولۇش مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىنماقتا. (قاراڭ: باڭ 1934: 146 - بەت). بىز ئۇنى «توسقۇنسىز بۇدساتۋا» دەپ مەنەن تەرجىمە قىلدۇق.

**012 - 013 ئۆتۈگ ئۆتۈنتى** — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئورنى تۆۋەن كىشىلەرنىڭ ئورنى يۇقىرى كىشىلەر ۋە بۇرخانلارغا سۆزلىشى «ئۆتۈن -» دېگەن پېئىل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئورنى يۇقىرىلار ياكى بۇرخانلارنىڭ ئورنى تۆۋەن كىشىلەرگە ياكى ئادەتتىكى كىشىلەرگە سۆزلىشى «يارلىقا -» (يارلىق بەرمەك) دېگەن پېئىل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بىز ئالدىنقىسىنى ئوخشىمىغان ئورۇنلاردا «سورا»، «دە-»، «ئۆتۈن -» دېگەن پېئىللار بىلەن، كېيىن-

كىسىلى «دە-»، «كېيت-»، «يارلىق بەر-» دېگەن پېئىللار بىلەن ئالدۇق.

017 ئۈچ ئەردىنى — بۇددا، نوم، بۇتخانىدىن ئىبارەت ئۈچ گۆھەرنى كۆرسىتىدۇ. بىز تەرجىمىدە بىۋاستە ھالدا «ئۈچ گۆھەر» دەپ ئالدۇق.

018 قام — شامان دېگەن مەنىدە. خەنزۇچە تېكىستتە ئۇ 神 دەپلا بېرىلگەن.

23 سادۇ سادۇ — خەنزۇچىدا 善哉善哉 دەپ ئېلىنىدۇ. بىز «ياخشىلىق ساڭا يار بولغاي» دەپ تەرجىمە قىلدۇق. كېيىنكى قىسىملاردا ھەم شۇنداق.

43 ئەتىئۆز قودسار، ئۈچ ياۋلاق يولقا تۈشەرلەر — «ئەگەر ۋۇجۇدىدىن ئايرىلسا ئۈچ يامان يولغا چۈشىدۇ» دەپ تەرجىمە قىلىندى. بۇ يەردە «ئەتىئۆز قود-» (ۋۇجۇدىدىن ئايرىلماق، تېنىدىن جۇدا بولماق) بۇددىزم ئۇقۇمىدا «ئۆلۈش» مەنىسىدە، «ئۈچ ياۋلاق يول» (ئۈچ يامان يول) «دوزاخ» مەنىسىدە قوللىنىلغان.

105 - 106 ئۆگى، قاڭى — «ئانىسى، دادىسى» دەپ ئۆز پېتى ئېلىندى. ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئاتا - ئانىسى» غا باراۋەر كېلىدۇ. ئەمما بىز تەپەككۇر ئۇسۇلى ياكى رەت- تەرتىپتىكى پەرقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇدۇل تەرجىمىنى مۇۋاپىق كۆردۇق. ئەمەلىيەتتە «ئانىسى دادىسى» دەپ قوللىنىش قەشقەر رايونىدىمۇ ئۇچرايدۇ.

112 قاتا — بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ھەرىكەت مىقدارىنى بىلدۈرىدىغان «قېتىم» غا باراۋەر كېلىدۇ. ئۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىئالېكتلىرىدا ئەينى شەكلىدە «قېتىم» بىلەن ئوخشاش قوللىنىلىدۇ. بىز بۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، بەزىدە «قېتىم»، بەزىدە «قاتا» دەپ ئالدۇق.

131 نوم - بىتىگ — ئادەتتە ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلاردا «سۇدۇر، سۇتۇر» دېگەن شەكىلدىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەنىسى sutra غا باراۋەر بولۇپ، خەنزۇچىدىكى 经 غا باراۋەر. بىز ئەسلىگە يېقىن قىلىپ «نوم - پۈتۈك» دەپ ئالدۇق، بەزىدە «نوم» دەپلا ئالدۇق.

134 ئالتى پارامىت — «ئالتە ياخشىلىق» مەنىسىدە بولۇپ، بۇددىزم نوملىرىدا ئۇ ساخاۋەتچىلىك، دىيانەتلىك، ئېغىر - بېسىقلىق، مەركەزلەشتۈرۈش (يەنى دىيانا)، بىلىم دېگەندەك ئالتە خىل ياخشىلىق ئالامىتىنى كۆرسىتىدۇ.

152 يوق قۇرۇغ (ق) — بۇددىزمدىكى مۇھىم ئاتالغۇ بولۇپ، بارلىق ھادىسە، روھ ۋە بەدەننىڭ يىغىندىسى دەپ قارىلىدىغان ئىنساننىڭ رېئاللاشمايدىغانلىقى، ئەمما نۇرغۇن ئېلېمېنتلاردىن تەشكىل تاپىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ سانسكرىت تىلىدىكى sunya، ئۇنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى 空 لارغا باراۋەر. بىز ئۇنى «يوق، قۇرۇق» دەپ ئالدۇق.

177a نوم ئۆگرۈنچۈ — بىز «نوم خۇشى» دەپ ئالدۇق، «نوم خۇشاللىقى» «نوم شادلىقى» دەپ ئالسىمۇ بولىدۇ.

178 بۇرتمەك — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «باشقا شەيئى بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىش، تېگىشىش» مەنىدە قوللىنىلىدۇ. خەنزۇچە تېكىستتە «触» دەپ ئېلىنغان. بىز «تېگىش» دەپ ئالدۇق.

185 بىلگە يارۇق بۇرخان — ئۇ سانسكرىت تىلىدىكى Tathagāta، خەنزۇ تىلىدىكى ئاتالغۇلىرى ئىپادىلىگەن بۇددىزمدىكى ئەڭ مۇھىم ئىلاھنىڭ ئىسمى. مەزكۇر ئىلاھنىڭ 如来 ئىسمى بۇ تېكىستنىڭ ئوخشىمىغان جايلىرىدا «نوم يالتىرىغلىغ بۇرقان» (نومدەك يالتىرايدىغان بۇرخان 188 - قۇر)، «يىپار يۇكمەك تىپ بۇرقان» (ئىپارغا تولغان بۇرخان، 408-قۇر) دېگەندەك ناھايىتى كۆپ ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ.

185 تاشتىنقى تۈرۈ — بۇددىزمدا 6 بىلىم (识 Vijňana)، يەنى كۆرۈش،

ئاڭلاش، پۇراش، تېتىش، ھېس قىلىش قاتارلىق ئالتە سېزىم ۋە 6 ئورگاندىن باشقا 6 ئوبيېكت (مەنزىرە، ئۈن، پۇراق، تەم، نەرسە، ئىدىيە) «تاشقى ئەقىدە» ياكى «تاشقى دارما» دەپ قارىلىدۇ. ئالدىنقى ئىككىسى (6 بىلىم ۋە 6 سېزىم) «ئىچكى دارما» دەپ قارىلىدۇ.

200 ـ 201 بۇرقانلارنىڭ نوم ئىدىشى — خەنزۇچە تېكىستتە « 法器 » دەپ ئېلىنغان. ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىغا «نوم ئىدىشى» دەپ تەرجىمە قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ئەمما بىز مەنىسى ئېنىق بولماي قالماسلىق ئۈچۈن «نوم قورالى» دەپ ئالدۇق.

201 ئۈچ ئاغىلىق نوم — سانسكرىتچە Tripataka، خەنزۇچە 大藏经 غا باراۋەر كېلىدۇ.

201 ئىكى يېگىرمى بۆلۈك يارلىغ — «12 بۆلەك يارلىق»، 12 بۈيۈك سۇترا (十二部大经) نى كۆرسىتىدۇ.

205 ـ 206 بۇرقانلارنىڭ كۆئىمسوسى ئاغىلىقى تاتاگاتانىڭ (رۇلەينىڭ) نومىلىرىنى (如来藏经) ياكى «تاتاگاتا نوملىرى خەزىنىسى» (سانسكرىتچە tathaghata — gharbha) نى كۆرسىتىدۇ.

270 ئۇلار يارانقان — تەرجىمە تېكىستتە «ئۇلار» دېگەن ئالماش «جىن- ئالۋاستىلار» نىڭ ئورنىدا كەلگەن.

271 ئون ئەدگۈ قىلىنچلىغ تورۇ — «ئون ياخشى ئىش» دەپ ئېلىندى، «ئون ياخشى ئەقىدە»، «ئون ياخشى تەلىمات» دەپ ئېلىشقىمۇ بولىدۇ.

293 بۇرقانلارنىڭ نوم ئۇلۇشى — «بۇرخانلار نومىنىڭ تېگىشلىك قىسمى ياكى ئېرىشىشكە تېگىشلىك بۆلۈكى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، بىز ئۆز پېتى «بۇرخانلارنىڭ نوم ئۇلۇشى» دەپ ئالدۇق.

312 ئاژۇنتاقى ئۇلاغ سايىغ ئوغرىنتا — بۇ دۇنيادىكى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈزۈلمەي كېلىدىغان ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما بۇ ۋاقىت مەڭگۈلۈك ۋاقىت ئەمەس، بەلكى قىسقا ۋاقىت. بىز «دۇنيادىكى ئۈزۈلمەس ۋاقىت» دەپ ئالدۇق. «بۇ دۇنيادىكى بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ كېلىدىغان ۋاقىت» دەپ ئالسىمۇ بولىدۇ.

316 ئەدگۈ ياۋلاق ئۇتلىسى — «ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى، يامانلىقنىڭ جازاسى» دېگەن مەنىدە. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئۇتلى» سۆزى ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدىكى «مۇكاپات»، «جازا» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىگە ئوخشاش مەنىدە بولۇپ، ھەر ئىككىسىنى كۆرسىتىدۇ (خەنزۇچىدىكى 报答 سۆزىگە ئوخشاش). توغرىراقى ئۇنى «ياخشى ـ يامانلىققا قايتۇرۇلغان جاۋاب» دەپ ئېلىش كېرەك.

326 ياڭى كۈن — بۇ ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا «بۇرج» (خەنزۇچە 节 غا باراۋەر) دەپ ئېلىنىۋاتقان مەۋسۇم ياكى كالېندار ئۇقۇمى بىلەن ئوخشاش مەنىنى بېرىدىغان ۋاقىت ياكى مەۋسۇم ئۇقۇمى. بىز ئۇدۇل تەرجىمە قىلىپ «يېڭى كۈن» دەپ ئالدۇق، «بۇرج» دەپ ئالسىمۇ بولىدۇ.

357 مەزكۇر قۇردىن باشلاپ تىلغا ئېلىنىدىغان سەككىز بۇدساتۋانىڭ نامى ئەسلى تېكىستتە «يۈكۈنۈرمەن $xx$ ئاتلىغ نىزۋانسىز بۇدىسۇتقا» دېگەندەك شەكىلدە بېرىلگەن. ئۇنى «$xx$ ئاتلىق نىزۋانسىز بۇدساتۋاغا يۈكۈنىمەن» دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولسىمۇ، ئەمما ئالدىدىكى «ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى مۇنداق:» بىلەن ماسلىشىشنى كۆزدە تۇتۇپ «يۈكۈنۈشكە لايىق $xx$ ئاتلىق نىزۋانسىز بۇدساتۋا» دېگەن شەكىلدە تەرجىمە قىلدۇق.

366 تارنى ــ سانسكرىت تىلىدىكى: dhāraṇi سۆزىدىن كەلگەن، سىرلىق، سېھرىي
قورمۇلا بولۇپ، يوگادا كۆپ قوللىنىلىدۇ. ئۇ ئومۇمەن ئەپسۇن، سېھىر، قەسەم، قاغاش
قاتارلىق مەزمۇنلاردا بولىدۇ.
372 **ئوم ئاكانى نىكانى ئابىلا ماخى مانتالى سۋاخا** ــ سانسكرىت تىلىدا بېرىلگەن
دارنى. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يادىكارلىقلاردا دارنى سانسكرىت تىلىدىكى ئەسلى شەكلى
بويىچە بېرىلىدۇ، خەنزۇ تىلىدىمۇ ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە بېرىلىدۇ. دارنىنىڭ مەنىسىنى
چۈشىنىش ۋە شەرھىيلەش قىيىن. بىز ئۇز پېتى ئالدۇق.
385 **ياڭ** ــ خەنزۇ تىلىدىكى 阳 (كۈن، يورۇق) دىن كەلگەن. تەرجىمىدە بىز «ياڭ»
دەپ ئېلىنىۋەردۇق.
388 **سەكىز تۆرلۈگ كۆڭۈل بىلىنگ** بۇنى «سەككىز تۈرلۈك كۆڭۈل بىلىمى» دەپ
تەرجىمە قىلدۇق. «سەككىز تۈرلۈك تۇيغۇ»، «سەككىز ئاڭ»، «سەككىز تۇيغۇ» دەپ
ئېلىنىشقىمۇ بولىدۇ.
414 **قۇرۇغ ئېلىگ** ــ بىر بۇددانىڭ نامى. ئۇنىڭ «قۇرۇق» تەلىماتى نىرۋان ئىشى-
كىدىن كىرىشتە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىل. خەنزۇچە ئەسلى تېكىستتە ئۇ
« 空王 » دەپ ئېلىنىغان. بىز «قۇرۇق شاھ» دەپ ئالدۇق.
415 **ئاگام بىتىگ، نىرۋان بىتىگ** ــ بۇددىزم نوملىرىنىڭ ئىسمى. «ئاگام بىتىگ»
سانسكرىتچە āgamaāsūtras دىن (خەنزۇچىسى 阿那含经 ياكى 阿含经 )، «نىرۋان بىتىگ»
سانسكرىتچە Nirvaná — sūtras (خەنزۇچىسى 大 惶 庞经 ) دىن كەلگەن. بىز بىۋاسىتە
«ئاگام پۇتۇك»، «نىرۋان پۇتۇك» دەپ ئالدۇق. «ئاگاما سۇترا»، «نىرۋانا سۇترا» دەپ
تەرجىمە قىلىنسىمۇ بولىدۇ.
417 **يوگا ئاتلىغ بىتىگ** ــ بۇددىزم نومىنىڭ ئىسمى، سانسكرىتچە yoga — śastras
(خەنزۇچىسى 瑜伽论经 ) دىن كەلگەن. «يوگا سۇترا»، «يوگا شاسترا» دەپ ئېلىنىشقىمۇ
بولىدۇ.
431 ـ 433 **تەڭرىلەر يەكلەر، ئۇلۇغ كۈچلۈگ لۇۋلار، گانتارۋىلار، ئاسۇرلار،
تالىم قارا قۇش قانلارى، كىنارىلار، ماخوراگىلار، كىشىلى كىشى ئەرمەزلى** ــ بۇددىزمدى-
كى تەڭرى، ئەجدىھا قاتارلىق 10 تەرەپنىڭ (Deva — nága — námani) ئىسمى. ئۇلار
تەرتىپ بويىچە تەڭرىلەر (سانسكرىتچە Devah، خەنزۇچە 天 )، ئەجدىھا (سانسكرىتچە
Nagah، خەنزۇچە 龙 )، يەكلەر (سانسكرىتچە yaksah, خەنزۇچە 药叉 )،
گاندارۋا (سانسبكرىتچە Gandharvaḥ ، خەنزۇچە 乾达婆 )
ئاسۇرا (سانسكرىتچە asaraḥ، خەنزۇچە 非天 ياكى 阿修罗 )،
دائىتياھ (سانسكرىتچە Daityaḥ، خەنزۇچە 与非天罗连则译施女子 )
گارۇدا (سانسكرىتچە Garudah، خەنزۇچە 金翅乌 ياكى 迦楼 )
كىمنار (Kimnarah خەنزۇچە 人非人 ياكى 紧那罗 )،
ماخوراگا (سانسكرىتچە Mahoragaḥ، خەنزۇچە 大腹 ، 大腹行 ، 摩候罗加 )،
كۇمپانتا (سانسكرىتچە Kumbhaṇḍah، خەنزۇچە 瓶 ، 瓶柳 ، 乌般茶 ) دېگەنلەردىن
ئىبارەت. بۇلار ئىچىدە دائىتياھ ئادەتتىكى ئۇيغۇر بۇددىزم تېكىستلىرىدە كۆرۈلمەيدۇ.
تەرجىمىدە بەزىلىرى مەنەن، بەزىلىرى ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە ئېلىنىغان. مەسىلەن،
گارۇدا بىلەن كىمنارا مەنەن تەرجىمە قىلىنىپ ئايرىم- ئايرىم «تالىم قارا قۇش قانلارى»
(خەنزۇچە 金翅乌 غا تەڭ)، كىشىلى كىشى ئەرمەزلى (خەنزۇچە 人非人 غا تەڭ)

ئېلىنغان، «گاندارۋا»، «ئاسۇرلار» بولسا ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە ئېلىنغان.

436 **قۇتلار ۋاقشىكلار** — مانى يادىكارلىقلىرىدا بىرقەدەر كۆپ ئۇچرايدىغان ئاتالغۇ بولۇپ، بۇددىزم يادىكارلىقلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. ئادەتتە «قۇت ۋاقشىكلار» شەكلىدە كۆرىلەتتى، ئەمما مەزكۇر تېكستتە «قۇتلار ۋاقشىكلار» دېگەن شەكىلدە كەلگەن. ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل «بەخت روھلىرى»، «قۇت روھى» دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولسىمۇ، سەل چۈشىنىكسىز بولۇپ قالىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، «بەخت پەرىشتىلىرى» دەپ ئالدۇق.

445 ـ 446 **ئاۋىش تامۇ** — بۇددىزمدا بىر دوزاخ ئىسمى. تەرجىمىدە «ئاۋىش دوزاخ» دەپ ئېلىندى.

454 **بۇرقان قۇتى** — «بۇددا مېۋىسى» Buddhaphala، 佛果) دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇدداغا ئوخشاش ھالەتكە كېلىش، بۇدداغا ئوخشاش بولۇش دېگەن مەنىدە.

455 **نوم تىلگەنى** — بىۋاسىتە ھالدا «نوم چاقى» دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ. بۇددىزمدا بارلىق يامانلىقلارنى ۋە قارشى كۈچلەرنى بويسۇندۇرۇپ، ئادەم، يەر، ۋاقىت قاتارلىقلارنى يۈگەپ ماڭىدىغان چاقنى كۆرسىتىدۇ.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار


1. خانېدا تورۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹سەكىز يۈكمەك يارۇق›»، قاراڭ: «دوكتور خانېدانىڭ تارىخشۇناسلىققا ئائىت ماقالىلىرى توپلىمى» II توم، 1992 ـ يىل 11 ـ ئاي نەشرى، 64 ـ 142 ـ بەتلەر (1915 ـ يىلىدىكى ماقالىنىڭ قايتا باسمىسى).

2. ئا. فون گابائىن، گ. ر. رەخمەتى (ۋىللى باڭ نەشرگە تەييارلىغان): «تۈركچە تۇرپان تېكستلىرى VI . بۇددىزم سۇتراسى ‹سەكىز يۈكمەك›»، قاراڭ: «پرۇسسىيە پەنلەر ئاكا ـ دېمىيىسى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1934 ـ يىل 3 ـ ئاي سانى، 93 ـ 192 ـ بەتلەر.

3. فېڭ جىياشېڭ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «سەكىز يۈكمەك يارۇق»»، قاراڭ: «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» 1955 ـ يىل 9 ـ سان، 183 ـ 192 ـ بەتلەر

4. ئودا جۇتېن: «رىيوكوكو ئۇنىۋېرسىتېتىدا ساقلانغان ‹سەكىز يۈكمەك يارۇق› نىڭ ‹ئۇيغۇرچە باسما نۇسخىلىرى پارچىسى›»، قاراڭ: مورى ماساۋ: «ئىچكى ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادا جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت»، توكيو 1983 ـ يىل نەشرى، 161 ـ 184 ـ بەتلەر.

5. «بۇددىزم يادىكارلىقى ‹سەكىز يۈكمەك يارۇق› نىڭ ئۇيغۇرچە تېكىستىنىڭ يېڭى پارچىلىرى»، قاراڭ: «قەدىمكى شەرق تەتقىقاتى» 1983 ـ يىل 10 ـ سان، 125 ـ 142ـ بەتلەر.

6. شوگايتو ماساھىرو: «ناكامۇرا فۇسېتسۇ يىغمىلىرى ئىچىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكستلار ئۈستىدە تەتقىقات»، قاراڭ: «شەرقشۇناسلىق» (تويوگا كۇھو)، 1979 ـ يىل 1ـ 2 ـ سان (ئومۇمىي 61 ـ توم) 254 ـ (01) ـ 226 (029) ـ بەتلەر.

7. پېتېرتىسمې: «‹سەكىز يۈكمەك يارۇق› نىڭ خاتىمىسى»، قاراڭ: «قەدىمكى شەرق تەتقىقاتى» 1983 ـ يىل 1 ـ سان، 143 ـ، 149 ـ بەتلەر.

8. يوھان ئېلۋېرسكوگ: «ئۇيغۇر بۇددىزم يادىكارلىقلىرى»، «يىپەك يولى تەتقىقاتى» نىڭ I تومى، برېپولس 1997 ـ يىل نەشرى.

# شېئىرلار

## ھاجى ئەمىن يېڭىسارى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: شېرىپ خۇشتار

**مۇھەررىردىن:** شائىر ھاجى ئەمىن ھىجرىيە 1312 (مىلادىيە 1894 ـ 1895) ـ يىلى قەشقەرنىڭ يېڭىسار ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئۆمرىدە نۇرغۇن لىرىك شېئىرلارنى يازغانلىقى مەلۇم. ئەمما، ھازىرچە ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يازغان بىر بۆلۈك شېئىرلىرىدىن تەركىب تاپقان بىرلا دەپتەر تېپىلدى. شائىرنىڭ ئېيتىشىچە بۇ شېئىرلار ھىجرىيە 1364 ـ يىلى رەجەب ئېيىنىڭ 24 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن يېزىلغان بولۇپ، بۇ ھاجى ئەمىن شېئىرلىرىنىڭ تۆتىنچى دەپتىرى ئىكەن. قالغان ئۈچ دەپتەر تېخى تېپىلمىدى. بۇ دەپتەر شائىرنىڭ ئۆز قولىيازمىسى بولۇپ، فورماتى 17.5×22cm، جەمئىي 160 بەت، ھەر بېتىدە 20×2 مىسرادىن بولۇپ، تەخمىنەن 6160 مىسرا شېئىر بار.



ھاجى ئەمىن شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى سەۋىيىسىنى ئانچە يۇقىرى دېگىلى بولمىسىمۇ لېكىن، ئۇنىڭ تىلى ئاددىي، راۋان، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە، شېئىرىي شەكلى كۆپ خىل بولۇپ، بۇ شېئىرلار ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈنچى دەۋرنىڭ مەھسۇلىدۇر. شۇڭا بۇ شېئىرلار تىل خۇسۇسىيىتى، بەدىئىي ئۇسلۇب ۋە ئىپادىلەش شەكىللىرى جەھەتتە بىرمۇنچە ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، تەتقىقات جەھەتتە يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. ھاجى ئەمىن شېئىرلىرى ئىدىيىۋى ھېسسىيات جەھەتتە تۈز، ساددا، قايناق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. شائىر ئۆزىنىڭ لىرىك ھېسسىياتىنى بىۋاسىتە، تۈزلا ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇڭا، شائىرنىڭ شېئىرلىرى كۆپىنچە ئۆزىنىڭ شەخسىي ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرى ۋە ئۆز گۇناھلىرىغا ئوقۇغان توۋا ـ ئىستىغپارلىرىنى ئىپادىلەشتىنمۇ خالىي ئەمەس. ھاجى ئەمىن شېئىرلىرىدىكى بۇ خىل دىنىي مىستىك ئىدىيىۋى ھېسسىياتقا نىسبەتەن كەسكىن تەنقىدلەش پوزىتسىيىسىدە بولۇشىمىز كېرەك. بۇ شېئىرلارنىڭ تىل، بەدىئىي شەكىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىكى ئەۋزەللىكلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىدىيىۋى ھېسسىيات جەھەتتىكى پاسسىپ تەرەپلىرىگە تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىش، ماركسىزمنىڭ ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش توغرىسىدىكى پرىنسىپلىرىنىڭ جىددىي تەلىپى. تۆۋەندە ھاجى ئەمىن شېئىرلىرىنىڭ تېكىستى بىلەن تونۇشقايسىز.

# بىسمىللاھىر - رەھمانىر - رەھىم

تەئرىخقە بىر مىڭ ئۈچيۈز ئاتمىش تۆرت، ماھى رەجەبنىڭ يىگىرمە تۆرتى كەمىنە ھاجى ئەمىن ئۆز ھالىغە يىغلاپ، بۇ دۇنيادىن فىسقى - فەساد بىرلە غەنىمەت ئۆمرىن غەفلەتدە بەرباد بېرىپ، ھەيران بولۇپ، فۇشەيمان - نەدامەتلەر قىلىپ، دىللارى بۇزۇلۇپ، ھەيرەت مەقامىدە قالىپ، ھالى پەرىشان، دىيدە گىريان بولۇپ، ئاخىر ئۆمرىدە ئايتقان، تۆرتىنچى دەفتەرگە يازغان مۇناجاتلارى. سەھۇ - خەتا يەرلەرى بولسە، ئوقۇغۇچى پىشۋالارىمىز تەربىيەتكە ئالىپ قويۇرلار دەپ ئىلتىماس قىلىمەن.

ئەي ئەزىزلەر، ھەيران بولۇپ يۇردۇم مانا،
زار يىغلاپ يىگھىساردا قالدىم مانا.

غەفلەت باستى، بەرادەرلەر، ئۆزۈم ھەيران،
ئاخىرەتكە ياراغ يوقدۇر، يۇرەكىم قان،
رەھم ئەتمەسە مەن غەرىبغە ئىگەم سۇبھان،
بۇ ھەيرەتنىڭ مەقامىدا قالدىم مانا.

ياشلىغىمدە مەن ئۆزۈمنى ھېچ بىلمەدىم،
خۇدايىمنىڭ بۇيرۇغىنى ھېچ قىلمادىم.
گورىستانغە كېتەرىمنى مەن بىلمەدىم،
زار يىغلاپ ئارا يولدا قالدىم مانا.

مۇسۇلمانلار، گۇناھلارىم ھەددىن ئاشتى،
مەئسىيەتنىڭ قازانلارى قايناپ تاشتى،
خابى غەفلەت ئۇيقۇلارى مېنى باستى،
ئۆز ھالىمغە زار يىغلاپ يۇردۇم مانا.

يۇ يېگھىسار، بەرادەرلەر، مۇلكى نارى،
ھاسۇد، غەيبەت، يالغانچىلىق ھەرنى بارى.
بۇ توغرىدىن يۇرەك - باغرىم يۇز مىڭ پارى،
ھەيران بولۇپ ئارا يولدا قالدىم مانا.

ئارا يولدا قالدىم، دوستلار، ئولدۇم ھەيران،
رەھم ئەيلەڭىز بۇ ھالىمغە قادىر مەۋلان،
ئەدالەتلىك پادىشاھسەن، ئۆزۈڭ سۇلتان،
رەھمەتىڭدىن ھەردەم ئۈمىد قىلدىم مانا.

يالغان، ھاسۇد، غەيبەتكە خۇب كامىل بولدۇم،
بۇ ئىلمنى ئوقۇپ ئەمدى ئالىم بولدۇم،
ئۆز جانىمغە زۇلم ئېتەرگە زالىم بولدۇم،
ئەجەب يۇزى قارا زالىم بولدۇم مانا.

يېگھىساردا ھەيران بولۇپ يۇرۇيدۇرمىز،
مۇندا ھەسەد، فىتنە، غەيبەت بازارى تېز،
ھۇشيار بولغىل، بۇ ئۆلۇمگە ئەسىردۇرمىز،
بۇ توغرىدىن بىر ئاز سۆزلەپ ئۆتتۇم مانا.

مۇسۇلمانسەن، بەرادەرلەر، كۆزۈڭنى ئاچ،
ھەسەد، فىتنە، غەيبەتلەردىن سەن نارى قاچ،
مەنمەن دەبان ئوترا تۇشۇپ ئۇرما غۇلاچ،
بۇ سۆزلەرنى ئۆزۈمگە دەپ ئۆتتۇم مانا.

ھەسەد، فىتنە، غەيبەت بار جاي ئاباد بولماس،
ھەسەدخورلار، بىل، دەۋزەخدىن ھېچ قۇتۇلماس،
شىكايەتخور، بىل دەۋزەخدىن ھېچ قۇتۇلماس،
ئۆز ھالىمغە زار يىغلاپ ئۆتتۇم مانا.

ھاجى ئەمىن يالغانچىدۇر، ھەم ھەسەدخور،
زاھىرى، بىل، رەۋشەن سىفەت، باتىنى كۇر،
گۇناھىمنى ئەفۋە قىلغىل، رەببىم غەفۇر،
يىغلاپ ساڭا ئەرزىم بەيان قىلدىم مانا.

*

*

مۇسۇلمانسەن، جان بەرادەر، گۈيغۇگىنى ئاچ،
فىتنى - غەيبەت، ھەسەدلەردىن سەن ئارى قاچ،
ئىمان تىلەپ، خۇدايىمدىن، گورىستان قاچ،
يۈزمىڭ ھەسرەت - نەدامەتدە كەتتىم مانا.

بەندەمەن دەپ لاپ ئۇرارمەن، يوق بەندەلىك،
ھەق ئەمرىنى قىلالمادىم، شەرمەندەلىك،
نەماز، روزە، ھەج، زەكات يوق، دەرماندەلىك،
بۇ دۇنيادىن يۈزۈم قارا كەتتىم مانا.

خۇداۋەندا تەۋبە قىلدىم، قولۇم ئالغىل،
ياخشى يولدىن ئازىبدۇرمەن، يولغە سالغىل،
ئەمدى يۈز مىڭ تەۋبە قىلدىم، قولۇم ئالغىل،
ساڭا يىغلاپ، قاتتىغ تەۋبە قىلدىم مانا.

قاراپ باقسام، ساقالىمە كىرىپدۇر ئاق،
بىتابدۇرمەن، مەجالىم يوق، ئىرمەسمەن ساق،
كەچۈرگەيسەن گۇناھىمنى خالىقى تاق،
زار يىغلاپ يۈز مىڭ تەۋبە قىلدىم مانا.

ياشلىغىمدە يۈرۈپدۇرمەن ئوينىپ، كۈلۈپ،
نەماز، روزە، زەكات، ھەجنى قەزا قىلىپ،
ئۆلمەسمەن دەپ، ھەياتلىقنى جەزىم قىلىپ،
مىڭ نەدامەت - ھەسرەت بىلەن كەتتىم مانا.

ئىچۈك قىلغۇم، زەررە تائەت مەندە يوقدۇر،
نەماز، روزە، ھىچ ئىبادەت مەندە يوقدۇر،
زەكاتۇ ھەج ھەم سەخاۋەت مەندە يوقدۇر،
غافىللىغدە ئۆمرۈم بەرباد بەردىم مانا.

بۇ سۆز دېدى ھاجى ئەمىن بىچەمسارى،
باغلاپ مېنى قىلىڭ دوستلار سەڭگسارى،
پارچە قىلىڭ ئۇستىخانىم ھەرنى بارى،
ھەق ئەمرىنى قىلماي، غافىل كەتتىم مانا.

ئەمىن ھاجى فاسىق، گۇمراھ ھەم مۇنافىق،
يۈزى قارا يالغانچىدۇر، ئەمەس سادىق،
ئىش قىلمادىم شەرئەتكە بىر مۇۋافىق،
فىتنە - غەيبەت، ھەسەد بىلەن كەتتىم مانا.

بەرادەرلەر، مېنى باغلاپ قىيىن قىلىڭ،
باشىم تۇبەن، ئاياغ ئۇستۇن دارغە ئاسىڭ،
بەدەنلەرىم پىچاق بىرلە بىر - بىر كېسىڭ،
يۈز مىڭ ھەسرەت - نەدامەتدە كەتتىم مانا.

*

بىر مىڭ ئۈچيۈز ئاتمىش تۆرتدۇر، بىلىڭلار، سان،
بىدار بولۇپ سەھەرلەردە ئوقۇڭ قۇرئان،
ھۇشيار بولۇڭ، بەرادەرلەر، ئاخىر زەمان،
زار يىغلاپ بۇ سۆزلەرنى قىلدىم مانا.

«كۈللۇ يەۋمىن بىتەر» دېدى ھەق مۇستەفا،
ئۈممەت بولساڭ قۇلاق سالىپ بۇ سۆز ئاڭلا،
كېچە - كۈندۈز تەۋبە قىلىپ زار يىغلا،
ئاقىللارگە بۇ سۆزلەرنى قىلدىم مانا.

«كۈللى يەۋمىن بىتەر» دەبان ھەدىس ئايتتى،
رەسۇلۇللاھ ۋەئدەلەرى يەقىن يەتتى،
بۇ دۇنيادىن نې ئەرەنلەر ئۆتۈپ كەتتى،
بەرادەرلەر، ھەسرەت بىلەن كەتتىم مانا.

*

رەسۇلۇللاھ ھەدىسىغە ئەمەل قىلغىل،
بۇ زەمانى ئاخىرىدۇر ئەمدى بىلگىل،
سەھەرلەردە بىدار بولۇپ تەۋبە قىلغىل،
ئەسىد، ئۆمرۈم، گۇناھ بىرلە كەتتىم مانا.

قىيامەت كۈن يەقىن يەتتى، مۇنى بىلگىل،
كېچەلەردە بىدار بولۇپ زار يىغلاغىل،
زار يىغلاپ خۇدايىمە، تەۋبە قىلغىل،
تەۋبە قىلماي، نەدامەتدە كەتتىم مانا.

«مۇئمىن بىز» دەر ئۆلەرنى بىلمەگەنلەر،
گورىستاندا ياتغانلارنى كۆرمەگەنلەر،
كۆرۈپ ئاندىن ئەسلا ئىبرەت ئالماغانلار،
ھەيران بولۇپ زار - ئەفغان قىلدىم مانا.

بەرادەرلەر، بىلگىل، ئاخىر بىز ئۆلەرمىز،
بىجان بولۇپ، ئاق ئىگىننى بىز كىيەرمىز،
ئىگەرى يوق يىغاچ ئاتغە بىز مىنەرمىز،
بىل ئاقىبەت گورىستانغە كەتتىم مانا.

*

رەھىم ئەيلەگىل مەن غەرىبغە قادىر خۇدا،
بۇ يوللارگە يۈز مىڭ جانىم بولسۇن فىدا،
مۇشكىللەرنى ئاسان قىلغىل، يا قادىرا،
ئۈمىد ئەيلەپ، زار يىغلاپ تۇردۇم مانا.

خۇداۋەندام مەن گۇمراھغە رەھىم ئەيلەگىل،
يول ئاداشتىم، ئۆزۈڭ ھادى، قولۇم ئالغىل،
مەن گۇمراھنى خۇداۋەندە يولغە سالغىل،
ھەزرەتىڭدىن ئۈمىد ئەيلەپ تۇردۇم مانا.

سەندىن ئۆزگە پەناھىم يوق، خۇداۋەندا،
ھەرنې قىلساڭ ئۆزۈڭ قادىر، سەن پادىشاھ،
غەرىبلەرگە سەندىن ئۆزگە يوق دادخاھ،
بۇ ئەرزىمنى ساڭا بەيان قىلدىم مانا.

خۇداۋەندا، رەھىم ئەيلەگىل ئاسىيلارگە،
يول كۆرسەتكىل يولدىن ئازغان گۇمراھلارگە،
ئۆزۈڭ ھادى يولدىن ئازغان غافىللارگە،
بىزنى قىلما ئۇشبۇ ئۇلۇغ دىندىن جۇدا.

ئەفۋ قىلغىل گۇناھىمنى، يا قادىرا،
ھەرنې قىلساڭ قۇلۇڭدۇرمەن، سەن پادىشاھ،
دادىمىزغە يەتكىل ئۆزۈڭسەن دادخاھ،
بۇ ئەرزىمنى يىغلاپ بەيان قىلدىم مانا.

بەندەدۇرمەن، ھىچ بەندەلىك نىشانە يوق،
غافىل يۈردۈم، قىلالمادىم ساڭا قۇللۇق،

*

دائىم نەماز، روزە قەزا قىلىپ يۈردۈم،
ئۇشرە - زەكات ئەسلا ئەدا قىلالمادىم،

بۇ سۆز دېدى ھاجى ئەمىن يېگھسارى
سەن ئويغانىپ قىلغىل ئەمدى نالە - زارى،
زار يىغلاپ يۈرەك - باغرىڭ قىلغىل پارى،
ھاجى ئەمىن يۈز مىڭ تەۋبە قىلدىم مانا.

*

ھەرنې قىلساڭ قۇلۇڭدۇرمىز، چارەمىز يوق،
بۇ توغرىدىن غەم ئاستىدا قالدىم مانا.

رەھىم ئەتمەسەڭ، نىچۈك بولغاي ئەھۋالىمىز،
بۇ توغرىدا يوقدۇر ئەسلا مەجالىمىز،
مەئلۇم ساڭا تەمام قىلغان ئەفئالىمىز،
رەھىم ئەيلەگىل، يا رەببەنا، يا رەببەنا.

غافىل يۈرۈپ بۇ ئۆمرۈمنى بەرباد بەردىم،
سەھەر تۇرۇپ ساڭا قۇللۇق قىلالمادىم.
گۇناھىمنى ئەفۋ قىلغىل، تەۋبە قىلدىم،
رەسۋا قىلما، خۇداۋەندا، يەۋمىل - جەزا.

غافىل يۈرۈپ بۇ گۇناھىم ھەددىن ئاشتى،
مەئسىيەتنىڭ قازانلارى قايناپ تاشتى،
نەفسى شەيتان ياخشى يولدىن مېنى ئۇردى،
ماڭا زەفەر بەرگىل ئۆزۈڭ، قادىر خۇدا.

بۇ يوللاردە بولدى دۇشمەن نەفسى شەيتان،
غافىل يۈردۈم ۋىرد ئەيلەمەي دائىم «قۇرئان»،
ھازىر، نازىر، دانادۇرسەن ئىگەم سۇبھان،
تەۋبە ئەيلەپ، مىڭ نەدامەت قىلدىم مانا.

ئەمىن ھاجى بۇ يوللاردە ھۇشيار بولغىل،
زار يىغلاپ سەھەرلەردە بىدار بولغىل،
تەۋبە قىلىپ ئەھۋالىڭغە كۆپ يىغلاغىل،
سەھەر تۇرماي، غافىل ئۆتۈپ كەتتىم مانا.

*

يۈز مىڭ ھەسرەت، بەيتۇللاھغە كېتەلمەدىم،
بەرادەرلەر، نەدامەتدە كەتتىم مانا.

رەھم ئەتمەسەڭ بۇ ھالىمغە، يا قادىرا،
ھەيران بولۇپ يولدا قالدىم مەن پۇر گۇنا،
مەن گۇمراھنىڭ تەمام قىلغان ئىشىم خەتا،
ئەفۇ قىلغىل، مەندىن خەتا، سەندىن ئەتا.

خۇداۋەندا، سىنىڭ ئەمرىڭ قىلالمادىم،
دائىم غافىل، سەھەر بىدار بولالمادىم،
زىكرىڭ ئايتىپ، كۆز ياشىمنى تۆكەلمەدىم،
ئىچۇك قىلغۇم، ھۇزۇرۇڭدا يۇزۇم قارا.

بۇ سۆزلەرنى دېدى ئەمىن ھاجى غەرىب،
ئارا يولدا ھەيران بولدۇم يولدىن ئازىپ.
قىلغىل ئاخىر، خۇداۋەندا، ئىمان نەسىب،
ھادى ئۆزۈڭ يولغە سالغىل، يا قادىرا.

ھاجى ئەمىن يولدىن ئازىپ، ھەيران بولدى،
يولغە سالغىل، سىدقى بىرلە تەۋبە قىلدى،
زار يىغلاپ، دەرگاھىڭغە بۇ ئاسىلدى،
رەھم ئەيلەگىل، قادىر خۇدا، قادىر خۇدا.

ھاجى ئەمىن يېگەمسارى زارۇ ھەيران،
بەيتۇللاھغە كېتەلمەدىم، يۈرەكىم قان،
نەسىب قىلسا ئول ھەرەمگە قادىر سۇلتان،
سائەت تۇرماي كەتسەم مانا، كەتسەم مانا.

يېگەمساردىن ھەرەم شەرىفنى سەفەر قىلسام،
ھەقىقەتنىڭ سەفەرىگە قەدەم قويسام،
ئېسەن - ئامان يېگەمساردىن چىقىپ كەتسەم،
ئىگىز يەرگە بارىپ ئارام ئالسام مانا.

ئىگىز يەردىن كوھسانغە كىرىپ كەتسەم،
بالا - چاقا، ئەھبابلاردىن رىزالاشسام،
كاتتە - كىچىك يارانلاردىن دۇئا ئالسام،
زار يىغلاب كۆزۈمدىن قان تۆكسەم مانا.

تاغۇ دەشتتە، بەرادەرلەر، زار يىغلاپ،
ئىشق ئوتىدە زار يىغلاپ، يۈرەك داغلاپ،
بۇ ھىممەتنىڭ كەمەرىنى بەلگە باغلاپ،
ۋاۋەيلا دەپ نالە - ئەفغان قىلسام مانا.

رىيازەتلەر تارتىپ يەتسەم تاشقورغانغە،
ھەر قەدەمدە سەنا ئايتىپ ئول سۇبھانغە،
ئەرزىم ئايتىپ، زار يىغلاپ ئول سۇلتانغە،
بۇ يوللاردە مۇشەققەتلەر تارتسام مانا.

تاغۇ دەشتتە، بەرادەرلەر، بىتاب بولسام،
غەرىبلىقدە بىمار بولۇپ، رەنجىن تارتسام،
غەرىبلىقدە، بەرادەرلەر، ئەگەر ئۆلسەم،
مۇرادىمغە يەتسەم مانا، يەتسەم مانا.

«مىن مىيەتى غەرىبەن» دەپ رەسۇل ئايدى،
بۇ ھەدىسنىڭ قىممەتىنى كىملەر بىلدى،
جاندىن كەچكەن دىلاۋەرلەر سەفەر قىلدى،
«فەقەت مەيتى شەھىدەن» دەپ ئۆلسەم مانا.

ھاجى ئەمىن غەرىب ئەمدى بەل باغلادىم،
ئىشق ئوتىدا يۈرەك - باغرىم خۇپ داغلادىم،
مەن ئۆزۈمنى بۇ يوللاردە خۇپ چاغلادىم،
يول ئاچىلسا، ھەرەم چىقىپ كەتسەم مانا.

يەتتە يىلدۇر ھەرەم يولى بەند بولغالى،
مۇسۇلمانلار يۈرەكلەرى قان بولغالى،
كېلىڭ، دوستلار ھالىمىزغە بىز يىغلايلى،
بىخۇد بولۇپ نالە ئەفغان قىلسام مانا.

يول ئاچىلسا، ھەرەم شەرىف سەفەر قىلسام،
بۇ يوللاردە مۇشەققەتنى راھەت بىلسەم،
ئېسەن - ئامان فەرخۇد كىرىپ، شوردىن ئۆتسەم،
جىددى شەرىف شەھرلەرىن كۆرسەم مانا.

شور دەريادىن ئېسەن - ئامان جىددە چىقسام،
ماما ھەۋۋا ئانامىزغە دۇئا قىلسام،
تىۋە مىنىپ بەيتۇللاھغە سەفەر قىلسام،
مەككە شەرىف شەھرلەرىن كۆرسەم مانا.

بەرادەرلەر، بەيتۇللاھغە داخىل بولسام،
زار يىغلاپ بەرادەرلەر ھەرەم كىرسەم،
ھەرەم كىرىپ يەتتە مەررە دەۋر قىلسام،
ھەجەرۇل - ئەسۋەد تاشلارىن سۆيسەم مانا.

ئاندىن سوڭرە بارسام مەقام ئىبراھىمغە،
تەۋبە قىلسام ئۇل مەقامدا گۇناھىمغە،
تەۋبە بولۇپ زار يىغلاسام خۇدايىمغە،
ئاندىن چىقىپ مەرۋى - سەفا قىلسام مانا.

بەرادەرلەر، غەرىب مەرۋى - سەفا قىلىپ،
فارىغ بولۇپ ئۇل سەفادىن ئۆمرى بارىپ،
ئۇل مەسجىددە ئىككى رەكئەت نەماز قىلىپ،
ھۆججەتىمنى خۇدايىمدىن سورسام مانا.

ئاندىن كىرىپ ئۇل ئەرەفاتغە سەفەر قىلسام،
ھەيال بولماي شۇل ھالەتدە مىنا بارسام،
مۇتەلىبدىن ئەرفات تاغغە داخىل بولسام،
لەببەيكە دەپ ھاجى بولۇپ ئۆلسەم مانا.

ئەرفات كۈنى، بەرادەرلەر، ئەگەر ئۆلسەم،
«لەببەيكە» دەپ ندا قىلىپ جانىم بەرسەم،
خۇدا ئىمان بەرسە ئاندىن ئەمان ئۇلسام،
مۇرادىمغە يەتسەم مانا، يەتسەم مانا.

ئۆلمەي ھەيات ئۇل ئەرفاتدىن ئەگەر يانسام،
مۇزتەلىككە كېلىپ قولغە تاشنى ئالسام،
مىنا كېلىپ ئۇل مەلئۇنغە تاشنى ئاتسام،
قويلار ئالىپ ئاندا زەبھە قىلسام مانا.

ئۇل مىنادا، بەرادەرلەر، ئۈچ كۈن تۇرۇپ،
قۇربانلىقغە قويلار ئالىپ، زەبھە قىلىپ،
قۇربانلىقدىن فارىغ بولۇپ، ھەرەم كىرىپ،
ئۇل ھەرەمنى دەۋر قىلىپ يۈرسەم مانا.

بەرادەرلەر، تەۋاف قىلىپ بەيتۇللاھنى،
ئەدا قىلسام مەرۋى بىرلە ئۇل سەفانى،
ئاندىن چىقىپ ئەدا قىلسام ئۆمر ھەجنى،
ساچ ئالدۇرۇپ، بۇ ئەھرامدىن چىقسام مانا.

مۇندا يانماي ئۇل ھەرەمدە تۇرۇپ قالسام،
تاقەت قىلىپ بۇ نەفسىمنىڭ كۆزىن ئويسام،
قەزا يېتىپ بەيتۇللاھدە ئۆلۈپ كەتسەم،
ئۇل جەننەتئۇل - مەئەللاھدا ياتسام مانا.

ھاجى ئەمەس خۇدايىمدىن تىلەپ يىغلا،
بىدار بولۇپ سەھەرلەردە يۈرەك داغلا،
بۇ يوللارنىڭ خەتەرى كۆپ، ئۆزۈڭ چاغلا،
دائىم يىغلاپ، يۈرەكنى قان قىلسام مانا.

ھاجى ئەمەس دائىم يىغلا خۇدايىڭگە،
نەدامەت قىل ھەددىن ئۆتكەن گۇناھىڭگە،
يەتسە ئەجەب ئىرمەس، ئۇل شاھ بۇ ئاھىڭگە،
ھاجى بولۇپ، بەيتۇللاھدا ئۆلسەم مانا.

*

بەرادەرلەر، مەن قەلەندەر بولسام مانا،
تاغۇ تاشقە ھەق دەپ چىقىپ كەتسەم مانا.

مەن بىنەۋا ئۇستۇمگە بىر جەندە كىيسەم،
بۇ باشىمغە، بەرادەرلەر كۇلاھ كىيسەم،
ئاجىزلىقنىڭ ئەساسىنى قولغە ئالسام،
زار يىغلاپ بەيابانىدا يۈرسەم مانا.

قەنائەتنىڭ ھەلقەسىغە ئۆزۈم ئۇرسام،
تاقەت قىلىپ شۇم نەفسىمنى مەن ئۆلدۇرسەم،
ئاندىن كېيىن بىلىم باغلاپ يولغە كىرسەم،
بۇ دۇنيادىن ماسىۋەللاھ بولسام مانا.

*

بۇ بىلىمگە ھىممەت قۇرىن مەن باغلاسام،
ئىشق ئوتىغە يۈرەكىمنى مەن داغلاسام،
بىخۇد بولۇپ، ھەق دەپ مۇدام فەرياد قىلسام،
ئىشق ئوتىدا كۆيۈپ ئەخكەر بولسام مانا.

ھەقدىن تىلەپ، بەرادەرلەر، ئاشىق بولغىل،
بىدار بولۇپ سەھەرلەردە سادىق بولغىل،
زار يىغلاپ دىدارىغە لايىق بولغىل،
ئەللاھ دەبان ئەزىز جانىم بەرسەم مانا.

ھېچ ئىنسان ئاشىق بولماي كۆرمەس دىدار،
ئەمرى ھەقنى بىلمەگەندىن ئەللاھ بىزار،

بىل، ھەقىقىي ئاشىقلارگە مەئشۇق تەييار،
زار يىغلاپ، ھەق جەمالىن كۆرسەم مانا.

ئاشىقلارنىڭ باغرى قاندۇر، ئىرمەس پۈتۈن،
دىماغىدىن، بىلىڭ، دائىم چىقار تۈتۈن،
ئاشىق قۇللار جاندىن كەچكەن جانان ئۈچۈن،
جاندىن كىچىپ جانانىمنى كۆرسەم مانا.

كەچمەي جاندىن بۇ يوللارگە كىرىپ بولماس،
زار يىغلىماي دىيدارى ھەق كۆرۈپ بولماس،
جاندىن كەچمەي، جانانەغە يېتىپ بولماس،
جاندىن كىچىپ، دىيدارى ھەق كۆرسەم مانا.

بەرادەرلەر، ھەق يولىغە جانىم بەرسەم،
ئىشق ئوتىدە، بەرادەرلەر، كۆيۈپ ئۆلسەم،
مەنسۇر سىفەت مەن ئۆزۈمنى داردە كۆرسەم،
بىخۇد بولۇپ، جاندىن كىچىپ ئۆلسەم مانا.

ھەرنى قىلساڭ، ئاشىق قىلغىل، خۇداۋەندا،
رەھىم ئەيلەگىل، يول ئاداشقان مەن بىر گەدا،
ئۆمرى ئاخىر ئىمانىمدىن قىلماي جۇدا،
يا رەببەنا، فەغفىرلەنا، زۇنۇبەنا.

ھاجى ئەمىن بىدار بولۇپ دائىم يىغلا،
ئەللاھ دەبان دائىم، سەھەر يۈرەك داغلا،
بۇ يوللاردە مەردان بولۇپ، بىلىڭ باغلا،
ۋا ۋەيلا دەپ فەرياد قىلىپ يۈرسەم مانا.

ئىشق دەرياسى ئۇلۇغ دەريا، ئۆزۈڭنى ئۇر،
بىلىڭ باغلاپ، تەۋەككۇل دەپ، سەن مەھكەم تۇر.
ئۆزۈڭ ساقلا خەتەرلەردىن، رەببىم غەفۇر،
زەفەر بەرگىل، بۇ يوللاردىن، قادىر خۇدا.

بۇ يوللاردا قاراقچىلار ئەدەدسىزدۇر،
نەفسى شەيتان دائىم سىنىڭ قەسدىڭدەدۇر.
قەسد ئەيلەسە بىسمىللاھ دەپ، سەن مەھكەم تۇر،
مەھكەم تۇرۇپ، بۇ دۈشمەندىن، بولغىل جۇدا.

بۇ «بىسمىللاھ» ئول لەئىنغە قىلىچ بىلىڭ،
دائىم ئوقۇپ، ئۆزىڭىزغە ھەمراھ قىلىڭ.
نەفسى دوزنى ئۆزىڭىزدىن جۇدا قىلىڭ،
شۇم نەفسنى قىلىچ بىرلە چاپسام مانا.

خۇداۋەندا، سەندىن ئۆزگە پەناھىم يوق،
زار يىغلاپ قىلالمادىم ساڭا قۇللۇق.
بۇدۇنيادىن ھەسرەت بىلەن كەتتىم قۇرۇق،
بۇ توغرىدىن ھەيران مەنا، ھەيران مەنا.

خۇداۋەندا، تەۋبە قىلدىم، قولۇم ئالغىل،
يول ئاداشتىم، مەن گۇمراھنى يولغە سالغىل.
مەن غەرىبنىڭ ئەھۋالىمغە رەھىم قىلغىل،
مەن ئەيلەدىم ساڭا يىغلاپ، كۆپ ئىلتەجا.

ئەللاھ، ئەللاھ، ئەللاھ، ئەللاھ، ئەللاھ، ئەللاھ،
سەندىن ئۆزگە پەناھىم يوق، ئەللاھ، ئەللاھ.
دەرگەھىڭگە يىغلاپ كەلدىم، شەيئى لىللاھ،
رەھىم ئەيلەگىل، قادىر خۇدا، قادىر خۇدا.

بۇ سۆز دىدى ھاجى ئەمىن يېڭىسارى،
بۇ ئۇيقۇدىن ئويغات ئۆزۈڭ، بول بىدارى.
ۋەقتى سەھەر بىدار بولۇپ، قىلغىل زارى،
تەۋبە قىلدىم، ئەفۋ قىلغىل، خۇداۋەندا.

*

*

ھۇ ھەلقىسى قۇرۇلدى، كىلىڭ، دوستلار، يىغلايلى،
دىلىنىڭ ئىشكى ئاچىلدى، بۇ يۈرەكنى داغلايلى.
زاكىر بولۇپ، يارانلار، خۇدايىمغە يىغلايلى،
ھەق يولىغە بىز ئەمدى بېلىمىزنى باغلايلى.

ھۇ ھەلقىسى ئاچىلدى، چاقماقىغە ئۆي ياقىلدى،
زەڭگار باسقان چاقماقلار، يېڭى باشتىن چاقىلدى.
خانىقاھدا، يارانلار، ھۇ ھەلقىسى قۇرۇلدى،
زاكىر قۇللار بىرلەشىپ، ھالىمىزغە يىغلايلى.

زاكىرلارنىڭ ھەلقىسى كۆيۈپ تۇرغان بىر ئوتتۇر،
ئاتەش نەفەس زاكىرلار قۇرۇپ قالغان گۇنگۇتدۇر.
دىماغىدىن قاراپ كۆر، چىقىپ تۇرغان بىر دۇتدۇر،
ھۇ ـ ھۇ دەبان، ھەلقىدە نالە ـ ئەفغان قىلايلى.

زاكىرلارنىڭ ھەلقىسى قايناپ تۇرغان قازاندۇر،
ھەلق ئىچرە يارەنلەر ياغىپ تۇرغاي مۇدام نۇر.
گۇناھىمنى سەن ئۆزۈڭ، ئەفۇ قىلغىل يا غەفۇر،
ئەللاھ دەبان ھەلقىدە، ئەزىز جاننى بېرەيلى.

ھەلق ئىچرە بىلىڭلار، مەشايىخلار ھازىردۇر،
قولىدا قىلىچ، خەنجەر، باشىمىزدە نازىردۇر.
بۇ ھەلقىدە، يارانلار، ئەللاھ دەبان مەھكەم تۇر،
پەرۋانىدەك ھەلقىغە، ئۆزىمىزنى ئۇرايلى.

بۇ كۈنلەر كۆپ غەنىمەت، ئەللاھ بەرگەن بىر نىئمەت،
زار يىغلاپ، يارانلار، قىلىڭ ئۆزنى ئەھلى دەرد.
بۇدۇنيادا ۋەفا يوق، كېچە ـ كۈندۈز يىغلاپ كەت،
زاكىر بولۇپ، زىكىر ئېيتىپ، خۇدايىمغە يىغلايلى.

باشىمىزدە ئۆلۈم بار، ئاخىر بىر كۈن كېتەرمىز،
ئول سەفەرگە چىقغاندا بۆزدىن ئىگىن كىيەرمىز،
بۆز ئىگىننى كىيگەندە، يىغاچ ئاتقە مىنەرمىز،
ۋەفاسىزدۇر بۇدۇنيا، ماتەم سەرا بىلەيلى.

بۇجان تەندە ئەمانەت، ئاخىر بىر كۈن ئۆلەرمىز،
بىز ئاقىبەت يارەنلەر، گورىستانغە كېتەرمىز.
مۇنكىر، نەكىر سورغاندا، نېچۈك جاۋاب بېرەرمىز،
جان بەرادەر، يارانلار، بۇ كۈنلەرنى ئويلايلى.

ھۇ ھەلقىسى بىر دەريا، غەۋۋاس بولۇپ، ئۆزۈڭ ئۇر،
بېلىڭ باغلاپ بۇ يولدا مەردان بولۇپ، مەھكەم تۇر.
تەشنە ئەيلەپ ئۆزۈڭنى، ئىچ شەرابى ئەنتەھۇر،
بۇ يوللار كۆپ خەتەرناك، يول جابدۇغى قىلايلى.

بۇ يوللار كۆپ قاراڭغۇ، قولۇڭغە بىر ئەسا ئال،
ھاجى ئىمىن كۆزۈڭ ئاچ، ئەللىك ئىككى كىردى سال.
غافىل يۈرۈپ ھەممىشە، دىل ئاقىغە ئۇرما خال،
بىدار بولۇپ تۈن كېچە، خۇدايىمغە يىغلايلى.

جۇملە دەردمەن يىغىلىپ، ھۇ ھەلقىسى يىغلايلى،
بىخۇد بولۇپ ھەلقىغە، ئۆزىمىزنى ئۇرايلى.
ھۇ ھەلقىسى بىر بۇتا، ئېرىپ سىماپ بولايلى،
كېلىڭ دوستلار بىرلەشىپ، ھالىمىزغە يىغلايلى.

ھاجى ئەمىن، ھالىڭغە يىغلاپ سەھەر بىدار بول،
بۇ غەفلەتتىن كۆزۈڭنى ئاچغىل ئەمدى، ئايا كور.
ئاداشمىغىل بۇ يولدىن، بېلىڭ باغلاپ، مەھكەم تۇر،
ۋەفاسىزدۇر بۇدۇنيا، ھەياتلىقدا يىغلايلى.

*

بەرادەرلەر، سەھەردە بىدار بولۇپ سەن يىغلا،
ئىشق ئوتىدا ئۆرتىنىپ، ھەردەم يۈرەكنى داغلا.
ئەگەر ئاقىل ئېرۇرسەن، ھەق يولىغە بەل باغلا،
ئول جەنابى ھەزرەتكە ھەردەم دۇرۇد ئايتايلى.

ئۆلۈم كېلۇر تۇيۇقسىز، ئالدىدا بىز كۆپ ئاجىز،
كەلگەن زەمان ئالۇر جان، قىلماس نەفەس تەل-تەئخىر.
ئايا غافىل كۆزۈڭ ئاچ، ھوشيار بولۇپ مۇنى بىل،
ئۆلمەس بۇرۇن كۆپ يىغلاپ، بىز تەۋبەلەر قىلايلى.

دۇنيا ئىزلەپ يۈرۈرمەن، يوقدۇر ئەسلا مەجالىم،
يىغماق ئۈچۈن دۇنيانى دائىم فىكرۇ خەيالىم.
نېچۈك بولغاي ئاقىبەت مەن گۇمراھنىڭ ئەھۋالىم،
ئەمىن ھاجى گۇمراھدەك، ئارا يولدا قالمايلى.

ھاجى ئەمىن، ئويغانىپ ئەمدى بىدار ئەيلە ھال،
ھېساب قىلسام تەخمىنەن، ئەللىك ئىككى كىردى سال.
يولدا قالغان غەرىبمەن، بارىپ مېنىڭ قولۇم ئال،
ئۆتكەن ئىشغە نەدامەت قىلىپ، ئەمدى يىغلايلى.

ھېچكىم ھاجىم ئەمىندەك ئارا يولدا قالماسۇن،
يولدىن ئازىپ مېنىڭدەك يۈرەكى قان بولماسۇن.
ھېچكىم ھاجىم ئەمىندەك يۈزى قارا بولماسۇن،
باغلاپ ئەمىن ھاجىنى ئۇرۇپ ئەزاب قىلايلى.

ئېشەك تەتۈر مىندۈرۈپ، سۈرتۈپ قارا يۈزۈمگە،
بويىنۇم باغلاپ، زەنجىردە خىتاب قىلىڭ ئۆزۈمگە.
ئاندىن كېيىن يارانلار، تارتىڭلار مىل كۆزۈمگە،
باغلاپ ھاجى ئەمىننى، ئېگىز دارغا ئاسايلى.

ئاسىپ دارغە، يارانلار، قىلىچ بىرلە چاپىڭلار،
يا بولماسە ھاجىنى مىلتىق بىرلە ئاتىڭلار.
ئەگزالارىم پارچىلاپ، گوزەرلەرگە ئاسىڭلار،
ئەمىن ھاجى گۇمراھنى كۆرۈپ ئىبرەت ئالايلى.

داردىن ئالىپ مۈردامنى، ئۈچ كۈن داردە تۇتسۇنلار،
خەلايىقلار كۆرۈبان، مەندىن ئىبرەت ئالسۇنلار.
بۇ دۇنيادا ۋەفا يوق، ماتەمسەرا بىلسۇنلار،
بەرادەرلەر بۇ دۇنيا ماتەمسەرا بىلەيلى.

سۆزلەپ ئۆتتى بۇ سۆزنى ھاجىم ئەمىن غەرىب قۇل،
سەھەرلەردە نەۋا قىل، مىسالى ئۈچىبۇ بۇلبۇل.
بۇلبۇل ئاشىق بىلىڭلار، مەئشۇقىدۇر قىزىلگۈل،
گۈل ئىشقىدا بۇلبۇلدەك، بىزلەر سەھەر سايرايلى.

* *

ھاجى ئەمىن غەرىبنىڭ دىللارى بۇزۇلۇپ، ھەرەم يادىغە كېلىپ، ھەيران بولۇپ، ئۆز ئەھۋالىغە نەدامەتلەر قىلىپ ئايغان سۆزلەرى: ئەي ئەزىزلەر مەندەك گۇمراھغە بىر دۇئا قىلىڭلار، دائىم دىلىم بەيتۇللاھغە كەتمەكنى ئارزۇ قىلادۇر، يول ئاچىلسا، ھەرەمگە چىقىپ كەتسەم دەرمەن. مەندە مۇندىڭ [دىن] باشقا ئىشتىياق، ئارزۇ يوق. خۇدايا، خۇداۋەندا، جۇملەمىزنى ھەرەمگە يەتكۈر، ئامىن.

نىيەت قىلدۇق كەئبەگە، رىزا بولۇك، دوستلارىم،
ئۇشۇل بەيتۇل ھەرەمگە رىزا بولۇڭ، دوستلارىم.
ئەمدى يولغە چىقغايمىز، ئۇلۇغ سەفەر قىلغايمىز،
تاغۇ تاشنى كەزگەيمىز، رىزا بولۇڭ، دوستلارىم.

يېڭىسادىن چىقغايمىز، ئىگىز يەردە قونغايمىز،
تاغ ئۈچىگە كىرگەيمىز، رىزا بولۇڭ، دوستلارىم.
نىيەت قىلدۇق كەئبەگە، ئاندىن ھەزرەت رەۋزەگە،
نەسىب ئەتكەي جۇملەگە، رىزا بولۇڭ، دوستلارىم.

بۇ يول ئۇلۇغ سەفەردۇر، تولا خەۋفۇ خەتەردۇر،
يەتكۈر مېنى ھەرەمگە، ھادى ئۆزۈڭ، ياغەفۇر،
تاغۇ تاشنى كېزىبان تېزراق يەتسەم لەبى شور،
كۆرسەم دەريايى شورنى، رىزا بولۇڭ، دوستلارىم.

قەزا يەتسە يېتەلمەي، تاغۇ تاشلاردە ئۆلسەم،
بەيتۇللاھغە يېتەلمەي، غەرىبلىغدە جان بەرسەم،
«مىن مىئەتە غەرىبەن» ھەدىسىغە ئۇلاشسام،
«فەقەد ماتەشەھىدەن» رىزا بولۇڭ، دوستلارىم.

تاغۇ تاشدا مەن ئۆلسام، غەرىبلىغدا جان بەرسەم،
مۇرادىمغە يېتەلمەي، ئۇشۇل غۇربەتدە ئۆلسەم،
مەھشەر كۈنى بولغاندا دىدارى ھەقنى كۆرسەم.
مەندەك غەرىب ئاجىزدىن رىزا بولۇڭ، دوستلارىم.

ئەجەب يۈزى قارامەن، نەفسىمگە مۇبتەلامەن،
بۇ شۇم نەفسىم كويىدا، بەرادەرلەر، ئەدامەن،
باشىم قاتتى، يارانلار، ئەقلۇ ھۇشدىن جۇدامەن،
يولدا قالغان غەرىبمەن، دۇئا قىلىڭ، دوستلارىم.

دۇئا قىلىڭ، يامانمەن، فىتنى ئاخىر زەمانمەن،
ھاسۇد، غەيبەت، يالغانغە كامىل بولغان نادانمەن،
ئۆل سەبەبدىن، دوستلار، ئارا يولدا قالغانمەن،
مەندەك يامان گۇمراھدىن رىزا بولۇڭ، دوستلارىم.

ئەجەب يۈزى قارامەن، مېنى باغلاپ ئۇرۇڭلار،
زاكىر قۇللار بىرلەشىپ ھۇ ھەلقەسى قۇرۇڭلار،
تەۋفىقىمغە ھەلقەدە ماڭا دۇئا قىلىڭلار،
مەندەك گۇمراھ يامانغە دۇئا قىلىڭ، دوستلارىم.

رىزا بولۇڭ ئۆزۈمدىن، ياخشى - يامان سۆزۈمدىن،
ھەرنى سەھۋۇ خەتالار ئۆتكەن بولسە ئۆزۈمدىن،
تەۋبە قىلىپ مەن ئەمدى، قانلار تۆكەي كۆزۈمدىن،
ئۇنۇتۇڭ قاتتىغ سۆزۈمنى، رىزا بولۇڭ، دوستلارىم.

يامانلىغ بار، دوستلار، ھېچ ياخشى ئىش مەندە يوق،
مۇسۇلماندۇر سۇرەتىم، يادى خۇدا تەندە يوق،
بىلىپ قويغىل، دۇنيادا خەتاسىز بىر بەندە يوق،
يولدا قالغان غەرىبمەن، رىزا بولۇڭ دوستلارىم.

كېتەي دېسەم ھەرەمگە، يول يەتتى يىل بولدى بەن،
ئىشتىياقى ھەرەمدىن بۇ ئۇستىخان قالدى تەن،
ۋا ھەسرەتا، نەدامەت! يولدا قالغان غەرىبمەن،
ئاچىلسا يول كېتەرمەن، دۇئا قىلىڭ، دوستلارىم.

دۇئا قىلىڭ، زاكىرلار، ھەرەم يولى ئاچىلسۇن،
دەردمەن، ئاجىز، غەرىبلەر مۇرادىغە بىر يەتسۇن،
ھەرەم نىيەت قىلغانلار بەيتۇل - ھەرەمگە كەتسۇن،
ئىنشا ئەللاھ، كېتەرمىز، رىزا بولۇڭ، دوستلارىم.

بۇ سۆزلەرنى دەپ ئۆتتى ھاجى ئەمىن قارا يۈز،
يول ئاچىلسا، سەن تۇرما، ھەرەم سەفەر قىلغىل تېز،
نەسىب ئەتكىل ھەرەمگە، خۇداۋەندا، ئاجىز بىز،
ئەمىن ھاجى غەرىبدىن رىزا بولۇڭ، دوستلارىم.

*

بەرادەرلەر، ھەرەم چىقىپ كەتسەم دەرمەن،
ھايال بولماي بەيتۇللاھغە يەتسەم دەرمەن،
بەيتۇللاھنى تەۋاف قىلىپ، بەرادەرلەر،
مۇرادىمغە يەتسەم دەرمەن، يەتسەم دەرمەن.

يېڭىسارىدىن بەيتۇللاھغە سەفەر قىلسام،
ئىگىز يەردىن كوھستانغە ئۆزۈم ئالسام،
تاغۇ تاشدە زار يىغلاپ تەۋبە قىلسام،
تاشقورغانغە بارىپ ئارام ئالسام دەرمەن.

تاشقورغاندىن چىقىپ، قاتتىغ سەفەر قىلسام،
غەرىبلىقدە يۈرەك - باغرىم فەقەد ئەزسەم،
زار يىغلاپ تاغۇ تاشنى مۇدام كەزسەم،
بۇ يوللاردە ئەزىز جانىم بەرسەم دەرمەن.

بۇ سەفەردە ئەگەر، دوستلار، بىتاب بولسام،
غەرىبلىقدە ئاجىز بولۇپ، ئاغرىپ ياتسام،
قەزا يېتىپ، غەرىبلىقدە ئۆلۈپ كەتسەم،
يول ئۈستىدە تۇفراق بولۇپ ياتسام دەرمەن.

ھەر كىشىكى غەرىبلىقدە بىتاب بولمىش،
غەرىبلىقدە قەزا يېتىپ، ئەگەر ئۆلمىش،
«مىن مىئەتە غرىبەن» دەپ ھەزرەت ئايتمىش،
«فەقەد ماتە شەھىدەن» .دەپ ئۆلسەم دەرمەن.

ئۆلمەي ھەيات دەريايى شور يېتىپ بارسام،
تەۋەككەل دەپ، بەرادەرلەر، دەريا كىرسەم،

*

بەرادەرلەر، ئېسەن - ئەمان شوردىن ئۆتسەم،
جىددى شەرىف شەھەرلەرىن كۆرسەم دەرمەن.

چىقىپ جىددى شەرىف، دوستلار، ئاندا قونسام،
ماما ھەۋۋا رۇھلارىغە دۇئا قىلسام،
ئاندىن چىقىپ بەيتۇللاھغە سەفەر قىلسام،
بەيتۇللاھنىڭ شەھەرلەرىن كۆرسەم دەرمەن.

بەيتۇللاھغە بارىپ، دوستلار، ئارام ئالىپ،
ئاندىن كېيىن، بەرادەرلەر، ھەرەم كىرىپ،
ئول ھەرەمنى يەتتى مەررە دەۋرە قىلىپ،
ھەجەرۇل - ئەسۋەد تاشلارىنى سۆيسەم دەرمەن.

بەيتۇللاھنى كۆرگەن زەمان زار قىلسام،
بىخۇد بولۇپ ئول ھەرەمگە ئۆزۈم ئۇرسام،
ئول ھەرەمنى كۆرگەن زەمان جانىم بەرسەم،
مۇرادىمغە يەتسەم دەرمەن، يەتسەم دەرمەن.

ئاندىن سوڭرە بارسام مەقام ئىبراھىمغە،
زار يىغلاپ، تەۋبە قىلسام گۇناھىمغە،
بىخۇد بولۇپ قولۇم سالسام ئول ھەلقىغە،
گۇناھىمغە قاتتىغ تەۋبە قىلسام دەرمەن.

ئاندىن چىقىپ، دوستلار، سەفا، مەرۋى قىلسام،
سەفا، مەرۋى ئاراسىدا مەن يۈگۈرسام،
بۇ ئىشلاردىن فارىغ بولۇپ، ساچ ئالدۇرسام،
ئاندىن كېيىن مەن ئۇمرىغە چىقسام دەرمەن.

بەرادەرلەر، ئۆمرى قىلىپ، ھەرەم كىرسەم،
ھەرەم كىرىپ، يەتتە مەررە دەۋرە قىلسام،
فارىغ بولۇپ، مەن ئەرفاتقە سەفەر قىلسام،
لەببەيكە دەپ نالە - ئەفغان قىلسام دەرمەن.

ھاجى بولۇپ ئول ئەرفاتدىن ئەگەر يانسام،
مۇزتەلەبدە پوتەمغە تاشنى ئالسام،
ئول كېچەسى ئاندا قونۇپ، مىنا كەلسەم،
ئول تاشلارنى شەيتان سارى ئاتسام دەرمەن.

تاشنى ئاتىپ، يانىپ كېلىپ، ئارام ئالسام،
قۇبانلىقغە ئوشۇل زەمان قويلار ئالسام،
ھەيال بولماي بۇ قويلارنى زەبھ قىلسام،
ئول مىنادا مەھكەم ئۈچ كۈن تۇرسام دەرمەن.

ئول مىنادىن، دوستلار، قايتىپ ھەرەم كىرسەم،
ھەرەم كىرىپ، بەرادەرلەر، دەۋرە قىلسام،
چىقىپ سەفا، مەرۋى قىلىپ، ساچ ئالدۇرسام،
بۇ ھەرەمدىن، بەرادەرلەر، چىقسام دەرمەن.

بۇ يۇرتلارگە يانماي، دوستلار، ئاندا قالسام،
قەنائەتنىڭ ئەساسىنى قولغە ئالسام،
رىيازەتنىڭ بوتەسىغە ئۆزۈم ئۇرسام،
بەيتۇللاھدە مەن مۇجاۋىر بولسام دەرمەن.

ھاجى ئەمىن، بەندە بولساڭ رىيازەت قىل،
كېچە - كۈندۈز زار يىغلاپ ئىبادەت قىل،
خۇدايىمنىڭ بەرگەنىگە قەنائەت قىل،
بەرادەرلەر، بەيتۇللاھدا ئۆلسەم دەرمەن.

دۇئا قىلىڭ ھاجى ئەمىن پۇر گۇناھغە،
تەۋبە قىلىپ، زار يىغلادى ئول خۇداغە،
زار يىغلاپ، يېتەي ئەمدى مۇددەئاغە،
ھەق يولىغە ئەزىز جانىم بەرسەم دەرمەن.

* *

ئەي بەرادەرلەر، ئەلبەتتە قادىر بولغان كىشىلەرگە ھەرەمنى تەۋاف قىلماق فەرزدۇر، مۇسۇلمان، مۇئمىنلەرگە ئەللاھ تەئالانىڭ ئەمرىلەرى بەش فەرزدۇر......خۇدايا. جۇملە مۇئمىنلەرنى ئۆز بەيتىڭگە يەتكۈزگىل. ئۆز ئىشق - مۇھەببەتىڭگە ئاشنا قىلىپ، تەۋبە دەلقىغە قولىنى سالغىلى نەسىب قىلغايسەن.

ئايا نادان، خۇدايىمنى بىلمەسمۇسەن،
بەندە بولساڭ، ھەقنىڭ ئەمرىن قىلماسمۇسەن،
كېچە - كۈندۈز بىدار بولۇپ زار يىغلاپ،
ئاخىرەتنىڭ يارائىنى قىلماسمۇسەن؟

مۇندا ئەسقى گەۋھەر مىنىپ، ئويناپ يۈردىڭ،
يىغاچ ئاتغە مىنەرىڭنى ئويلانمىدىڭ،
زاكىر بولۇپ، ئول خۇدانى ياد قىلمىدىڭ،
ئەي بىخەبەر، يىغاچ ئاتغە مىنمەسمۇسەن؟

مىنىپ كۆرگىل، ئۇشبۇ ئاتنىڭ ئىگەرى يوق،
تۇتاي دېسەڭ، بىل، ئاغزىدا يۈگەنى يوق،
تۆرت تەرەفدىن كۆتەربەسە يۈرەرى يوق،
مىنىپ ئاتغە، چۇ، دەپ قامچى ئۇرماسمۇسەن؟

بۇ ئاتنىڭنىڭ ھەرنى بارى يىغاچدىندۇر،
كىيەر تونۇڭ ئاخىر سىنىڭ بۆز ئىگىندۇر،
ئاجىز بولۇپ، بويۇن سۇنۇپ ھەم ياتقۇڭدۇر،
ياقاسى يوق، يەڭسىز تونى كىيمەسمۇسەن؟

ئەي يارانلار، بۇ دۇنيانىڭ ۋەفاسى يوق،
سەفەر ئۇزرە كىيەر تونىنىڭ ياقاسى يوق،
بىۋەفا دۇر، بۇ دۇنيانىڭ ۋەفاسى يوق،
ئاخىر قارا يەر ئاستىغە كىرمەسمۇسەن؟

مۇنى ئويلا، بەرادەرلەر، بولغىل بىدار،
مۇدام يىغلاپ، خۇدايىمدىن تىلە دىيدار،
بىل كاشكى رەھم ئەيلەپ ئىگەم جەببار،
ئاخىرەتنىڭ جابدۇغىنى قىلماسمۇسەن؟

ئەي بەدكىردار، ھېچ بەندەلىك نىشانىڭ يوق،
كېچە - كۈندۈز زار يىغلاپ، خۇدادىن قورق،
«خۇداۋەندا، قىلالمادىم ساڭا قۇللۇق»،
دەبان يىغلاپ، ئەمدى قۇللۇق قىلماسمۇسەن؟

ئەي بەدكىردار، تەۋبە قىلغىل گۇناھىڭغە،
سەھەرلەردە زار يىغلاغىل ئول شاھىڭغە،

*

كېتەي دېسەم، بارۇ يوقنى تۆڭگان ئالدى،
مېنىڭ قولۇم ھېچ نەرسە يوق، قۇرۇق قالدى،
ئۇلجە ئەيلەپ، بارۇ يوقنى بۇلاپ ئالدى،
بۇ ئىشلارغە شۈكرۇ سەنا ئايتماسمۇسەن؟

كېتەي دېسەم، قولۇمدا يوق كۆپراق فەرا،
بۇ يوللارگە پۇلسىز كىرگەن كۆڭۈل قارا،
ئۆزۈڭ نەسىب قىل ھەرەمگە، قادىر خۇدا،
خۇدايىمدىن تىلەپ دۇئا قىلماسمۇسەن؟

فۇلسىز كىرمە بۇ يوللارگە، خار بولۇرسەن،
فۇل بولمىسا، بۇردە نانغە زار بولۇرسەن،
تاقەت قىلماي، بارۇ يوقدىن ئايرىلۇرسەن،
ھەققە يىغلاپ، كۆپ ئارزۇ قىلماسمۇسەن.

ھەرەم يولى ئۇلۇغ يولدۇر، ئۆزۈڭ چاغلا،
بۇ يوللارگە مەردان بولۇپ، بېلىڭ باغلا،

*

مالۇ فۇلغە ئەۋۋەل زەكات ئەيلەدىدا،
بۇ ئىشلارنى ئەدا قىلساڭ، ھەرەم رەۋا،
جانۇ دىلدا ئۈمىد قىلغىل، قىلما رىيا،
ئاندىن سوڭرە ھەرەم سەفەر قىلماسمۇسەن؟

ئەھلى دۇنيا، غەنىيلەرگە ھەج فەرز ئېرۇر،
غەنى تۇرۇپ ھەج قىلمىغان بىل ھەيز ئېرۇر،
مەھشەر كۈنى جەزاسىنى ئەللاھ بېرۇر،
بەندە بولساڭ ھەرەم چىقىپ كەتمەسمۇسەن؟

كىر بۇ يولغە، تەۋەككەل دەپ خۇدايىمغە،
زار يىغلاپ، ھەق يولىغە كىرمەسمۇسەن.

ھاجى ئەمىن، تەۋەككۈل دەپ يولغە كىرگىل،
ۋاقتىڭ يەقىن، سەھەرلەردە بىدار بولغىل،
نەماز، روزە، زەكات، ئۆشرە ئەدا قىلغىل،
ئاندىن كېيىن ھەرەم سەفەر قىلماسمۇسەن.

*

كېچەلەردە بىدار بولۇپ، يۈرەك داغلا،
زەلەمنا دەپ، يىغلاپ، فەرياد قىلماسمۇسەن.

ئەۋۋەل بىزگە نەماز، روزە، زەكات فەرزدۇر،
بۇلارنى سەن ئەدا قىلغىل كاتتە قەرزدۇر،
ئالىي ھىممەت ئەرەنلەرگە ھەرەم فەرزدۇر،
ئەي ياخشىلار، ھەرەم چىقىپ كەتمەسمۇسەن؟

يامان دۇشمەن، بەرادەرلەر، نەفسى كافىر،
دىل شەھرىڭغە قۇرمىش تەختىن ئوشۇل جاھىل،
ئانى يوق قىل، ئاندىن قىلغىل دىلىڭ زاھىر،
نەفسى شۇمنى تۇتۇپ بەندكە سالماسمۇسەن؟

ئەمىن ھاجى سەھەرلەردە بىدار بولغىل،
ئارام ئالماي، ھەرنەفەسدە ئەللاھ دېگىل،
ئەجەب شىرىن ئەللاھ يادى، مۇنى بىلگىل،
سەھەرلەردە شىرىن ئەسەل يېمەسمۇسەن؟

*

فەقىرلەرگە بەش فەرزنى ئەدا قىلمىش،
يىغلاپ دائىم سەھەرلەردە بىدار بولۇش،
خۇدايىمدىن تىلەپ دائىم دۇئا قىلمىش،
ئەسرارى دىل يىغلاپ دۇئا قىلماسمۇسەن.

سەھەرلەردە بىدار بولۇپ، قىلغىل جەۋلان،
ئەجەب ئېرمەس رەھىم ئەيلەسە، قادىر سۇبھان.
جۇملە ئالەم پادشاھى ئوشۇل سۇلتان،
بەندە بولساڭ، ئەرزى سۇلتان قىلماسمۇ سەن.

تۆن كېچىلەر زار يىغلا ئۇل شاھىڭگە،
دائىم يىغلا ئەرز ئەيلەبان خۇدايىڭگە.
تەۋبە قىلغىل، ئەي بەدكىردار، گۇناھىڭغە،
گۇناھىڭغە يىغلاپ تەۋبە قىلماسمۇ سەن.

*

ئۇل ھەرەمگە نىيەت قىلىپ ئەمدى چىقىلىك،
مالى دۇنيا، ئوغۇل - قىزدىن مۇتلەق كېچىلىك،
ئەي يارەنلەر، بۇ ئۇيقۇدىن كۆزنى ئاچىلىك.
بۇ ئۇيقۇدىن ئەمدى بىدار بولماسمۇ سىز؟

مالۇ مۇلكەت ھەرنىسلارنى دىلدىن ئالىلىك،
بۇ يوللارگە ئەھلى مەردان بولۇپ كىرىلىك،
ئوغۇل - قىزدىن بەرادەرلەر، فەقەد كېچىلىك،
بەرادەرلەر، ئوغۇل - قىزدىن كەچمەسمۇ سىز؟

ئەي ھاجىلار، كۆپ ھەققىغە ئەيلەك دۇئا،
يارەبىبەنا دەبان ئەمدى ئەيلەك نىدا،
بۇ مۇشكىلنى ئۆزى ئاسان قىلسۇن خۇدا.
ئوغۇل - قىزغە ئەمدى دۇئا قىلماسمۇسىز؟

چىقىلىك ئەمدى نىيەت قىلىپ بەيتۇللاھغە،
تەۋەككەل دەپ تاشلاك ئۆزنى ئۇل خۇداغە.
ئىنشائەللاھ، تېز بارۇرسىز بۇ جازاغە،
تاغۇ - تاشنى سەيلان قىلىپ كۆرمەسمۇسىز؟

تاغۇ - تاشلار ھەممە ئېرۇر سۇنئى ئىلاھ،
بولمىغايسىز ھەق يادىدىن نەفەس جۇدا،
دىلىڭىزدا مۇدام بولسۇن يادى خۇدا،
كۆزۈڭىزدىن ياشلار راۋان قىلماسمۇسىز؟

چاقىرا ئۆتۈپ بارۇرسىز ئۇل مەلكان،
ئۇل مەلكان تابىئ ئېرۇر، بىل ھىندىستان،
بەرادەرلەر، بۇكۈن ئېرۇر، ئاخىر زەمان،
فىشاۋۇرغە بارىپ، رەھىل تۇشمەسمۇ سىز؟

بەرادۇرسىز فىشاۋۇردىن فايىز تۇشۇپ،
بىر كېچەدە بۇندىن ئۆتۈپ، لاھۇر بارىپ،

ئەي كەم ئەقىل ھاجى ئەمىن، كۆڭلى قارا،
تەۋبە ئەيلەپ سەن قىلمىدىڭ باغرىڭ يارا،
خۇداۋەندا، ماڭا قىلغىل تەۋفىق ئەتا،
بۇ ئۇيقۇدىن ئەمدى كۆزۈڭ ئاچماسمۇ سەن.

*

بۇ ھىندىستان دىيارىنى بىر - بىر كۆرۈپ،
ياكى بومباي، كاراچىغە تۇشمەسمۇسىز؟

بومباي بىلەن بۇ كاراچى لەبى دەريا،
دەريا ئىچرە يۈرۈپ تۇرغان پەرخۇدلار بار،
بىسمىللاھ دەپ قەدەم قويغىل بۇ شور دەريا،
ئۇن بىر كۈندە جىددى شەرىف چىقماسمۇسىز؟

دەريا ئىچرە باردۇر، دوستلار، شەھرى ئەدەن،
ئەدەن بىرلە، يول بار ئىمىش، مۇلكى يەمەن.
قەمەرانغە چىقىپ، دوستلار، يۈرگىل ئەھسەن،
مىقات بارىپ ئەدى ئەھران چالماسمۇسىز؟

ئىنشائەللاھ، جىددى شەرىف چىققان زەمان،
ئەي ھاجىلار، شور دەريادىن تاپتىڭ ئەمان،
تىۋە مىنىپ بولغۇسىدۇر، ھەرەم رەۋان؛
ھەرەم كىرىپ، دەۋرە قىلىپ، يۈرمەسمۇسىز؟

ھاجى ئەمىن ھەرەم شەرىف دەۋرە قىلىپ،
دەۋرە قىلىپ، گۇناھلاردىن فارىغ بولۇپ،
بۇ كۆزۈڭنىڭ فىيالىسى ياشغە تولۇپ،
ھەجەرۇل - ئەسۋەد تاشلارنى سۆيمەسمۇسىز؟

ئۇل ھەرەمنى يەتتە مەررە دەۋرە قىلىپ،
ھەجەرۇل - ئەسۋەد تاشلەرنى تەۋاف قىلىپ،
ئۇل مەقامى ئىبراھىمغە يىغلاپ بارىپ،
قولىڭىزنى تەۋبە ھەلقە سالماسمۇسىز؟

ئىككى رەكئەت نەماز ئوقۇپ ئۇل مەقامدا،
ھەرنى ھاجەت بولسا تىلەك، ئوشۇل ئاندا،
قولىڭىزنى تەۋبە ھەلقە ھەم سالغاندا،
تىلەپ ھاجەت، يىغلاپ دۇئا قىلماسمۇسىز؟

دۇئا قىلسا ئىجابەتدۇر، ھەر مۇددەئا،
ھەرنى تەلەپ قىلسا بېرۇر، قادىر خۇدا،
ئاندىن چىقىپ قىلىڭ، دوستلار، مەرۋى ـ سەفا،
سەنا ئايتىپ، مەرۋى ـ سەفا قىلماسمۇسىز؟

ئاندىن سۈكرە بارۇرسىزلەر ھەججى ئۈمرە،
ئىككى رەكئەت نەماز ئوقۇپ، ئول مەسجىددە،

*

بەيتۇللاھدە زىيارەتكار، بىل، تولادۇر،
جەبەل قۇبەيس، بارۇر ئۈشبۇ جەبەلى سۇر،
مەئەللاھنىڭ ئۈستىدە بار جەبەلى نۇر،
ئاندا چىقىپ زىيارەتلەر قىلماسمۇسىز؟

جەبەلى نۇر تۈۋبىدە ئول مەئەللاھ بار،
مەئەللاھغە بارىپ، دوستلار، ئەيلەڭ دۇئا،
مەئەللاھدا كۆپ ئەزىزلەر بىل ئاندە بار،
قەزا يەتسە مەئەللاھدە ياتماسمۇسىز؟

مەئەللاھتىن چىقىپ دوستلار بارۇر مىناھ،
يىغلاپ ئاندا ئەي ھاجىلار ئەيلەڭ دۇئا،
ئاندىن ئۆتسەڭ يول ئۈستىدە مۇزتەلىب بار،
مۇزتەلىبدىن ئەرفات رەۋان بولماسمۇسىز؟

مۇزتەلىبدىن ئەي ھاجىلار يېقىن ئەرفات،
ئەرفات ئارا ئۇل كۈن بولۇر بىلىڭ ئەرسات،
خۇدايىمغە يىغلاپ ئۇل كۈن قىلىڭ فەرياد،
لەببەيكە دەپ ئۇل كۈن نەدا قىلماسمۇسىز؟

جۇملە ھاجى لەببەيكى دەپ قىلغاي نىدا،
ھەممە بىخۇد ئۇ كۈنلىرى ۋاھەسرەتا،
ھاجىلارنىڭ ھەججىنى قەبۇل قىلغىل خۇدا،
لەببەيكە دەپ ئۇ كۈن ھاجى بولماسمۇ سىز؟

*

ئۇشبۇل رەۋزى مۇبارەكنى كۆرگەن زەمان،
ئان ھەزرەتكە ئۈممەددۇرسىز، زار يىغلاڭ،
مۇدام يىغلاپ، بەرادەرلەر، يۈرەك داغلاڭ،
يا ھەزرەت دەپ، ئاھۇ ئەفغان قىلماسمۇسىز؟

يىغلاپ قولىن، ئاچىپ دۇئا قىلۇر ئاندە،
ئەسرارى دىل يىغلاپ دۇئا قىلماسمۇسىز؟

ھاجى ئەمىن مىسكىن غەرىب مۇنى دېدى،
غەرىبلىغدە بۇ غەرىبنىڭ باغرى كۆيدى،
ھاجى ئەمىن بۇ توغرىدىن بىر سۆزلەدى،
ئەمىن ھاجى ئەمدى تەۋبە قىلماسمۇسىز؟

*

بۇ ئەرفادتىن ئەي ھاجىلار ھەرەم يانىڭ،
مۇزتەلىبكە كەلىپ قولغە تاشلار ئالىڭ،
ئۇ كېچەسى ئەي ھاجىلار ئاندا ياتىڭ،
مىنا كىلىپ شەيتانغا تاش ئاتماسمۇ سىز؟

ئۇل لەئىنغە ئەي ھاجىلار تاشنى ئاتىڭ،
شۈكرى ئايتىپ دىلىڭىزنى ھەم شاد ئېتىڭ،
قۇربانلىغكە تېۋە، كالا، قويلار ئالىڭ،
ئەمرى خۇدا ئاندا زەبھە قىلماسمۇسىز؟

ئۇل مىناھدا ئۈچ كۈن تۇرۇپ ھەرەم كىرىڭ،
ئۇل ھەرەمنى دەۋرە قىلىپ تەۋاف قىلىڭ،
ئاندىن چىقىپ سەفا بىرلە مەرۋى قىلىڭ،
سىز يۈگۈرۈپ سەفا ـ مەرۋى قىلماسمۇسىز؟

ئەرەفاددىن سوڭ مەدىنىگە سەفەر قىلىڭ،
ماتۇر تۇشۇڭ يا بولمىسە تېۋە مىنىڭ،
ئۇشبۇل رەۋزى مۇبارەكغە تېزراق يېتىڭ،
بىخۇد بولۇپ زارى ئەفغان قىلماسمۇسىز؟

ھاجى ئەمىن، بۇ يوللاردا گەدا بولغىل،
دائىم يىغلاپ، ئەللاھ دەبان، ئەدا بولغىل،
ئەمىن ھاجى نەفسى شۇمدىن جۇدا بولغىل،
شۇم نەفسىنى قىلىچ بىرلە چاپماسمۇسىز؟

*

كېلىپدۇرمەن رەۋزەڭىزغە ئاسىي گەدا،
غەرىبدۇرمەن قولۇم ئالىڭ يا مۇستەفا،
شەفائەت قىل مەن ئاسىيغە يەۋمەل جەزا،
دەبان يىغلاپ نالە ئەفغان قىلماسمۇسىز؟

كېلىپدۇر مەن رەۋزە شەرىف غافىل گۇمراھ،
ئاسىيلەرگە سىز ئېرۇرسىز پۇشتى پەناھ،
شەفقەت قىلىڭ، مەن گۇمراھغە يەۋمەل جەزاھ،
شەپقەت ئۇمىد ئەيلەپ، يىغلاپ تۇرماسمۇسىز؟

ئۇممەت بولساڭ رەۋزە شەرىف زىيارەت قىل،
قۇرئان ئوقۇپ دائىم، سەھەر تىلاۋەت قىل،
بەندەدۇرسەن خۇدايىمغە ئىبادەت قىل،
ئول خوجامغە ئەرزىن بايان قىلماسمۇسىز؟

ئەجەب خۇشبۇي رەسۇلىللا رەۋزەلىرى،
ئۇرۇپ تۇرار دىلغا دائىم زۇھۇرلىرى،

*

مەدىنىدىن چىقتىڭ، دوستلار، قۇتىل ئىسلام،
مۇئجىزاتى ئان ھەزرەتنى كۆرۈپ يىغلاڭ،
ئۇممەددۇرسىز كېچە - كۈندۈز يۈرەك داغلاڭ،
رەسۇلىللا سۈننەتلەرىن قىلماسمۇسىز؟

چىقىڭ ئاندىن گورۇستانى بۇ باقىغە،
قۇرئان ئوقۇپ، دۇئا قىلىڭ كۆپ ھەقىغە،
ئەبۇ بەكرى، ئۇمەر، ئوسمان، بۇئەلىغە،
يىغلاپ ئاندىن بۇلارنى ياد قىلماسمۇسىز؟

ئەبۇ بەكرى، ئۇمەر، ئوسمان، ئەلىدۇر يار،
بولار ياردۇر مۇستافاغە، يوقدۇر غۇبار،
بىل بولارگە شەك كەلتۈرگەن ئېرۇر مۇردار،
شەك كەلتۈرسەڭ يۈزۈڭ قارا بولماسمۇسىز؟

بولارگە شەك كەلتۈرگەندىن يۈزى قارا،
مەھشەر كۈنى ئۇل مۇردارنىڭ ھالى تەباھ،
يۈزلەرىگە باقماس ھەزرەت يەۋمەل جەزاھ،
يىغلاپ دوستى سەن چەھار يار بولماسمۇ سىز؟

*

مەدىنەدىن كەربەلاغە سەفەر قىلغىل،
ئىمام ھۇسەين شەھىدلەرگە دۇئا قىلغىل،
يەتمىش ئۈچ‌تەن ئەسھاب باردۇر ئاندا، بىلگىل،
كەر بەلادا شەھىد بولۇپ، ئۆلمەسمۇسىز؟

ئەرەم ئىچرە باردۇر، ھەزرەت خورمالارى،
تەبەررۇكدۇر، ئالىب يۇراپ يۈرمەسمۇسىز؟

ئەي ھاجىلار، مەدىنىدە مۇجاۋۇر بول،
قۇلنى كۆرسەڭ، ئەي ياخشىلار قۇلى سەن بول،
بۇ يوللاردە ئېزىلىبان بەلكى مۇن بول،
مەدىنەدە زىيارەتلەر قىلماسمۇسىز؟

ھاجى ئەمىن غەرىب مىسكىن مۇنى دېدىڭ،
ئايا غاپىل، سەن ئۆزۈڭنى قاچان بىلدىڭ،
مۇدام ئىزلەپ يامان ئىشنى تاپىپ قىلدىڭ،
ئەمىن ھاجى يىغلاپ تەۋبە قىلماسمۇسىز؟

*

ئەبۇ بەكرى، ئومەر، ئوسمان، ئەلى ياردۇر،
بۇ زادلارگە شەك كەلتۈرگەن ئەندىن خاردۇر،
بىل ئاقىبەت ئۆلۈپ بارسا، گورى تاردۇر،
تۈرلۈك ئەزاب باردۇر ئاڭا بىلمەسمۇ سىز؟

ئۇممەت بولساڭ، مۇستەفاغە دۇرۇد ئايغىل،
چەھار يارى باسەفانى بەرھەق بىلگىل،
ھەق يادىدىن ئايتىپ دائىم سەھەر تۇرغىل،
ئەي ئەزىزلەر ئەمدى سەھەر تۇرماسمۇ سىز؟

مۇندىن چىقساڭ، ئەي يارەنلەر، ئۇل ئوھۇد بار،
بىل ئوھۇدتا ئەمىر ھەمزە شەھىدلەر بار،
سەن ئۇلارگە دۇئا قىلىپ ئەيلەگىل زار،
ئەجەل يەتسە شەھىد بولۇپ ئۆلمەسمۇ سىز؟

ھاجى ئەمىن شەھىدلىكنى تەلەپ قىلغىل،
مەردان بولۇپ، ھەق يولىغە بەل باغلاغىل،
زار يىغلاپ جەھەننەمدىن خەلاس بولغىل،
ھاجى ئەمىن، دىيدار تەلەپ قىلماسمۇسىز؟

*

شەھىد بولغان ئەرەنلەر بىل، ئۆلۈك ئەمەس،
ھەقىقەتتە شەھىدلەرنى ئۆلۈك دېمەس،
ھەق يولىغە جانىن بەرگەن ھەرگىز ئۆلمەس،
شەھىد بولساڭ مۇرادىڭغە يەتمەسمۇسىز؟

بەرادەرلەر، ئەجەب جايدۇر ئول كەربەلا،
شەهىدلەرنىڭ سەرۋەرى ئول، هۇسەيىنىم بار،
يىغلاپ ئايغىل، ۋا شەهىدا، ۋا غەرىبا! -
ئەجەل يەتسە شەهىد بولۇپ، ئۆلمەسمۇ سىز؟

شەهىد قىلدى ئول ئىمامنى خەۋارىجلار،
ئەداۋەتنى مەهكەم تۇتتى شۇم يەزىدلار،
مەهشەر كۈنى رەسۋا بولۇر ئول پەلىدلار،
شەرمەندەدۇر يۈزى قارا بىلمەسمۇ سىز؟

*

گەدالاردەك كېيىپ جەندى كۇلاھ ئەمدى،
رەڭگى سىنۇق دىلى ۋەيران بولماسمۇسىز؟
قايدا بولسە، سۇهبەت ئاڭا داخىل بولۇپ،
زىكرىن ئايتىپ، زارى - ئەفغان قىلماسمۇسىز؟

ئەزىزلەرنىڭ سۇهبەتىنى ئىزلەپ تاپغىل،
بەرادەرلەر، سەهەرلەردە بىدار بولغىل،
كېچىلەردە بىدار بولۇپ سەن يىغلىغىل،
گۇناهىڭغە ئەمدى تەۋبە قىلماسمۇسىز؟

بەرادەرلەر، دۇنيا فانى مۇنى بىلگىل،
بۇ غەفلەتدىن، بەرادەرلەر، كۆزۈڭ ئاچغىل،

*

ئاسىي گۇمراھ يولدا قالدىم، يا مۇستەفا،
شەفقەت قىلىپ ئىلكىم ئالىڭ، يا مۇستەفا.

مەنى غاپىل روزى شەرىف يېتەلمەدىم،
مىڭ نادامەت مەدىنىگە كېتەلمەدىم،
ۋا هەسرەتا، مۇرادىمغە يېتەلمەدىم،
بۇ هالىمغە رەهم ئەيلەڭىز، يا مۇستەفا.

سىز هادىسىز، مەن گۇمراهنى يولغە سالىڭ،
يولدا قالدىم، يا مۇستەفا، قولۇم ئالىڭ،
مەندەك ئاسىي، فۇر گۇناهغە شەفقەت قىلىڭ،
زار يىغلاپ ئەرزىم سىزگە، يا مۇستەفا.

سىز ئىرۇرسىز، يا مۇهەممەد، دوستى خۇدا،
بىر كېچەدە سەيرى قىلدىڭ، يەتتە سەما،

ئول هەسەنگە هەسەل بەردى شۇم خەۋارىج،
ئىماملارگە دۇشمەن بولدى، ئول شۇم يەزىد،
مەهشەر كۈنى بولغۇسىدۇر تۆرت كۆزلۈك ئىت،
ماتەم تۇتۇم يىغلاپ، ياشىڭ تۆكمەسمۇسىز؟

ئەمىن هاجى فاسىق گۇمراھ، كۆڭلى قارا،
دائىم يىغلاپ هەق يادىدا بولغىل ئەدا،
بىخۇد بولۇپ يۈرگىل مۇدام بۇ زەماندا،
زار يىغلاپ ئەمدى تەۋبە قىلماسمۇسىز؟

*

يول ئۇزۇندۇر، بۇ يوللارگە ئوزۇق ئالغىل،
بۇ يوللارگە ئەمدى ئوزۇق ئالماسمۇسىز؟

ئىمان، نەماز، روزە، زەكات يولغا ئوزۇق،
هەج تەۋاف فەرز، بۇ قوشۇلۇپ ئالتۇن قوزۇق،
بۇ ئىشلارنى قىلمىغاننىڭ دىنى بۇزۇق،
بەيتۇللاهنى دائىم تەۋاف قىلماسمۇسىز؟

ئايا نادان، هاجى ئەمىن، كۆڭلى قارا،
يامانلارگە ئىمان ئەتا قىلماس خۇدا،
دىن يولىغە ئەگەر مىڭ جان بولسۇن، فىدا،
هەق يولىغە جانلار فىدا قىلماسمۇسىز؟

*

ۋەلى پەيكە چىرلادىلار سىزنى خۇدا،
جانىم فىدا بولسۇن سىزگە، يا مۇستەفا.

سىزگە مىئراج قىلىپ بەردى ئول كۈن خۇدا،
بىر مەنزىلىڭ بولدى قۇددۇس ئوشۇل ئەقسا،
يىغىلدىلار ئول مەسجىدغە جۇملە ئەرۋاھ،
پەيەمبەرلەر ئىمامىمىز دەپ، يا مۇستەفا.

پەيەمبەرلەر ئەرۋاهىغە ئىمام ئولدۇڭ،
ئول مەسجىدتە بۇراق ئۈندى سەۋار ئولدۇڭ،
ئول هەزرىتى جىبرائىلغە هەمراھ ئولدۇڭ،
راۋان بولدۇڭ ئاسمانغە، يا مۇستەفا.

سىزنى باشلاپ ئول جىبرەئىل چىقتى سەما،
چىرلادىلار هوزۇرىغە سىزنى خۇدا،

سىز كۆردىڭىز «قاب قەۋسەين» ھەم «ئەۋئەدنا» ،
ھەق تەئالا دوستىدۇر سىز، يا مۇستەفا.

سىزنى خۇدا ھەبىبىم دەپ بەردى خەبەر،
ئول سەۋەبدىن، مىئراج قىلىپ ھەم بەردىلەر،
يەتتى سەما، بىھىشت، دەۋزەخ كۆرسەتتىلەر،
ھەق ئىلتىپات قىلدى سىزگە، يا مۇستەفا.

بۇراق مىنىپ رەۋان بولدى ئول سەماغە،
ھەمراھ ئولدى ئول جىبرائىل مۇستەفاغە،
قاراپ يۇردى ئول سىبرەتۇل مۇنتەھاغە،
يەتتىڭ ئول كۇن مۇددىئاغە، يا مۇستەفا.

ئالىپ باردى «قابە قەۋسەين» ھەم «ئەۋئەدنا» غە،
يېتىپ باردى رەسۇلىللاھ بارىگاھغە،
يىغلاپ سەلام قىلدى ھەزرەت ئول خۇداغە،
جەۋاب سەلام بەردى خۇدا، يا مۇستەفا.

ئەللاھ ئايدى: كەل ھەبىبىم يا مۇھەممەد،
قىلدى خۇدا سىزنى ئول دەم غەرقى رەھمەت،
رەھمەت قىلدى سىزنى خۇدايىم مەغفىرەت،
غەرقى رەھمەت قىلدى خۇدا، يا مۇستەفا.

ئەللاھ ئايدى: يا مۇھەممەد تۇھفەڭ قەنى؟
ئەۋۋەل - ئاخىر غەرقى رەھمەت قىلدىم سىنى،
باغىشلادىم ئۈممەتلەرنىڭ گۇناھىنى،
كۆپ ئىلتىپات قىلدى خۇدا، يا مۇستەفا.

يىغلاپ دېدىڭ: ئاجىزلىغىم ئالىپ كەلدىم،
ئاجىز قۇلۇڭ بۇ كۆز ياشىم ئالىپ كەلدىم،
ھۇزۇرىڭغە ھېچنەرسە يوق، قۇرۇق كەلدىم،
دەبان يىغلاپ، بىخۇد بولدى ئول مۇستەفا.

رەھىم ئەيلەگىل، سەن پادشاھ، قۇلۇڭ كەلدىم،
غەرىب قۇلۇڭ بۇ كۆز ياشىم ئالىپ كەلدىم،
دەرگاھىڭغە ئاجىزلىغىم ئالىپ كەلدىم،
يىغلاپ ھالىن بەيان قىلدى ئول مۇستەفا.

بۇ سۆز دېدى ھاجى ئىمىن يېغىسارى،
يۈرەك باغرىم، بەرادەرلەر، يۈز مىڭ پارى،
غەمىم يولدۇر، ئەي خۇدايا، سەن غەمخارى،
ھادى ئۆزۈڭ يولغا سالغىل، يا مۇستەفا.

ھاجى ئەمىن بۇ سۆزلەرنى سۆزلەپ ئۆتتى،
بۇ دۇنيادا مۇرادىغە بىل كىم يەتتى،
ئەنبىيالار يۈرەك داغلاپ، بىر - بىر كەتتى،
سەفەر قىلدى بۇ دۇنيادىن ئول مۇستەفا.

ئەبۇ بەكرى رەسۇلىللاھ يارى غارى،
ئۇمەر، ئوسمان، ئەلى بۇ تۆرت چەھار يارى،
بولار بەرھەق يارى ھەزرەت يوق غۇبارى،
سىز ئېرۇرسىز دوستى خۇدا، يا مۇستەفا.

*

جانىم فىدا بولسۇن سىزگە، يا مۇھەممەد،
ھەردەم دۇرۇد، ئايتاي سىزگە، يا مۇھەممەد،
تاھا، ماھا، بىر ئىسمىڭنى دېدى ئەھمەد،
قولۇم ئالىڭ مەھشەر كۈنى يا مۇھەممەد.

ھەردەم ئايتسام كېچە - كۈندۈز سىزگە دۇرۇت،
ۋاۋەيلا دەپ ئەفغان قىلسام فەرياد ئۇرۇپ،
ئىشقى ئوتىدە كۆيۈپ ئۆلسەم بىخۇد بولۇپ،
ئايتىپ يۈرسەم يا مۇھەممەد، يا مۇھەممەد.

ئۈممەت ئىچرە ئاسىي يەنە فۇر گۇناھمەن،
ئارا يولدا قالغان ئەجەپ بىنەۋامەن،
بۇ دەردىمگە دەۋا قىلىڭ بىدەۋامەن،
شەفقەت قىلىڭ مەن گۇمراھغە يا مۇھەممەد.

غەيرەت قىلىپ رەۋزى شەرىف بارالمىدىم،
ئول مەدىنە مۇنەۋۋەرە يېتەلمەدىم،
قولۇم ئالىڭ، يا مۇستەفا، يولدا قالدىم،
ھەيراندۇرمەن، قولۇم ئالىڭ، يا مۇھەممەد.

يەتتى يىلدۇر يول بولدى بەند ئۆزۈم ھەيران،
بۇ توغرىدىن يۈرەك باغرىم بولدىلار قان،
ئەجەب ئېرمەس يولنى ئاچسا، ئىگەم سۇبھان،
رەۋزى شەرىف ئۆزۈم ئۇرسام، يا مۇھەممەد.

دەردمەن قۇللار بەيتۇللاھغە كېتەلمەدى،
يەتتە يىلدۇر يول بولدى بەند ئاچىلمادى.
تەۋبە قىلساق، تەۋبە قەبۇل ھېچ بولمادى،
زار يىغلاپ يولدا قالدۇق، يا مۇھەممەد.

بۇ ئىنقىلاب ئۇزۇن بولدى، يول بولدى بەند،
غەرىب ھاجى يېڭىسارىدە قىلدىم ۋەتەن،
قارىپ ئەمدى گورغە يېتەر قىلدىم كەفەن،
ۋاھ نادامەت، قايداغ قىلاي، يا مۇھەممەد.

ۋا ھەسرەتا بەرادەرلەر، قايداق قىلاي،
كېچە - كۈندۈز مۇدام يىغلاپ، يۈرەك داغلاي،
بۇ يوللارگە غەيرەت قىلىپ بېلىم باغلاي،
دۇرۇد ئايتاي يىغلاپ دائىم، يا مۇھەممەد.

قارىپ ئەمدى كىرىپ قالدىم ئەللىك ياشقە،
پايداسى يوق باشىم ئۇرسام تاغۇ تاشقە.
دىلنى بېرىپ، دۇنيا بىرلە بۇ مەئاشقە،
مۇبتەلامەن بۇ نەفسىمگە، يا مۇھەممەد.

نەفس بىرلە شەيتان ماڭا بولمىش ئاداش،
ئاسىي سىفەت مال - دۇنياغە چالىپمەن باش،
كىيىپ، يەپمەن، ياخشى مەتاڭ، ياخشى مەئاش،
يول ئاداشتىم يولغا سالىڭ، يا مۇھەممەد.

نەفسى شەيتان يولدىن مېنى ئۇرۇپ‌پەدۇرلار،
دىل شەھرىمغە ئەۋۋەل تەختىن قۇرۇپ‌پەدۇرلار،
تەھقىق بولار يولدىن مېنى ئۇرۇپ‌پەدۇرلار،
ئۆزۈم ھەيران، ھالىم خەراب، يا مۇھەممەد.

تەۋبە قىلسام ئىگەم قەبۇل قىلغايمىكىن،
شەفقەت قىلىپ بۇ قولۇمنى ئالغايمىكىن،
قادىر ئىگەم ياخشى يولغە سالغايمىكىن،
ئەجەب يۈزۈم قارا مېنىڭ، يا مۇھەممەد.

مۇسۇلمانلار مەن گۇمراھنى باغلاپ ئۇرۇڭ،
دۇنيادا يوق ئەزابلارنى مەڭا قىلىڭ،
شەرىئەتكە ئالىپ بارىپ تەئزىر قىلىڭ،
يول ئاداشقان گۇمراھدۇرمەن، يا مۇھەممەد.

مەن گۇمراھنى، بەرادەرلەر، تەئزىر ئۇرۇڭ،
يۈزۈم قارا سۈرتۈپ، مېنى دارغا ئاسىڭ،
مۇسۇلمانلار ماڭا ئەمدى كېسەك ئاتىڭ،
يۈزمىڭ تەۋبە قىلدىم ئەمدى، يا مۇھەممەد.

گۇناھىمنى ئەفۇ قىلغىل خۇداۋەندا،
مەن گۇمراھغە رەھم ئەيلەگىل سەن پادشاھ،
ئاسان قىلغىل مۇشكىللارنى، يا قادىرا،
بۇ ئەرزىمنى قەبۇل قىلىڭ، يا مۇھەممەد.

ئەمىن ھاجى تۇرار جايى يېڭىسارىدۇر،
گۇناھىمنى كەچۈرگەيسەن رەببىم غەفۇر،
نەسىب ئەتكىل مەھشەر كۈنى بولغاندە ھۇر،
شەفائەتدىن ئۈمىدىم كۆپ، يا مۇھەممەد.

*

ئەي ئەزىز بەرادەرلەر، يۈزمىڭ ئەفسۇس - نەدامەتكى، بىلمىگىلار، بۇ دۇنيا بىزلەرگە ۋەفا قىلماس. بىزلەر بولساق، بۇل ئۆتكۈنچى بىر كارۋاندۇرمىز. بىزلەرنىڭ توختايدۇرغان جايىمىز گورستاندۇر......

بىۋەفادۇر بۇ جەھان، ئەسلا ۋەفاسى بولمىغاي،
جۈملە جان فانى بولۇر، ھېچ كىمسە باقى بولمىغاي.
جۈملە ئىنسان، بەلكى ھەيۋانات، ھەمە فانى بولۇر،
بارچە تاپقايلار ۋەفات، دۇنيادا ھېچ جان قالمىغاي.
ئۇل ياراتقان پادشاھدىن باشقاسى فانى بولۇر،
يەرۇ ئاسمان، تاغۇ تاشۇ، بەلكى ئادەم قالمىغاي.
قالغۇسىدۇر، ئۇل ياراتقان، پادشاھ تەنھا بىلىڭ،
بىۋەفا دۇنيادا، دوستلار، ئەھلى جاندا قالمىغاي.

بارچەنی خەلق ئەتكۈچی تەنها قالۇر ئەي دوستلار،
ئاسمان ئۈستىدىكى، بەلكى مەلەكلەر قالمىغاي.
جۈملەنی يوق قىلغۇسىدۇر، ئول ياراتقان پادشاه،
بۇ زەمىنۇ ئاسمان، يەتتی پەلەكلەر قالمىغاي.
دۇنيادا جۈملە گىياه، جانلارنی سيراب قىلغۇچی،
ئابی جاری بىلسەڭىز، دەريايی ئەنهار قالمىغاي.
تاغۇ تاشلار سۇ بولۇپ، ئېرنف باری سۇ بولغۇسى،
ئىنسۇ جىن، دىۋی فەری، بەلكى شەياتۇن قالمىغاي.
هەممەسی يوق بولغۇسى، قالغاي ياراتقان بىر خۇدا،
هەممە بولغاي فانی ئول، شاهدىن بۆلەك شاه قالمىغاي.
تاشلا بۇ سۆزنی، ئەمىن هاجی، خۇداغە يىغلىغىل،
بەندىلەرگە ئول خۇدادەك، مىهرىبان هىچ بولمىغاي.

* *

قايدا كەتتی هۆكم سۈرگەن بۇ دۇنيادا پادشاهلار،
بۇ ئۆلۈمنىڭ ئالدىدىن هىچ شاه دەرمان قالمىغاي.
هەر نىچۈك چوڭ پادشاه بولسە، ئۆلۈم يوق قىلغۇسى،
دۇنيادا مەن ـ مەن دىگەن ئادىل زەمانلار قالمىغاي.
بىل تەمام جاندار ئۆلۈمنىڭ ئالدىدا ئاجىز ئىرۇر،
شاه بولغان مۇندا جەمشىدی زامانلار قالمىغاي.
يەئنی دەئۋا ئەيلەگەن، فىرئەۋن بىلەن هامەن قېنی،
بەلكى دەئۋا ئەيلەگەن، شەددادۇ نەمرۇد قالمىغاي.
قەهرىمان قاتىل سۈپەت، بىل پەهلىۋان بولسە ئەگەر،
بۇ ئەجەل مەيدانىدا سامی نەرىمان قالمىغاي.
ياخشىلار مەن ـ مەن دىگەن زال ئوغلی ئول رۇستەم قېنی؟
بۇ ئۆلۈم مەيدانىدا، رۇستەم زامانلار قالمىغاي.
پەهلىۋان ئۆتكەن بىلىڭ، دۇنيادا ئول ئەۋلادی زال،
دوستلار ئۆلمەي هەيات بەرزۇيی دىهقان قالمىغاي.
هەر نىچۈك چوڭ پادشاه بولسا، ئەگەر ئالغاي ئۆلۈم،
هۆكم سۈرگەن دۇنيادا، ئازادە جانلار قالمىغاي.
هەزرەتی ئادەم ئاتاغە، قىلمىدی دۇنيا ۋەفا،
زار يىغلاپ دوستلار ئول ماما هەۋۋا قالمىغاي.
ئەي ئەمىن هاجی نادان، ماتەمدە دائىم يىغلىغىل،
بىر خۇدادىن باشقا هىچ، دۇنيادا زىجان قالمىغاي.

(داۋامی كېيىنكى ساندا)

# ھەجۋىي شېئىرلار

## زەۋقىي

ئەبەيدۇللا سالىھ ئوغلى زەۋقىي 1853 - يىلى قوقاندا كەمبەغەل كاسىپ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

زەۋقىينىڭ ئائىلىسى ناھايىتى نامرات ئىدى. پۈتۈن ئائىلە سالىھ ئاكىنىڭ كاسىپلىق دارامىتى بىلەن تىرىكچىلىك قىلاتتى. زەۋقىي كونا مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋادىنى چىقارغان، كېيىن تاغىسىنىڭ ياردىمى بىلەن مەدرىسىدە تەلىم ئالغان.

زەۋقىي كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ خارەزمى، دۇربەك، ئاتايى سەككاكى، لۇتفى ۋە نەۋائىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇشقا باشلىغان ۋە ئۇنىڭ قەلبىدە شائىرلىققا قىزغىن ئىشتىياق پەيدا بولغان.

ئۇ «ۋاقئەئى ۋىكتور»، «يېڭى قورغان قىشلىقى»، «ھەسرىتىم كۆپ»، «گالوش»، «غو-دەسلىك باي»، «ئابدۇرەھمان شەيتان»، «مەمەرەسۇل دۇمە»، «ئەجەب زەمانە»، «مۇنچە كۆپ»، «ۋەقئەئى قازى سەيلاۋ»، «ھەسەنجان مۇپتى» قاتارلىق ساتىرىك ئەسەرلەرنى يازغان ۋە 1921 - يىلى قوقاندا ۋاپات بولغان.

## ھەجۋىي ئەھلى رەستە

ئەرزىم بۇكى قارى سۇمۇلەككە،
يەتكۈزسە باشىنى ھەم فەلەككە.
گاھ - گاھ نەزارە ئەيلەسۇن ئۇل،
ئىبرەت كۆزى بىرلە بۇ سەمەككە[①].
سەڭگى يادە ناسدانىنى ماختاپ،
سۆز نەقدىنى ئۇرماسۇن مەھەككە[②].
ئۇلفەتلەرىمى، شەمئى گەرمى ئەھمەق،
شەمئ قايچىنى باغلاسۇن ئىتەككە.
سەللاھبەچە — ئاتلارى جەلىلباي،
تۆرت تېپكىنى يېدىلەر خورەككە.
شاكىر قارا تەرز ئادەم ئىرمىش،
مىڭ لەئنەت ئۇشۇل قارا ئىشەككە.
كۆپ ھەددىدىن ئاشماسۇن نەزىر بېك،
ئوخشايدۇ ئۇل ئاشقاۋاق خەمەككە.
پۇل كەلمەسە بانكادىن بەۋەجھى،
كارناي چالادۇر بولار - بومەككە.
ئۇل لەكچە بايبەچچە دەستار،
يېلگەندە ئوخشاتۇر بوزەككە.

كافىرچە دىگەن بىر ئەھمەدجان بار،
كۆپ شۇغلى بەلەند ھەڭرەمەككە.
ئەئلەمنىڭ ئوغۇللارى ئالىمجان،
ھەيف تون، سەللە گۆڭگەلەككە.
بىر زەررە رىئايە قىل تۆرەمنى،
قوش رەمزى سۇخەن بىلەن كۆمەككە.
سىل ئەفت ئۇرۇقىنا مۇھىددىن،
ئەھۋالى ئەيان بولۇر كۆزەككە.
فازىلخوجا دىگەن ئاقفۇرۇش بار،
دەفھەر مەرەز بىرلە زىندەلەككە.
ئالىپ بارۇر ئۇلدى قاسىماخۇند،
بىزنى قارا كۆلگە ھەندەلەككە.
ئوسمانچەنىڭ سائەتى ياراشمىش،
رىشخور ئەلىشورمو مويچىنەككە.
مەۋلان ئىشىگىدە ئاتە فازىل،
ئوخشايدۇ بەراق دىسەم كۆپەككە.
كىر كۆيلەك ئۇلۇپ ئىدىلەر ئۆمەرجان،
ساتماق ئۈچۈن ئەمدى جۇن بىيەككە.

---

① سەمەك - ئەپسانىلەردىكى يەرنى كۆتۈرۈپ تۇرغۇچى بېلىق.
② مەھەك - ئالتۇن، كۈمۈش بۇيۇملارنىڭ ساپلىقىنى ئېنىقلاشتا پايدىلىنىلىدىغان تاش.

چىندى بىلە چاي ساتۇر جەلالخان،
جانانى قوشلىتۇر ۇر خەشەككە.
مىر ھەمزە باي ئوغلى كىچىكىنە جان،
نىسفى گەز ئەمەس، كېلۇر سېپەككە.
ئىقانبەچە بىرلە بۇلبۇل ئوغلى،
ئوخشايدۇ ھەر ئىككىسى فۇفەككە.
ئۆل ھاجى ھەسەن دېگەن زەكىي تەب،
يوق تاقەتىم ئاڭا سۆز دېمەككە.
نۇسرەت بىلە ئاشنالىقىم بار،
تەنتەككىنە شەترەمە ـ شەتەككە.
سۇفىنىڭ بالاسى ئەبدۇقادىر،
قاتتىقلىقى ئوخشارمىش دەنەككە.
ھاجى كەسەل ئوغلى بادرەفتار،
داغۇلىكى، پەند بېرۇر كەمەككە①
قاسىم شەمال ئەندەك يېڭىلراق،
ئوخشاپ ئۇچەر خۇددى باد پەرەككە.
ئول مەدەلى بەچچەنىڭ قەدىنى
كۆپ قاتتىق ئېگىپدۇ چەمبەرەككە.
ئارتىقبەچەنى سەمىرتۇرۇڭلار،
ئوق بولغۇسى كاتتە زەمبەرەككە.
ئەل ئۇنىڭ ئەكسىنى ئوخشاتۇرلار،
بۇرنىن سۇمەك، ئاغزىنى تۇۋەككە.
كۆر، ئىشتەھاسىنى خۇجەبەچە،
ئاش سالىپ ئىچەر ئېمىش چېلەككە.
يولداشنى دېمىش خىتاي تەببى،
باد بار مۇخالىفى يۇرەككە.
ئەللىك باشى ئوغلى مەكىيانباز،
ئۇستاز بولۇپتۇ كۇركۇنەككە.
قارى بەچە سىنچەلەككە ئوخشار،
فەرزىنبەچە مىسلى ۋايۋەيەككە.
قازى قىزىگە دۇئالار ئايتىڭ،
ئۆل ئەسلى بەشەر ئەمەس مەلەككە.
فەرزىن بىساتى لالە رۇخلار،
ئالەمنى مۇسەخخەر ئەتتى يەككە.
ئەي خوجە جەھان، كۆپ ئاچچىغىم تىز،
ھەم يەتتى پىچاق بارىپ سۆيەككە.
نۇسرەتكە ياراشتى ئىت ياقاسى،
باشىن سۇقادۇركى ھەركاتەككە.
ئەبدۇللاھاجى كۆپ سۆيۈلگىنىدىن،
مىڭ مەرتەبە چەپ بىرۇر كۇرەككە.
چىت رەستەسى ئىچرە مىرزە ھەمدەم،
خۇ قىلدى ...... دېمەككە.
مەشھۇر كور مېلى ئېرۇرسەن،
باشىڭ ئەگەر يەتسە ھەم فەلەككە.
گەپ تەئسىر ئەيلەمەيدۇ سەنگە،
ئەبلەھ، تىئى ــ سىلېباي ئىشەككە.
كوكنارى مىرجەلىل ئاتاڭدۇر،
كىرسە ھەلاگە ئۇ كېتەر پىنەككە.
گەپ تەئسىرى كەتمەسۇن مۆمىنشاھ،
ئاش يەپ، ئاغىز ئەرتماسۇن پەتەككە.
تاشكېنت ئوتاغەسى فەيزى شەيتان،
قول قويدى پوكان بىلەن تىزەككە.
بازارى ئالاچەدە رەسۇلخان،
ئوخشايدۇ يۇرىشلەرى ئىپەككە.
ئىزۋېسنى ۋەگانچى ② تۇند كور ئادىل،
ئۆلمەي تۇرۇپ ئوخشايدۇ كېسەككە.
كور بولماسا پۇل ئاقىپ كېلۇرمۇ،
بۇ بەد شەكل، سىلېپاي دۇرەككە.
قېرىق ئالتە كىشىنى فەسانە قىلدىم،
كىم چىقسا ئوقۇيدۇ مويمەرەككە③.
تەبىئىنى ئەرابەسىنى توختات،
شاتۇسىنى باغلا غىلدىرەككە.
زەۋقىي ئاسلۇرغە ھىممەتىدىن
دارباغلادى بىر بەلەند تېرەككە.
1905 ـ 1906 ـ يىللار.

## ھەجۋى دوكچى ئىشان

سالدىڭ ئالەم ئەھلىگە كۆپ شورىشۇ غەۋغا ئىشان،
خەيرىيەت، تېزراق يېدى باشىڭنى بۇسەۋدا ئىشان.

---

① كەمەك — قەدىمكى كىتابلاردىكى مەشھۇر ھەييار.
② رۇسچە ئىزۋېستنى سۆزىنىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشى.
③ مويمەرەك — قوقان ئەتراپىدىكى سەيلىگاھ.

ئاملىغدىن كەشفى جىن يەتكۈزدى باشلاپ دارغا،
قىلماس ئېردىڭ ئۈشبۇ ئىش، بولساڭ ئىدى موللا ئىشان.
ساڭا كىم قويغان ئىدى قىلماق تەرىقەت دەئۋەسىن،
ئەي شەرىئەت ھۆكمىدىن ئالەمدە بىپەرۋا ئىشان.
خارىق ئادەتىڭ: ئوتۇنسىز ئاش پىشىردىڭ تامدا،
ئەيلەبان رەڭگىن «كەرامەت» لەرنى خۇب بەرپا، ئىشان.
ئەھلى پەرغانە تۇتار مەھشەردە دامانىڭنى بىل،
ئۈشبۇ يىل قىلدىڭ زەرەر ھەر كىمگە مىڭ تىللا، ئىشان.
ئىشنى سەن قىلدىڭ، بەلاغە قالدىلەر بىچارە خەلق،
غوزەنى سەن يەپ، كېسىلدى بوزچى يىگى، يا ئىشان.
شۆھرەتىڭنىڭ ئافەتى يالغۇز ئۆزىڭگە تەگمەدى،
بەلكى سەن ئافەت بولۇپ، قىلدىڭ ۋابا پەيدا ئىشان.
ئەي كەسافەتلىك ۋۇجۇدۇڭ نەھسىدىن مىڭتۆپىدە،
خانە ۋەيران بولدى بىر مىڭ مەنزىلۇ مەئۋا ئىشان.
قانچە ئادەم ئۆلدىلەر، كۆپ خەلق بولدىلەر ئەسىر،
شەرئى ھۆكمى: قانىغە زامىن بولۇپسەن، ھا ئىشان.
تۇتمىسا قادىر قۇلى مىڭباشى، گەر ئاسىلماساڭ،
ئەيلەر ئېردىڭ بۇ مەھەلدە مەھدىلىك دەئۋا، ئىشان.
ئوت يۇگۇرتۇردىڭ «كەرامەت» دەپ قىلىپ بىدئەت ئوچاق،
قىلمادى بۇ ئىشنى ھېچ ئالەمدە بىر تەرسا، ئىشان.
نامۇبارەك مەقدەمىڭ مىڭتۆپىنى قىلدى خەراب،
گەر قەدەم قويساڭ چىقارغاي دۇدلەر دەريا، ئىشان.
ھەم باشىڭگە، ھەم كېتىڭگە تەگدى ئاتقان ساپقانىڭ،
مەرگ سەن ساھىبخۇرۇج ئولغانگە، ئەي رەسۋا ئىشان.
ھىممەتىڭ ئالىي ئىكەن، ئۈشبۇ «غەزات» ىڭ ئەجرىغە،
بارساڭ ئەرزىر توختاماي دەۋزەخگە سەن تەنھا، ئىشان.
مۇنداغ ئىش ئادەم دېمەي، ئالەمدە ھەيۋان ئەيلەمەس،
سوفى مىسۋاكۇ مۇسەللا، شانەيۇ سەللا ئىشان.
رەڭمۇ رەڭ رەڭگۇ رىيا قىلماقدە شەيتان ھەمتەبەق،
ئىشچى خەلققە ئات كۆتەردىڭ بەچچەغەر، ئۇستا ئىشان.
يىگى كىر مەللە چاپانىڭ، مىشى دەستۇرخانلىرىڭ،
فېئلۇ ئەتۋارىڭ تەمامى ياقماغان بىجا ئىشان.
ھىلىگەر داغۇلىدەك سۇرەت ساۋۇق، سىيرەت بۇزۇق،
بىر چوقۇپ ئىككى قارايدۇرغان ئالا قارغا ئىشان.
مۇنچە ئەسبابۇ ئەلايىق قالدى باشىڭدىن سەبىل،
قىرغىزۇ قىپچاق كېتۇرگەن ھەديەيۇ سوۋغا ئىشان.
ھەر كىشى بۇ شورىشى پەرغانەدىن سورسا نىشان،
زەۋقىي ئەيتۇر جان چىقىپ: تەرىخىدۇر ئىغۋا ئىشان.

# قەرز

مۇھتاج كىشىگە بولدى بۇ يىل بەلايى قەرز،
يوق ئاسايىشۇ ئەيش، ھەمە مۇبتەلايى قەرز.
فەرزى خۇدا، قەرزى خەلايىق بارى يەلكەدە،
يا رەب، ئەدايى فەرز ئېتەيىن ياكى ئەدايى قەرز.
ئۆتسەم تۇتادۇر ھەر كۇچايۇ مەھەللەدىن،
گويا قەزايى ھاجەت ئېتۇردەك ئەدايى قەرز.
يوق زەررە نەجات ھېچ، كۈن - تۈن زىياد ئولۇر،
قوش - قوش تۇغادۇر ھەپتەدە يەڭى ئايى قەرز.
بازار كاسات، كەسبۇ ھۈنەرگە رىۋاج يوق،
نەپسى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسى، رايى قەرز.
يەتمىسە مۇلكۇ ئەشيا زۇد تۇتۇپ مېنى،
ئەيلەر يۈزى قارا بىر كۈن، سەزايى قەرز.
نەيلەي بۇ زىندەلىكنى، زەۋقىي سەفاسى يوق،
ئارتار ھەمىشە غەمۇ كۇلفەت، جەفايى قەرز.

1875 - 1876 - يىللار.

# سۇ جاڭجىلى

ئالدىم قولۇمغە خامەنى
يازدىم ئەجايىپ نامەنى
تىڭلەڭ قىزىق ھەنگامەنى،
جاڭجىلى تا ئەلھال ئېكەن.

قۇرغۇر كەرمىباباسىدىن،
ھېچ تىنچىماي دەئۋاسىدىن،
ئۆلدۈك ئۇنىڭ غەۋغاسىدىن،
بايانلەرى دەججال ئېكەن.

ئەيىبىنى ئىقرار ئەيلەمەس،
ھېچ نامۇسۇ ئار ئەيلەمەس،
پەند ئەتسىڭىز كار ئەيلەمەس،
سۆز سەدقەئى ئۇۋال ئېكەن.

ئەللىكتەدىن گاھ يۈز تەدىن
داد ەپ كىبلۇرلەر ئۇستەدىن،
يۈز ئەرز بولسا ئۇستىدىن،
يالغانى كۆپ ئىشكال ئېكەن.

ھەرقانچە قىلسا گوفتۇ گۇ،
بۇ يازدا تەنسىق بولدى سۇ،
كىم ماجەرانىڭ باشى بۇ،
ماھىيەتى ياققال ئېكەن.

ھاجى مىرابكە تون قويۇپ،
بارغاندا پىشۋاز قوي سويۇپ،
كۆنلەر ئۆتەر شۇ خىل تويۇپ،
كۆڭۈللەرى خۇشھال ئېكەن.

خاھ رازى، خاھ بولسۇن خۇناب،
يۇرت - ئەلگە سۇ بەرمەي مىراپ،
ھاجى يېرىن قىلمىش سىراپ،
دېھقان ئۈچۈن قەتتال ئېكەن.

ناگاھ بۇ ئىشتىن دەرغەزەب،
نەجار رەھىم بەردى قاراپ،
يۇرت - ئەل ئۈچۈن بولمىش تەرەب،
كىم ئەھدى ماھۇ سال ئېكەن.

هاجى رەئۇف قايىم مەقام،
ئىستەپ زەكان بىرلە نىزام،
ھەمسايە ئالدىدا مۇدام،
جىننى خوجە بەققال ئىكەن.

شاپۇ شەلاپىنى تەقىپ،
ئەللىنىڭ دىمەي يۈزگە باقىپ،
ھاكىم ھۆكۈم قىلمىش چىقىپ،
مەككار، زالىم - زال ئىكەن.

قاتناپ يۈزى بۇ قارالەر،
ھاكىم ئۆيىنى مورەلەر،
يۈزلەپ بىرۇرلەر پارەلەر،
ھەتتا سويۇلغان مال ئىكەن.

بىچارەلەر رەنجۇر دىلى،
سۇسىز يېتىلمەي ھاسلى،
زەۋقىي - سەفاسىز بۇ يىلى،
قەددى ئېگىلگەن دال ئىكەن.

## بول

ئەھلى دىل بولما، زەمانىنىڭ بايى بول، بەززازى بول،
ئاقچەدىن لەنگەر چۆپ ئۇشلاپ، رەستەنىڭ داربازى بول،
شېئىر ئىشتىمەيدۇ بىراۋ، دەۋران قۇلاغى كەر ئاغا،
بىر ھاۋۇچ ئالتۇن، كۈمۈشنىڭ خوش جەرەڭ ئاۋازى بول،
تەگمەگەي ھەرگىز نىشانگە ئاتقان ئوق يۈز ھەججۇ ئىلە،
خاھ زەمانىنىڭ شائىرى بول، خاھى تىرئەندازى بول.
ئىستەمەس بولسا زەمانىنىڭ خاھىشى شېئىر زەۋقىنى،
كىم ئىشتىسۇن ئەرزى ھال خاھ رازى، خاھ نارازى بول.

## فەرغانە

ئىشتىنىڭ قىسسەئى مەن ئەيلەيىن ئىزھار فەرغانە،
كۆيۈپ خاكىستەر ئولدى جۇملەئى بازار فەرغانە،
مىسال ئاتەش بىلەن بولدى، كۆرۈڭ، گۇلزار فەرغانە،
خۇرۇجى ئوغرىلاردىن تارتادۇر ئازار فەرغانە،
خەلايىقلەر كۆزىگە بولدى ئەمدى تار فەرغانە.

بىرىپ پەتۋا ئۇرۇشقلەر دىمەي قازى كەمال ئولسۇن،
ھەمەنى يولدىن ئازدۇرغان ئوشول فاسىد خەيال ئولسۇن،
بولۇپ شورا① گە ئەزا بىتەمىز بىر نېچە مال ئولسۇن،
يەنە ئەبدۇرەشىد ئۇل ھاكىگى خەردەك ئاقساقال ئولسۇن،
نىگۇن ئىقبالە تۈشدى تالئى ئىدبار فەرغانە.

ئۆزىدۇر بىر فەلاكەتخانەيۇ نامى ئېرۇر «شورا»،
كېلىپ بىر نېچە باي، بايۇەچچەلەر بولدى ئاغا ئەئزا،
يەنە «مۇختارىيەت» دەپ پىتنە شورىشلەر قىلىپ پەيدا،

---

① شوراى ئىسلام دەپ ئاتالغان تەشكىلات.

ئەجەبكىم راھزەن، كەززاب قۇرباشى ئېرۇر گويا،
ئۇنىڭ نامىنى شەرھىنە قىلۇرمەن ئار، فەرغانە.

سىپاھسىز ئەمىرى لەشكەرى ئاندە چەنىش بولدى،
رەئىس جۇمھۇرى ئەلقىسسە چوقايېۋ زەنچەلىش بولدى،
قىلىشتى سەلتەنەت دەئۋاسىنى، ئاخىر نە ئىش بولدى،
قاچىپ بەدناملەرى يۇرت - ئەل ئارا كۆپ سەرزەنىش بولدى،
پەناھ ئېتەرگە سىچقانلەر ئىنى ھەم تار، فەرغانە.

كىمە داد ئەيلەيىن ئەھلى ھۆكۈمەت بولسا ئادىل كور،
كۆپ ئادەم قانىگە زامىن بولۇپ بۇ ئىلە، جاھىل كور،
ئۇرۇشنى باشلادى، قاچتى، ئۆزى بولماي مۇقابىل كور،
پىسىب بىلمەمكى ئاخىر كەتتى ئەفغان ئىچرە، كابىل، كور،
يۇرۇپ غۇربەتدە، ھەرگىز كۆرمەسۇن ديدارى فەرغانە.

ھۆكۈمەت ئىچكەرىدە، ئوغرىلەر سەف تارتدى سەھرادە،
ئالىپ قۇرباشى، پانسەد نامىنى نېچە ھەرامزادە،
ئاتىپ ئوق خەلقىگە پاسىنەمەك نام ئالدى دۇنيادە،
بولۇپ مەغلۇب قاچدى، ئۆلدى ئاقىپ كۆپى دەريادە،
قالىشدى سۇلھگە كەلمەي، ھەر تەرەف ناچار، فەرغانە.

پىسىپ بۆرى كەبى كۈندۈز توقايزار ئىچرە يۇرگەيلەر،
تۈن ئاقشام باسمە دەپ ئاتىن شەھەر، قىشلاققە سۇرگەيلەر،
يىغىب مەردۇمنىڭ مالىن ئىشرەت ئىلە بەزم قۇرگەيلەر،
شەھەردىن چىقسە كىم تۆرتىنچىسەن، دەپ قىيناپ ئۇرگەيلەر،
نېچە بېرەھم زالىم دەستىدەن ئەل خار، فەرغانە.

تىرىلتىرماق بولۇپ ئەۋۋەل كۆمىلگەن خانۇ بېكلەرنى،
ئۆلۇم چاھىگە سالدى باسمەچىلەر بۇ تىرىكلەرنى،
ھىسابىنى بىلىب بولماس كۈيۈپ ئۆلگەن ئۆلۈكلەرنى،
شۈكۈركىم، تەگرى يەتكۈزدى مەدەدگە بولشېۋىكلەرنى،
ئىلاھا، بەخت - تالىئ بولسۇن ئەمدى يار، فەرغانە.

1918 - 1919 - يىللار

«شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلىنىڭ 1955 - يىللىق 6 - سانىدىن ئېلىندى.
رۇزىمۇھەممەت جۇمە تەييارلىغان.

# «فەرھاد ۋە شىرىن» داستانى ھەققىدە

## ن. م. مەللەيېۋ

«فەرھاد ۋە شىرىن» سۆيگۈ، ۋاپا، دوستلۇق ۋە ساداقەتمەنلىك، ئەمگەك ۋە ئىجادكارلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە قەھرىمانلىق داستانىدۇر. ئالىيجاناب ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى، ئومۇم ئىنسانىيەت ئارزۇ - تىلەكلىرىنى كۈيلىگەن ئەسەردۇر. نەۋائى خەمسەچىلىك ئەنئەنىسىدىن مۇستەھكەم ئورۇن ئالغان «خۇسرەۋ ۋە شىرىن» داستانى يېڭىغا يېڭى ماۋزۇ ۋە مەسىلىلەر، يېڭى مەزمۇن ۋە غايىلەر، يېڭى ئوبراز ۋە خاراكتېرلارنىڭ تاجىسى بولغان «فەرھاد ۋە شىرىن» داستانىنى قويدى.

خۇسرەۋ ۋە شىرىن ئوبرازلىرى مەلۇم تارىخىي يىلتىزغا ئىگە. خۇسرەۋ مەشھۇر ساسانى پادىشاھلىرىدىن ئەنۇشىرۋاننىڭ نەۋرىسى خىسرەۋ پەرۋىزدۇر. خۇسرەۋ پەرۋىز 590 - يىلى تەختكە ئولتۇرغان ۋە 628 - يىلى ئوغلى شىرۇيەنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قەتل قىلىنغانىدى. ئىران، ۋىزانتىيە، سۇرىيە تارىخىي يىلنامىلىرىدا 10 - ئەسىر ئەرەب تارىخچىسى مۇھەممەت ئىبنى جەرىر ئەت - تەبەرىنىڭ كىتابى ۋە باشقا مەنبەلەردە بېرىلگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شىرىنمۇ تارىخىي شەخس بولۇپ، ئۇ خۇسرەۋنىڭ سۆيۈملۈك خوتۇنى بولغانىكەن. ئەرمەن قىزى ياكى ئارامىيلەردىن بولغان گۈزەل شىرىن فېئودال ئاقسۆڭەكلەر نەسلىدىن ئەمەسكەن. شۇڭلاشقا فېئودال - ئاقسۆڭەكلەر شىرىنغا مەنسىتمەسلىك بىلەن قاراپ، ئۇنى خۇسرەۋغا نامۇناسىپ، دەپ ھېسابلىغانىكەن. بۇ ھالەت فېئودال ساراي پىتنە - پاساتلىرىنى كۈچەيتىۋەتكەن.

تارىخىي مەنبەلەر، ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر يازما ئەدەبىياتتا خۇسرەۋ ۋە شىرىن ھەققىدە ئابىدىلەر يارىتىشقا ئاساس بولۇپ خىزمەت قىلدى. يازما ئەدەبىياتتا بىرىنچى بولۇپ ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى خۇسرەۋ ۋە شىرىن ھەققىدە داستان يازدى. نىزامىينىڭ «خۇسرەۋ ۋە شىرىن» بىلەن مەزكۇر ماۋزۇ ۋە ئوبرازلار خەمسەچىلىك ئەنئەنىسىدىن مۇستەھكەم ئورۇن ئالدى. «خەمسە» مۇئەللىپلىرىدىن تاشقىرى خۇسرەۋ ۋە شىرىن (ياكى فەرھاد ۋە شىرىن) ھەققىدە يەنە نۇرغۇن شائىرلار ئەسەر يازدى.

خۇسرەۋ ۋە شىرىن تارىخىي ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر، يازما ئەدەبىيات ئابىدىلىرى ۋە باشقىلارنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا شەرقشۇناسلىق ۋە ئەدەبىياتشۇناسلىق پەنلىرى زور نەتىجەلەرگە ئىگە بولدى. كېيىنكى يىللاردا يارىتىلغان تەتقىقاتلاردىن يىرىك ئەسەرلەر سۈپىتىدە خۇسۇسەن چېخ ئالىمى خ. ۋ. دۇرە، سوۋېت ئالىملىرىدىن غ. ئەلىيېۋ، گ. بېگدېلى، س. ئەركىنوۋلارنىڭ تەتقىقاتلىرىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. باشقا مۇئەللىپلەرنىڭ ئىلمىي ياكى ئىلمىي - ئاممىباپ ئەسەرلىرى بەك كۆپ. بىز بۇلار ھەققىدە مەخسۇس توختاش، مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ ئويلايمىز. پەقەت مۇلاھىزىمىزگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككى نەرسىنى تەكىتلەيمىز: تەتقىقاتلاردا بىرىنچى قول مەنبەلەرنىڭ ماتېرىيالى ۋە مەلۇماتلىرى ئىنچىكىلىك بىلەن توپلىنىپ، قاتتىق تەكشۈرۈلدى ۋە يورۇتۇلدى. تەتقىقاتلار «خۇسرەۋ ۋە شىرىن» ياكى «فەرھاد ۋە شىرىن» (ئارىپ ئەردەبىلىدە: «فەرھادنامە») نىڭ يىلتىزى بىر تەرەپتىن تارىخقا، ئىككىنچى تەرەپتىن فولكلور ئەنئەنىلىرىگە بېرىپ تاقىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۈبھىسىزكى، ھەربىر تەتقىقاتنىڭ ئۆز ماۋزۇسى ۋە ئوبېيكتىغا لايىق مەسىلىلەر دائىرىسى، پەزىلەتلىرى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئايرىم مۇنازىرىلىك جەھەتلىرىمۇ بار.

غ. ئەلىيېۋ خۇسرەۋ ۋە شىرىنغا تەئەللۇق مەنبەلەرنى ئىككى گۇرۇپپىغا ئاجرىتىدۇ. بىرىنچى گۇرۇپپىغا ۋىزانتىيە تارىخچىسى فېئوفىلەكت سىموكەتتەنىڭ «تارىخ» كىتابىنى، ئەرمەن تارىخچىسى ئېپىسكوپ سېبېئوسنىڭ ئەسىرى ۋە ئاپتورى نامەلۇم سۈرىيە يىلنامىلىرىنى[1]، ئىككىنچى گۇرۇپپىغا ئەرەب، پارس مەنبەلىرىنى (جاھىز، تەبەرىي، ئىبنەل - فەقىھ، بەلئەمىي، سەئالىبىي، ئەل - مەئەرىي، ياقۇت ۋە باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى) كىرگۈزىدۇ. بۇ ئىككى گۇرۇپپا مەنبەلەر مەلۇمات ۋە ئىزاھدا مەلۇم ئورتاقلىققا ئىگە. بىرىنچى گۇرۇپپا مەنبەلەردە كۆپرەك خۇسرەۋ ۋە شىرىن تارىخى بېرىلسە، ئىككىنچى گۇرۇپپىدا تارىخ بىلەن رىۋايەتلەر ئۆيغۇنلىشىپ كەتكەن. مانا مۇشۇ ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكى مەنبەلەر خۇسرەۋ ۋە شىرىن ھەققىدە زور ئابىدىلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە ئاساس بولۇپ خىزمەت قىلغانىدى.

قەدىمكى مەنبەلەرنىڭ خۇسرەۋ ھەققىدىكى مەلۇماتلىرى ئومۇملىققا ئىگە. ئەمما شىرىن ھەققىدىكى مەلۇماتلاردا، ئۇنىڭ يۇرتى ھەققىدە بىرمۇنچە پەرق - تاپاۋەت بار. سىموكەتتەنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، سىرە (شىرىن) رومالىق خرىستىئانلاردىندۇر. خۇسرەۋ ئالەمشۇمۇل شەھەنشاھلار ئەنئەنىسىنى بۇزۇپ، خرىستىئان قىزىغا ئۆيلىنىدۇ. بۇ ساراي ئەھلى ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغايدۇ. پەقەت بىر يىلدىن كېيىنلا شىرىن ساراي مەلىكىسى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنىدۇ. سېبېئوس خۇسرەۋ پەرۋىز سەلتەنىتىگە بېغىشلانغان كىتابىنىڭ «شاھ خۇسرەۋنىڭ خوتۇنى مەلىكە شىرىنىنىڭ ئالىيجانابلىقى ھەققىدە» بابىدا شىرىننى خرىستىئان قىزى، ئۇنىڭ يۇرتىنى خۇجىستان (خۇزىستان) دەپ مەلۇمات بېرىدۇ. سۈرىيە يىلنامىلىرىدا بولسا سىرە (شىرىن) ئارامىيلەردىن دېگەن مەلۇمات بېرىلىدۇ. شۇ مەنبەدە خۇسرەۋنىڭ يەنە باشقا بىر خوتۇنى مارىيە (ئۇمۇ خرىستىئان قىزى) نامى بايان قىلىنىدۇ. ئې. ئە. بېرتېلس: «مەنبەنىڭ ئەسلىدە ‹ئارامىي›، ئەمەس، بەلكى، ‹ئەرمەنى› يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇ ھالدا يېقىن شەرقتىكى ئەنئەنىلەر شىرىننى ‹ئەرمەنى› دەپ ھېسابلىشىنىڭ سەۋەبى ئايدىڭلىشىدۇ» — دېدى.

ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكى مەنبەلەر تارىخ پاكىتلىرى ۋە رىۋايەت ئەفسانىلەرنى توپلىغان مەنبەلەر سۈپىتىدە قىممەتلىك بولۇپ، ئايرىم پەرق - تاپاۋەتلەرگە ۋە زىددىيەتكە قارىماي، ئۇلار تارىخ ۋە رىۋايەتلەردىكى خۇسرەۋ ۋە شىرىن ھەققىدە بىر تالاي تەسەۋۋۇر پەيدا قىلىدۇ. بىر - بىرىنى تولدۇرىدۇ. دەسلەپكى ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەردە خۇسرەۋ ۋە شىرىن، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى، خۇسرەۋنىڭ شىرىنغا ئۆيلىنىشى، سارايىنىڭ قارشى تۇرۇشى، خۇسرەۋنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدەك ئېپىزودلار ھېكايە قىلىنسا ۋە، كېيىنچە فەرھاد ۋە بىسۇتۇن، قەلئە ۋە ئۆستەڭ، ئات شەبدىز، قوشاقچى بەھلەبەند (بارباد)، مەريەم ۋە شىرىنىنىڭ رەشكى كەبى ۋەقەلەر، ئېپىزودلار قوشۇلىدۇ. فەرھاد دېگەن ئىسىم بىرىنچى قېتىم «تارىخي تەبەرىي» دە بايان قىلىنىپ، ئۇنىڭ شىرىنغا ئاشىق بولغانلىقى ۋە شىرىنىنىڭ شەرىپى ئۈچۈن بىسۇتۇننى كەسكەنلىكى ھېكايە قىلىنىدۇ. فەرھاد دېگەن نام نىزامىيغا قەدەر ئابدۇلھەسەن ئەلى بىننى ئاغاچى، سوزەنى سەمەرقەندى، فەررۇخىي، قەتران تەبرىزىي ۋە خاقانىي قاتارلىق شائىرلارنىڭ سەترلىرىدە بايان قىلىنسا، يازما ئەدەبىياتتا ئۇنىڭ ئىپىك ئوبرازىنى بىرىنچى قېتىم نىزامى گەنجىۋىي «خۇسرەۋ ۋە شىرىن» داستانىدا يارىتىدۇ.

---

① بۇ يىلنامىلار ن. پىگۇلېۋسكايانىڭ «Визания и Ирак наруъеже VI и VII веков» (1946- يىل) ناملىق ئەسىرىدىن ئورۇن ئالغان.

شۇنداق قىلىپ، خۇسرەۋ ۋە شىرىن تارىختىن ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەرگە، ئۇنىڭدىن يازما ئەدەبىياتقا ئۆتۈپ زور ۋە مۇرەككەپ تارىخنى بېشىدىن كەچۈردى. «خۇسرەۋ ۋە شىرىن» ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ تۈرلۈك تارىخىي دەۋرلەردە شۇنچىۋالا چوڭ شۆھرەت قازىنىشىنى ئۇنىڭ مۇھەببەت ۋە ساداقەت ھەققىدىكى گۈزەل ئەپسانە بولۇشى بىلەنلا ئىزاھلاش توغرا ئەمەس. خۇسرەۋ ۋە شىرىن ھەققىدىكى ئەپسانە — خەلق ئىجادىيىتىنىڭ مەھسۇلى، ئۇنىڭ سۇژىتى ئىچىدە ياتقان تارىخىي ۋەقەلەر ئەسىرلەر داۋامىدا خەلق تەرىپىدىن تەكرار ئىشلىنىپ، بەدىئىي ئەسەر يارىتىشقا بىر ئۈلگە بولۇپ خىزمەت قىلدى.

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «فەرھاد ۋە شىرىن»ى خەمسەچىلىكنىڭ ئەنئەنىۋى مەزمۇنى ۋە ئوبرازلىرى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلدى. ئۇ يازما ئەدەبىياتتا خۇسرەۋ ۋە شىرىن ھەققىدە بىرىنچى قېتىم ئىشلەنگەن فىردەۋسى داستانى بىلەن خەمسەچىلىكنىڭ ئۇستىسى گەنجىۋىنىڭ «خۇسرەۋ ۋە شىرىن»، خۇسرەۋ دېھلىۋىنىڭ «شىرىن ۋە خۇسرەۋ» ھەمدە ئەشرەف داستانى بىلەن يېقىندىن تونۇش ئىدى. ئۇ مۇقەددىمىدە ئۆز كەسىپداشلىرى ھەققىدە سۆزلەپ، نىزامى ۋە دېھلىۋىي ھەققىدىكى قۇرلاردىن كېيىنلا مۇنداق دەيدۇ:

بۇ مەيدانغە چۇ ئەشرەف سۈردى مەركەب،
بۇ سۆزنى ئۆزگە نەۋئ ئەتتى مۇرەتتەب.
يەنە بولغان ئىكەن بۇ نامە مەرقۇم،
ۋەلې راقىم ئەمەستۇر ياخشى مەئلۇم.

كېيىنكى يىللاردىكى تەتقىقاتلاردىن نەۋائىي تەكىتلىگەن «ياخشى مەلۇم بولمىغان راقىم» — ئارىف ئەردەبىلىي دېگەن پىكىر (ن. ئارەسلى) ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە. ئارىف ئەردەبىلىينىڭ پارس تىلىدا يېزىلغان «فەرھادنامە» دېگەن داستانى ئىككى قىسىمدىن ئىبارەت بولۇپ، بىرىنچى قىسىمدا فەرھاد بىلەن گۈلىستان دېگەن قىزنىڭ، ئىككىنچى قىسىمدا فەرھاد بىلەن شىرىننىڭ سۆيگۈ سەرگۈزەشتلىرى ھېكايە قىلىنىدۇ. «فەرھادنامە» دە ئەمگەك ۋە ئىجادكارلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە قەھرىمانلىق مەزمۇنلىرىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئارىف داستانى سۇژىت ۋە كومپوزىتسىيىسى ئوبرازلار سىستېمىسى ۋە بەدىئىي ئۇسلۇبى جەھەتتىن خەلق ئىجادىيىتىگە، ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەرگە تېخىمۇ يېقىن.

بۇلاردىن كېلىپ چىقىدىغان خۇلاسە شۇكى، نەۋائى كەسىپداشلىرىنىڭ داستانلىرى «ساپ كىتابىي» ئەسەرلەر بولماي، بەلكى خەلق ئىجادىيىتى بىلەن يۇغۇرۇلغان ئەسەرلەردۇر. نەۋائى كەسىپداشلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىقمۇ، بىۋاستە بولمىسىمۇ، خەلق ئىجادىيىتى، ئۇنىڭ ئەپسانە ۋە رىۋايەتلىرى بىلەن تونۇش ئىدى. ئىككىنچىدىن، نەۋائى ھېچقاچان خەمسەچى كەسىپداشلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن چەكلىنىپ قالمىدى. ئۇ تۈرلۈك- تۈمەن مەنبەلەرنى، تارىخ كىتابلىرى، خەلق ئەپسانىسى ۋە رىۋايەتلىرىنى ئىنچىكىلەپ ئۆگىنىپ چىقتى، ئۇلاردىن ئىجادىي پايدىلاندى. داستاننىڭ مۇقەددىمىسى — «ئىقبالى سائادەت تىلى ...» دىن بىرنەچچە مىسال كەلتۈرىمىز:

قىلىپ كۆڭلۈمنى بۇ ئەندىشە شەيدا،
تەۋارىخ ئېيلەدىم ھەر سارى پەيدا.
نەزەر ئەيلەپ بارىن ئەۋۋەلدىن - ئاخىر،
بولۇپ باشىدىن - ئاياق ئالىمدا زاھىر.
تاپىلدى ئانچە سۆزكىم، كامىم ئېردى،
قويۇلدى ئانچە مەيكىم، جامىم ئېردى.

بۇ دۇرلار چۈنكى مەنزۇم گۈلغۇسىدۇر، كى بۇ بەھر ئىچرەكىم پايان ئاڭا يوق،
قۇلاق سالغانغە مەئلۇم گۈلغۇسىدۇر. يېتىشمەك قەئرىغە ئىمكان ئاڭا يوق.

ئەمما نەۋائى بۇ مىسرالاردا تونۇشقان ۋە پايدىلانغان ئەسەرلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتمەيدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇ تونۇشقان ۋە پايدىلانغان ئەسەرلەر ئىچىدە خۇسرەۋ ۋە شىرىنغا دائىر ئەپسانىلەرنى يىغىنچاقلىغان مەنبەلەر — تەبەرىي، بەلئەمىي ياقۇت، سەئالىبىي ۋە باشقا مۇئەللىپلەرنىڭ ئەسەرلىرىمۇ بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ كىتابىي مەنبەلەردە «تارىخ» بىلەن «ئەپسانە» نىڭ ياندىش ۋە ئارىلاشما ھالدا كېلىشىنى ئۇنۇتمايلى. بۇ خۇسۇسىيەت ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «تارىخى مۇلۇكى ئەجەم» ئەسىرىدىكى خۇسرەۋگە دائىر بابلارغىمۇ خاس بولۇپ، ئۇ تارىخ مەلۇماتلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەرنىمۇ ئۆزىدە يىغىنچاقلىغان. بۇ ئورۇندا ئايرىم قىسقارتىش ۋە شەرھلەر بىلەن بۇ ئاجايىپ بابلارنى كىرگۈزۈشنى لايىق كۆرمىز. نەۋائى ھۇرمۇز بىلەن بەھرامى چۇبىنەنىڭ ئۆزئارا دۈشمەن بولغان ۋاقىئاتىنى بايان قىلىپ، بەھرامى چۇبىنە «··· پەرۋىز ئاتىغە ۋە ئۇنىڭ نەۋكەرلىكىگە ئۆزىنى مەنسۇپ قىلدى. غەرەز بۇ تەدبىر ئىدىكىم، ھۇرمۇز ئوغلىدىن بەدگۇمان بولۇپ ئارىدىن كۆتەرگەي ۋە بەھرام ئاسانلىغ بىلەن ھۇرمۇزنى دەفئى قىلىپ، پادشاھلىقىنى ئالغاي. ۋە بۇ رايى مۇۋاپىق تۈشدى. ھۇرمۇز پەرۋىز قەسدىغە مەشغۇل بولۇپ، پەرۋىز ۋەھمدىن قاچىپ، ئەرمەن ۋىلايەتىغە باردى ۋە شىرىنغە ئاشىق بولدى. ئانداقكىم شەرھى كەلگۇسىدۇر، ئىنشائالla. چۇن پەرۋىز قاچتى. بەھرامغە بارمادى. ھۇرمۇز بىلدىكىم بەھرام قەيد قىلىپتۇر ۋە ئوغلى گۇناھسىز ئەركەندۇر. سىپاھ ياساب، بەھرام ئوترۇسىغە يىبەردى. بەھرام ئەلىنىڭ سىپاھىن ئۇرۇشۇپ باستى. ۋە ھۇرمۇز سەلتەنەتى كارخانىسى مۇتەزەلزىل بولۇپ، چۇن ئەركانى دەۋلەت ئاندىن نارازى ئاردىلەر، تۇتۇپ كۆزىگە مىل تارتىب، ئەرمەنغە كىشى يىبەرىپ، پەرۋىزنى كېلىشتۇرۇپ پادشاھ قىلدىلەر ···» بۇ قۇرلاردا نەۋائى تارىخىي مەلۇماتلارغا مۇۋاپىق خۇسرەۋنىڭ ئاتىسى ھۇرمۇز بىلەن قېرىنداش ۋارىسلىرىدىن بەھرامى چۇبىنە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، ھۇرمۇزنىڭ قارىغۇ قىلىنىشى ۋە خۇسرەۋ پەرۋىزنىڭ تەختكە ئولتۇرۇشىنى بايان قىلىدۇ. نەۋائىنىڭ ئېيتىشىچە، خۇسرەۋ پەرۋىز ئەرمەندىن چاقىرتىلىدۇ. بۇ شىرىن ۋە مېھىنبانۇنىڭ ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەردىن ئەرمەنىستانلىق سۈپىتىدە ئورۇن ئېلىشى، ئەپسانە ۋە رىۋايەت مەلۇماتلىرىنىڭ «رەسمىي» [1] تارىخ كىتابلىرى تەركىبىگە سىڭىپ بېرىشى ئاقىۋىتى بولۇشى مۇمكىن (مەزكۇر ئۆزگىرىشلەر، ئەلۋەتتە، «تارىخى مۇلۇكى ئەجەم» گە قەدەر سادىر بولغان).

بەھرامى چۇبىنە بابىدا نەۋائى خۇسرەۋ پەرۋىزگە قارشى بەھرامنىڭ قوشۇن باشلاپ بارغانلىقى، خۇسرەۋنىڭ مەغلۇب بولۇشقا باشلىغانلىقى، ئاتىسىغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇنىڭ مەسلىھىتى بىلەن رۇمغا بېرىپ قەيسەردىن مەدەت ئالغانلىقى، بەھرامنىڭ يېڭىلىپ، خاقان ھۇزۇرىغا بارغانلىقى، ئۇ يەردە ئۇ زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. بابنىڭ ئاخىرىدا: «ۋە بەزى تەرىخدە ئانى مۇلۇك ئەدەدىگە كىيۈرمەيدۇلار ۋە شىرىن سەلتەنەتىنى ئۇنىڭ نەسلىدىن دەپتۇرلار ۋە ئۇنىڭ نەجادىنى بەئزى كەركىن مىلادغە ۋە بەئزى يەزدىجۇرد بىننى بەھرامغە يەتكۈرۈپتۇرلار» دەپ، مەنبەلەردىكى پەرق - تاپاۋەت ۋە زىددىيەتلەرنى تەكىتلەيدۇ.

خۇسرەۋ پەرۋىز بابىدا ئالدىنقى بابنىڭ ئايرىم مەلۇماتلىرى تەكرارلىنىدۇ ۋە تەپسىلاتلار

---

① «ئەلىشىر نەۋائى ئەسەرلەر» 14 - توم، 227 - بەت

بىلەن تولدۇرۇلدۇ. ئۇلاردىن بىرى ھۇرمۇزنىڭ خائىنلىق بىلەن ئۆلتۈرۈلۈش ۋەقەسىدۇر.
ئىككىنچى بىر تەپسىلات خۇسراۋنىڭ مەريەمگە ئۆيلىنىشى، بىلەن باغلىقتۇر، بۇ سۇرىيە
ئەنانىم يىلنامىلىرى ۋە خۇسراۋ ھەققىدىكى كۆپلىگەن رىۋايەتلەردىمۇ، يازما ئەدەبىيات ئابىدى-
لىرىدىمۇ ئورۇن ئالغان. «چۇن پەرۋىز رۇمغە يەتتى، — دەيدۇ نەۋائى، — قەيسەر ئاڭا
كەماھى ھالىن بىلىپ، ياخشى دىلجۇيلىك قىلىپ، مەريەم ئاتلىغ قىزىنى ئاڭا نىكاھ قىلدى
ۋە قالىن مەدەد بېرىپ ئۇزاتتى ...»
شۇنىڭدىن كېيىن نەۋائى خۇسراۋنىڭ شان - شەرىپى، داڭقى كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ھېكايە
قىلىدۇ: «ۋە مەككەت ۋە شەۋكەتى بىر يەرگە يەتتىكىم، ئاندىن بۇرۇنغى سەلاتىنغە مۇيەسسەر
بولمايدۇر ئېردى. ۋە بەئزى مۇئەررىخلەر ئاڭا مۇيەسسەر بولغان نېمەلەرنى ھەيرەت تەزىقى
بىلەن تەئدا قىلىپتۇرلار ...» بۇلار: جەۋاھىر بىلەن زىننەتلەنگەن، تۆت پۇتىغا فەلەك،
يۇلتۇزلار ۋە يەتتى ئىقلىم تەسۋىرلەنگەن، تاكدىس دەپ ئاتالغان ئالتۇن تەخت؛ ھەربىرى
قوچقاچتەك كېلىدىغان جەۋھەرلەر بىلەن زىننەتلەنگەن چوڭ گىلەم؛ شەبدىز ناملىق مەشھۇر
ئات (ئات ئۆلگەندىن كېيىن قىياغا سۈرىتىنى سىزدۇرۇپ، خۇسراۋ شۇنىڭ بىلەن پەخىرلى-
نەتتى)، باربەد نامىلىق «زامانىسىنىڭ يېگانىسى بولغان مۇغەننىي»، شاپۇرنامىلىق تەڭدىشى
يوق نەققاش؛ بۇزرۇك ئۇممىد دېگەن ئەللامە ۋەزىر، يانا مىڭ پىل، ئون سەككىز مىڭ
ئات، نەچچە مىڭ ساھىبجامال كېنىزەك ۋە باشقىلار ۋە باشقىلار. بۇ تەئرىپ ۋە تەۋسىپ
بىلەن خۇسراۋنىڭ ھەم شان - شەرىپى، ھەم بايلىقى ئەل ئارىسىدا داستان بولۇپ، ھەقىقەت
بىلەن مۇبالىغىنىڭ ئۇيغۇنلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شەبدىز ۋە باربەد بولسا خۇسراۋ
ھەققىدىكى نۇرغۇنلىغان ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەرنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ.
نەۋائى «تارىخى مۇلۇكى ئەجەم»دە شىرىنگە ئالاھىدە ئورۇن ۋە ئېتىبار بېرىدۇ: «شى-
رىندەك مەھبۇبى بار ئىدىكىم، ئالەمدە ئۇنىڭدەك ھۇسنى لەتافەت ۋە جامالۇ مەلاھەت
ھېچكىمدە يوق ئېردى ...» شىرىن تەرىپىدىن كېيىن نەۋائى نادىر مەنبەلەردىن ئادەمنى
غايەت تەئەججۇبلەندۇرگۇچى «ئىككى سۆز» («ئىككى مەلۇمات») تاپقانلىقىنى قەيد قىلىدۇ.
بۇلاردىن بىرى فەرھادقا تەئەللۇق: «بىرى ئۇلكىم ئەگەرچە شىرىندەك نادىرەسى بار ئىدى.
ۋەلي، فەرھاددەك ھەم ئالەم ئەجۇبەسى رەقىبى بار ئېردىكىم، ئىشق ۋە نىياز ئەتراپىدىن
باۋۇجۇدى خۇسراۋدەك پادىشاھ كۆڭلى فەرھادقا مەيل قىلىپ، ئىلتىفات ۋە تەرەھھۇملار
زاھىر قىلدى ۋە ئانى بىلىپ، خۇسراۋ رەشكىدىن مەكر بىلەن فەرھاد قەتلىغە بائىس
بولدىكىم، ئاندىن مەشھۇرراقدۇركىم، بىتمەك ھاجەت بولماغاي». فەرھاد نامى بىرىنچى
قېتىم 10 - ئەسىر مەنبەلىرىدە، جۈملىدىن «تارىخى تەبەري»دە بايان قىلىنغانلىقى مەلۇم.
فەرھاد، بۇ مەنبەنىڭ بايانىچە، شىرىننى يارىتىپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىسۇتۇن تېغىنى
كېسىپ، مۆجىزىلىك ئىشلارنى قىلغانىكەن. بۇ شۈبھىسىز، خۇسراۋ ۋە شىرىن تارىخى
ۋاقىئاتىغە قوشۇلۇپ بېرىپ، ئەنئەنىۋى سۇژېتنى يېڭى ئابىدە تەرەپكە راۋاجلاندۇرغان.
ئىككىنچى مەلۇمات شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، «ھەزرەتى رىسالەت (مۇھەممەت پەيغەمبەر)
«خۇسراۋ ۋە پەرۋىزگەدىن ۋە ئىسلام دۆلىتىگە دالالەت قىلىپ، نامە يېزىپ ئادەم ئەۋەتىدۇ.
ئۇ مۇزەخرەفات غۇرۇرىدىن ئۇ ھەزرەتى مۇبارەكىنىڭ نامەسىنى يىرتىپ ۋە ئىتائەت قىلمىدى»
(دەرھەقىقەت ئاخىرقى سامسانىيلاردىن بولغان خۇسراۋ پەرۋىز ئىسلامنى قوبۇل قىلىش
تەكلىپىنى رەد قىلىپ، زەردۇشتىيلىككە سادىقلىقىچە قالغان) خۇسراۋ پەرۋىز بابى شىرۇيە
تەرىپىدىن خۇسراۋنىڭ قەتل قىلىنغانلىق بايانى بىلەن تاماملىنىدۇ.
«تارىخى مۇلۇكى ئەجەم» ئەلىشىر نەۋائىنىڭ خۇسراۋ پەرۋىز تارىخى بىلەنمۇ، ئۇنىڭ

توغرىسىدا يارىتىلغان رىۋايەت ۋە ئەپسانىلەر بىلەنمۇ يېقىندىن تونۇش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

شۈبھىسىزكى، يازما مەنبەلەردىن تاشقىرى خۇسرەۋ ۋە شىرىن (ياكى فەرھاد ۋە شىرىن) ھەققىدە خەلق ئېيتىپ كېلىۋاتقان قىسسە، ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك - تۈمەن ۋارىيانتلىرىمۇ بار ئىدى. نەۋائى يازما مەنبەلەر بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئېغىزدا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان قىسسە، ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر (ياكى ئۇلارنىڭ بىر قىسمى) بىلەنمۇ تونۇشقان. نەۋائىنىڭ تۈرلۈك - تۈمەن قىسسە، ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر بىلەن تونۇشقانلىقىغا ئۇنىڭ لىرىكىسىدىكى ئايرىم مىسرالارمۇ گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بىرنەچچە مىسال كەلتۈرىمىز:

كۆپ ئوقۇدىم ۋامىقۇ فەرھادۇ مەجنۇن قىسسەسىن،
ئۆز ئىشىمدىن بۇل-ئەجەبراق داستانى تاپمادىم.
(«غەرايىبۇس - سىغەر» دىن)

بادەئى گۈلگۇن كېتۇركىم، شامى ھىجران مەن كىبى،
يۈز تۈمەن فەرھادنى پەست ئەيلەگەن شەبدىز ئېرۇر ...
ھىيلە ئاجىزلىقدىن ئەيلەر ئاشىق، ئاڭلا، ئەي كۆڭۈل،
كىم زەبۇنراق ئىشق ئەرا فەرھاددىن پەرۋىز ئېرۇر.
(«نەۋادىرۇش - شەباب» دىن)

ئېرۇر مەزلۇمۇ زالىم قەتلى ئىشق ئالدىدا كۆپ ئاسان،
ئەگەر فەرھاد ئۆلدى، قەتل تاپماي قالدىمۇ پەرۋىز.
(«نەۋادىرۇش - شەباب»)

ئىشق ئەرا ئەئجىزىنى كۆرگىلكى، ئۆلەرگە فەرھاد،
خەسمى فەرتۇت تىلىق ئەيلەدى پەرۋىزقىلىچ.
(«بەدايىئۇل - ۋەسەت» دىن)

بىسۇتۇن فەرھاد قەبرىدۇر قىزارغان لالەدىن،
يا ئانىڭ قانىدىن ئۆلمىش تۇفراغى ھەريان قىزىل.
(«بەدايىئۇل - ۋەسەت» دىن)

قىلىپ فەرھادۇ مەجنۇن ئىشق ئوتىنى شەرھ، ئەي راۋىي،
بولۇپ گەرمى تەكەللۇم فارىغ ئۆلمىشسەن ئەگەر مەندىن.
(«بەدايىئۇل - ۋەسەت» دىن)

بۇ پارچىلاردا «خۇسرەۋ ۋە شىرىن» ياكى «فەرھاد ۋە شىرىن» تۈركۈمىگە مەنسۇپ بىر ئەمەس، بىرنەچچە قىسسە كۆزدە تۇتۇلىۋاتقانلىقى روشەن. «مەھبۇبۇل - قۇلۇب»نىڭ ئىككىنچى قىسمى 6 - بابىدا «مۇقبىل ۋە مۇدبىر» ھېكايىسىنىڭ خۇسرەۋ پەرۋىز بىلەن باغلىقلىقىمۇ شۇنى كۆرسىتىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، نەۋائى زامانداشلىرىنىڭ ئەسەرلىرى، جۈملىدىن، ئابدۇراخمان جامىينىڭ «خىرەدنامەئى ئىسكەندەر» داستانىدىكى خۇسرەۋ پەرۋىز ۋە بېلىقچى ياكى زامانداشى مەۋلانا فەخرىددىن ئەلى سەفىينىڭ «لەتايىفۇت - تەۋائىف» كىتابىدىكى پەرۋىز ۋە مۇنەججىم، پەرۋىز ۋە قۇل ھېكايىلىرى ھەمدە باشقىلارنى كۆزدە تۇتساق، نەۋائى دەۋرىدە خۇسرەۋ ۋە شىرىن (ياكى فەرھاد ۋە شىرىن) ھەققىدە مۇرەككەپ سۇژېتلىق يىرىك قىسسەلەردىن تاشقىرى، كىچىك، ئايرىم بىر ئېپىزوتتىن ئىبارەت ھېكايە-تەمسىللەرمۇ كەڭ تارقالغانلىقى روشەن بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئەلىشىر نەۋائى ئىختىيارىدا كۆپ ۋە خىلمۇخىل مەنبە، ماتېرىيال ۋە
مەلۇماتلار بار ئىدى. ئۇلار شائىرنى تارىخ سەرچەشمىلەرگىلا ئەمەس، بەلكى خەلق ئىجادىيىتى
سەرچەشمىلىرى تەرەپكىمۇ باشلايتتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، خەلق ئىجادىيىتىگە خاس رومانتى-
كا، فانتازىيە، خىيالات، پەۋقۇلئاددىلىق، مۇبالىغە ۋە باشقىلار ئەلىشىر نەۋائىغا ئىجادىي
ئەركىنلىك بېرىپ، ئۇنى بىرەر (ياكى بىرنەچچە) مەنبەگە باغلىنىپ قېلىش «مەھدۇد»
(چەكلىنىش) لىقىدىن خالاس ئېتەتتى. خەلق ئىجادىيىتىنىڭ ئۆزى بۇ ئىبارىدە ساۋاق
بولاتتى. ئەسلىدە: بىرەر مەنبەگىلا باغلىنىپ، ئۇنىڭ دائىرىسىدە قېلىش نەۋائىغا «فەرھاد
ۋە شىرىن» دە ئۆز ئالدىغا قويغان زور مەسىلە ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىمكانىيىتى
بەرمەيتتى. نەۋائىنىڭ تارىخقا، پاكىتلارغا، بەدىئىي ئەنئەنىلەرگە، جۇملىدىن، خەلق ئىجاد-
يىتىگە مۇناسىۋىتى مانا شۇ تەرىقىدە ئىدى.

ئەمدى «فەرھاد ۋە شىرىن» دىكى ئەنئەنىۋى ئوبرازلارغا ئۆتەيلى. بۇ بىرىنچى نۆۋەتتە
خۇسرەۋ پەرۋىز ئوبرازىدۇر. تارىخىي شەخس — خۇسرەۋ پەرۋىز بۇ ئوبرازنىڭ ۋۇجۇدقا
كېلىشىدە پروئوبراز بولۇپ خىزمەت قىلغانلىقى مەلۇمكى، خۇسرەۋ پەرۋىز تارىخ ساھەسىدىن
ئەدەبىيات ئالىمىگە ئۆتۈشى بىلەن بارغانسېرى تارىختىن يىراقلاشتى، ئۆز تارىخى نېگىزىنى
ئۆزگەرتىپ باردى. بۇ خۇسرەۋ ھەققىدە يارىتىلغان يازما ئەدەبىياتتىكى دەسلەپكى يىرىك
ئەسەر فىردەۋسى داستانىغىمۇ تەئەللۇقدۇر. ئۇنىڭ «شەۋكەتلىك ۋە ئاشىق خۇسرەۋ» ى
تارىختىكى خۇسرەۋ پەرۋىزنىڭ ئەينەن ئۆزى ئەمەس. شۇ مەنىدە نەۋائى تارىختىن يەنىمۇ
«يىراقلىشىدۇ» ، ئەمما ئۇ ئۆز دەۋرى تارىخىغا يېقىنلىشىدۇ. «ئادالەتلىك پادىشاھ» غايىسىنى
ئالغا سۈرگەن ئۇلۇغ شائىر ۋە مۇتەپەككۇر شىرىن ۋاستىسىدە خۇسرەۋنى «قايتا تەربىيىلەپ» ، ئۇنى
ئاقىل ۋە ئارىف شاھ، سادىق ۋە ۋاپادار ئاشىققا ئايلاندۇرىدۇ. نىزامى خەلق ئارزۇسى ۋە
خىيالىدىكى ئادىل پادىشاھ ئوبرازىنى ياراتقانىدى. بۇ ئوبرازنى يارىتىشتا ئۇ ئەنئەنىۋى
ماتېرىياللار بىلەن بىللە خەلق چۆچەكلىرى ۋە قىسسىلىرىدىكى «ئادالەتلىك پادىشاھلار»
ئوبرازىدىنمۇ ئىلھاملانغانلىقى شۈبھىسىز.

نەۋائى بولسا خۇسرەۋدىن تېخىمۇ يىراقلىشىپ كېتىدۇ. ئۇ مەقسىتىنى ئارزۇ - تىلەك-
لىرىنى ۋە خىيالىنى ئەمگەكچان ۋە ئىجادكار پەرھاد ئوبرازىدا مۇجەسسەملەشتۈرىدۇ. بۇ
خۇسرەۋ قىياپىتى ۋە ئۇنىڭغا بولغان مۇناسىۋىتىنى تامامەن ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. فەرھاد —
ئېزگۈلۈك ئالىمىنىڭ، خۇسرەۋ — يامانلىقنىڭ باش تىمسالىدۇر. بۇ باش كونفلىكت
ئەمدى شىرىنىنىڭمۇ خۇسرەۋگە بولغان مۇناسىۋىتىنى تامامەن باشقىچە قىلىۋېتىدۇ. ئۇ خۇس-
رەۋنى سۆيۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى پۈتۈن قەلبى بىلەن ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدۇ ... نەۋائى
داستانىدا خۇسرەۋ ئۆز ئەسلىدىن (تارىخىي خۇسرەۋ پەرۋىزدىن) شۇ قەدەر يىراقلىشىپ
كېتىدۇكى، ئايرىم دېتاللارنى (نام، شىرويە ۋەقەسى ۋە باشقىلارنى) مۇستەسنا قىلغاندا،
گويا ئۇنىڭ بىلەن قەدىمكى تارىخنىڭ ھەممە يىپلىرى ئۈزۈلگەندەك، نەۋائىدىكى خۇسرەۋ
ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەردىكى ئەنئەنىۋى خۇسرەۋ ئوبرازىدىنمۇ يىراق. يىراقلا ئەمەس، ھەتتا
قارىمۇ قارشى، لېكىن ئۇ گويا خەلق چۆچەكلىرى ۋە قىسسەلىرىدىكى «بار ئىكەنۇ، يوق
ئىكەن، بىر زالىم پادىشاھ بولغانىكەن» ... تەرىقىدە ئونلاپ، يۈزلەپ زالىم پادىشاھلارنىڭ
يىغىنچاقلانغان ئوبرازىدۇر. دېمەك، نەۋائى كونكرېت بىرنەچچە ئەپسانە ۋە رىۋايەتتىن يىراقلا-
شقان بولسىمۇ، خەلق ئىجادىي روھىدىن يىراقلاشمىدى، ئۆز خۇسرەۋنى قىسسىدىن -
قىسسىگە ئۆتۈپ خەلق قاغاپ، لەنەتلەپ كەلگەن شاھ تەرىقىسىدە يارىتىدۇ. «ئەندىزى» نى
خەلقتىن ئالىدۇ. نەۋائى داستانىنىڭ غايىۋى - ئېستېتىك ماھىيىتى، يۆنىلىشى ۋە مەقسىتى

شۇنى تەقەززا قىلىدۇ.

شىرىن ئوبرازىمۇ مۇرەككەپ تەرەققىيات يولىنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇ دەسلەپ خەلق ئىجادىدىن، كېيىن يازما ئەدەبىياتتىن كەڭ ئورۇن ئالدى. دەسلەپكى ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەردە شىرىننىڭ پائالىيىتى ئاساسەن خۇسرەۋ بىلەن باغلىق بولۇپ، ئۇ گۈزەل ۋە ساداقەتلىك ئايال سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. كېيىنرەك ئۇ فەرھاد، شامىرە، بىسۇتۇن ۋە باشقىلار بىلەن بىللە ئۆسۈپ تاكامۇللىشىدۇ. شىرىن خەلق ئىجادىيىتىدىن يازما ئەدەبىياتقا ئۆتىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى شىرىن ھەققىدىكى تارىخىي - رىۋايى مەنبە ۋە ئەنئەنىلەر بىلەن يېقىندىن تونۇش ئىدى. بۇنىڭغا خۇسۇسەن «تارىخى مۇلۇكى ئەجەم» دىكى مەلۇماتلار ئېنىق دەلىل بولالايدۇ. نەۋائى ئەنئەنىۋى مەلۇمات، رىۋايەت ۋە ئەپسانىلەردىن پايدىلىنىش بىلەن بىللە، داستاننىڭ يېڭى غايىۋى - ئېستېتىك ماھىيىتى، پىلانى، ۋەقەلەر ۋە ئوبرازلار سىستېمىسى مۇناسىۋىتى بىلەن ئەنئەنىۋى شىرىندىن چېكىنىدۇ. ئۇنىڭ شىرىنى رىۋايەت ۋە ئەپسانىلەردىلا ئەمەس، بەلكى خەمسىلەردىكى ئەنئەنىۋى شىرىن ئوبرازىدىنمۇ چوڭ پەرق قىلىدۇ. ئۇ خۇسرەۋنىڭ لايىقى ئەمەس، بەلكى ئەمگەكچان ۋە ئىجادكار فەرھادنىڭ سۆيۈملۈك يارى، ئۇ «سۈت ئېرىقى» نىڭ ئەمەس، (بۇ شىرىننىڭ مەنىۋى ئالىمىنى خېلىلا چېگرىلاپ قويغانىدى) ، بەلكى ئەل - يۇرتىغا «ھايات» ۋە «نىجاد» بېغىشلىغان («نەھرۇل - ھايات» ۋە «بەھرۇن - نەجات» نىڭ تەشەببۇسكارلىرىدىن ئىدى. خەلق ئەپسانىلىرىنىڭ كۆپچىلىكىدىمۇ شىرىن پائالىيىتىنى سۇ بىلەن، ئۆستەڭ قېزىش بىلەن باغلايدۇ.) شىرىن خەلق ئەپسانىسىدىكى مۆجىزە يارىتقۇچى، جاسارەتلىك ۋە ئەقىللىق قىزلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. نەۋائى شىرىنى بىلەن ئارىف ئەردەبىلى داستانىدىكى شىرىن ئوبرازى بىر - بىرىگە خېلى يېقىنراقتۇر. بۇ نەۋائىنىڭ ئارىف داستانى بىلەن تونۇش بولۇش - بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، خەلق ئىجادىيىتىدە شىرىن ھەققىدە قەدىمرەك ئەنئەنىۋى رىۋايەت ۋە ئەپسانىدىن پەرق قىلغۇچى يېڭى ئەسەرلەرمۇ ۋۇجۇدقا كەلگەن. نەۋائىمۇ، ئارىفمۇ شۇنداق ئەسەرلەردىن ئىلھاملىنىپ، ئۇلاردىن ئىجادىي پايدىلانغان، دەپ پەرەز قىلىشقا ئىمكان بېرىدۇ.

شىرىن نامى بىلەن باغلىق بولغان نۇرغۇنلىغان رىۋايەت ۋە ئەپسانىلەر بار. قەھرىماننى ئۆز ئەل - يۇرتى بىلەن باغلاپ كۆرسىتىش خەلق ئىجادىغا خاس ئەنئەنىلەردىن بىرىدۇر. شۇ ئەنئەنىلەرگە مۇۋاپىق شىرىن خەلق ئىجادىيىتىدە تۈرلۈك ئەل - يۇرتقا مەنسۇپ قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئايرىم يېزىلار، بىنالار، شۇنىڭدەك سايلار، بۇلاقلار ۋە باشقىلار ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. ئەمما، شۇ ناملار ئاساسىدا شىرىن «تارىخى» نى تىكلەشكە ئىنتىلىش، شۈبھىسىزكى، پايدىسىز، نەتىجىسىز بولاتتى. چۈنكى شىرىن ئاللىقاچان يەككە شەخسلىكتىن چىقىپ ئوبرازغا، گۈزەللىك، ساداقەت، ئەقىل - پاراسەت تىمسالىغا، خەلقنىڭ سۇ ھەققىدىكى غايىسى ۋە ئارزۇسىغا مۇجەسسەملىشىپ، چەك - چېگرىسىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى.

فەرھادنى بىرىنچى نىزامى گەنجىۋى يازما ئەدەبىياتتا مۇكەممەل تىپىك ئوبراز سۈپىتىدە ئىشلەپ، «خۇسرەۋ ۋە شىرىن» نىڭ ئاساسىي ئوبرازلىرىدىن بىرىگە ئايلاندۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ فەرھاد خەمسىچىلىكنىڭ ئەنئەنىۋى ئوبرازى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەر، جۈملىدىن داستانلار ۋۇجۇدقا كەلدى. باشقا ئەسەرلەرنىڭ غايىۋى - بەدىئىي قىممىتىنى كەمسىتمىگەن ھالدا شۇنى دادىل تەكىتلەش لازىمكى، نەۋائىنىڭ فەرھادى — بۇ ئوبراز تەرەققىياتىنىڭ يۈكسەك چوققىسىدۇر.

فەرھادنى تارىخىي شەخس دەپ تەستىقلىغۇچى ياكى بۇنداق مۇلاھىزىلەرنى ئۇزۇل - كېسىل رەد قىلغۇچى ھۆججەتلەرگە ئىگە ئەمەسمىز. فەرھادنىڭ نامى دەسلەپ بىرەر كونكرېت

شەخس ــ تاش يونۇغۇچى ئۇستا بىلەن باغلىق ئىدى. ئېھتىمال، ئۇ بىسۇتۇن بىلەن ئالاقىدار بولۇپ، بۇ قىيا تاش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىرەر ئىشنى ئورۇندىغاندۇر. نەۋائى «تارىخى مۇلۇكى ئەجەم» دە خۇسرەۋ پەرۋىز ھەققىدە سۆزلەپ شىرىن ۋە فەرھادقا ئۆتۈش ئالدىدا «ۋەكىسرا تاقىن دەپتۇرلاركىم، يارىمچوق ئىردى. ئول تۆگەتتى» دەيدۇ. فەرھاد دارا زاماندا ئەمەس، خۇسرەۋ پەرۋىز دەۋرىدە ياشاپ، چالا قالغان «كىسرا تاقى» ئىشلىرىنى تاماملاشقا قاتناشقان بولۇشى ــ تارىخي زېمىنى ھەقىقي بولۇشى مۇمكىن[1]. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا فەرھاد قىيا تاشقا شىرىن خۇسرەۋ ۋە شەبدىز تەسۋىرىنى ئىشلىگەنىكەن.[2]

ئەمما پەرەزگە ئارتۇقچە بېرىلىش، فەرھاد نامى ۋە شەخسىنى قانداق بولمىسۇن تارىخقا باغلاشقا ئىنتىلىش سۈنئىي ۋە پايدىسىز بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى فەرھاد دېگەندە بىر مۇرەككەپ تارىخي تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتكەن بەدىئىي ئوبرازنى كۆزدە تۇتىمىز. ئۇنىڭ بەدىئىي ئوبراز سۈپىتىدە شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا، كۆپچىلىك تەتقىقاتچىلار ئېيتقاندەك، خەلق ئىجادىيىتى، مىفولوگىيە، بەدىئىي فانتازىيە ئاساس بولغاندى. فەرھاد [3] مۆجىزە يارانتقۇچى ئەپسانىۋى قەھرىمان. ئۇ تاغلارنى يۆتكەپ، قىيالار ياسايدۇ، يول ياساپ، ئۆستەڭ قازىدۇ. قەسىر قۇرىدۇ، ئۇ هارماس پالۋان، ھېچكىم، ھەتتا دىۋە ۋە ئەجدىھامۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدۇ ... شۇ تەرەپلىرى بىلەن فەرھاد خارەزمدىكى «دىۋە قەلئە» قەھرىمانىغىمۇ باشقا [4] بىرمۇنچە قەھرىمانلارغىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما، فەرھادنى ئالاھىدە ئېلىنىدىغان بىر ئەسەر بىلەنلا باغلاش ۋە بولۇپمۇ چېگرىلاپ قويۇش مۇمكىن ئەمەس. فەرھاد ــ زور بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ مەھسۇلى. ئۇ تىپىكلەشتۈرۈلگەن ئوبراز، ئارزۇ ۋە خىيالدىكى قەھرىمان، نەۋائىنىڭ قەھرىمانىمۇ ئەنە شۇنداق. ئۇ «فەرھاد ۋە شىرىن» دىكى باشقا ئوبرازلارغا قارىغاندا، خەلق ئىجادىيىتىگە، خەلق قەھرىمانلىرىغا يەنىمۇ يېقىن. ئۇ بەك مۇرەككەپ ۋە ھالاكەتلىك سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن. دېڭىز توپانى ۋە قاراقچىلارنى يېڭىدۇ. دىۋە ۋە ئەجدىھانى رەسۋا قىلىدۇ. ئىسكەندەر تىلسىمىنى ئاچىدۇ، جەمشىد جامى ۋە سۇلايمان ئۈزۈكىنى قولغا كىرگۈزىدۇ. يىللار داۋامىدا مىڭلىغان كىشىلەر قىلالمىغان ئىشلارنى ئورۇندايدۇ. تاغ كېسىپ، مۆجىزىلەر كۆرسىتىدۇ ۋە باشقىلار. قىسقىسى، نەۋائى فەرھادى ھەم بىۋاستە، ھەم ۋاستىلىك ھالدا خەلق ئىجادىيىتى، فولكلور بىلەن باغلىنىدۇ. ئۇمۇ شىرىندەك بىر ئەمەس بىر نەچچە خەلقنىڭ قەھرىمانىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، تۈرلۈك گېئوگرافىك ناملار ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدۇ.[5]

شىرىن ئوبرازى قىسىسگە فەرھادقا ئوخشاش مېھىنبانۇنىمۇ ئېلىپ كىردى. مېھىنبانۇ ھەققىدىكى ئەپسانىلەر دەسلەپ مىدىيە - سۇرىيە زېمىنىدە ۋۇجۇدقا كەلدى، ئۇ مىدىيە -

---

① بەلئەمىي مەلۇماتلىرىمۇ بۇنىڭغا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

② ب. دېنىكى: сюжет Низами Гянджави В искусстве. Низами Гянджави. Четвертый том. باكۇ 1947 - يىل نەشرى

③ بۇ ھەقتە س. ئەركىنوۋنىڭ يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان ئەسىرىگە (24 - ۋە كېيىنكى بەتلىرىگە) قارالسۇن.

④ س. تولستوۋ. «قەدىمكى خارەزم مەدەنىيىتىنى ئىزدەپ» تاشكەنت. 1964 - يىل. نەشرى، 31 - بەت.

⑤ فەرھادنىڭ چىن پەرزەنتى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىشى، قارشىمىزچە ئۇنىڭ نەققاشلىقى بىلەن مەشھۇر نەققاش مانىي ئەنئەنىلىرىگە باغلىق بولۇشى مۇمكىن.

سۈرىيە ئەپسانىلىرىدە سېمىرەمىدە دەپ ئاتالغان. سېمىرەمىدە سۈرىيەنىڭ ئەپسانىۋى شاھى. يۇنان يازغۇچىسى كېتسىينىڭ (مىلادىدىن بۇرۇنقى 5 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 4 - ئەسىرنىڭ باشلىرى) تەسۋىرىچە، سېمىرەمىدە مەئبۇد ئەستەرتىنىڭ قىزى بولۇپ، ياشلىقى كەمبەغەللىكتە ئۆتكەن. گۈزەللىكى سەۋەبىدىن بەختى ئېچىلىپ، بىر ئەمەلدارغا تەگكەن. سېمىرەمىدە باكتېرىيە بىلەن سۈرىيە جېڭىدە سۈرىيە شاھى نىنىغا ياخشى بىر مەسلىھەت بېرىپ، شۇنىڭ بىلەن شاھنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىغان، شاھ نىن ئۇنى ئەمرىگە ئالغانىكەن. نىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، سېمىرەمىدە سۈرىيە تەختىگە چىقىپ، ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئۇ مىسىر، ئېفىئوپىيە، ھىندىستان ۋە باشقا جايلارغا يۈرۈشلەر ئۇيۇشتۇرىدۇ. بابىلدا «ئاسما باغلار»، مىدىيەدە «سېمىرەمىدە باغلىرى» بەرپا قىلىپ، شان - شەۋكەتتە ياشايدۇ. سېمىرەمىدە ئۆز ئوغلى نىنىي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. رىۋايەتلەردىكى سېمىرەمىدە شۇنداق بولغانىكەن. بۇ ئوبرازنىڭ تارىخىي پروتوتىپى ئوغلى ئەرەر نېرەرى II (809 - 782) نىڭ بالىلىق چېغىدا مىلادىدىن بۇرۇنقى 809 - 806 - يىللىرىدا ھۆكۈمرانلىق قىلغان سۈرىيە ھۆكۈمدارى شەممۇرەمەتتۇر. سېمىرەمىدە قەدىمكى ئەدەبىياتتىن (جۈملىدىن ئوۋرىي ئېجادىيىتىدىن) ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئۇ باي ۋە ئۇلۇغۋار بولسىمۇ، لېكىن قاباھەتلىك دۆلەت باشلىقى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. قەدىمكى ئەرمەن ئەپسانىلىرىدە سېمىرەمىدە «شەمىرەم» نامى بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ.

دېمەك، مېھىنبانۇ ئوبرازىنىڭ يىلتىزلىرى قەدىمكى سۈرىيە تارىخى، سۈرىيە - مىدىيە ئەپسانىلىرىغا بېرىپ تاقىلىدۇ، ئۇ قەدىمكى ئەرمەن ئەپسانىلىرىدىن شەمىرەم نامى بىلەن ئورۇن ئالغان. بۇ ھالەت شەمىرەمنىڭ پەقەت ئەرمەن فولكلورىدىلا ئەمەس، بەلكى باشقا كاۋكاز خەلقلىرى فولكلورلىرىدىمۇ كەڭ تارقىلىشىغا زېمىن بولىدۇ. شەمىرەم فولكلوردىن يازما ئەدەبىياتقا ئۆتىدۇ. نىزامى گەنجىۋىي «خۇسرەۋ ۋە شىرىن» داستانى بىلەن خەمسەچىلىكنىڭ ئەنئەنىۋى ئوبرازىغا ئايلىنىدۇ. نىزامى ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئۆز داستانلىرىدا ئۇنىڭغا شەمىرە مېھىنبانۇ (ئۇلۇغ ساھىبە) دەپ نام بېرىدۇ، ئادالەتلىك، تەدبىرلىك، ئەل - يۇرتى ئۈچۈن پىداكار ھۆكۈمدار سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. نەۋائىي داستانلىرىدا ئۇ پائالىيىتى ۋە سۈپەت - خىسلىتى بىلەن خۇسرەۋغا قارىمۇقارشى قويۇلىدۇ.[1]

شۇنداق قىلىپ، خۇسرەۋ ۋە شىرىن (كېيىنچە فەرھاد ۋە شىرىن) ھەققىدىكى بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ پەيدا بولۇش يىلتىزى تارىخقا، ساسانىي شاھلىرىدىن خۇسرەۋ پەرۋىز ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى شىرىنغا بېرىپ تاقىلىدۇ. خۇسرەۋ ۋە شىرىن تارىختىن خەلق ئەپسانىسى ۋە رىۋايىتىگە ئۆتۈپ، سۆيگۈ ۋە ساداقەتنىڭ ئۆلمەس ئوبرازىغا ئايلىنىدۇ. رىۋايەت ۋە ئەپسانىلەر قەدىمكى مىفولوگىيە ۋە كېيىنكى يېڭى ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر بىلەن قوشۇلۇپ، مۇرەككەپ سۇژېت ۋە كومپوزىتسىيە، زور ئوبرازلار تۈركۈمىگە ئىگە بولغان يىرىك قىسسىلەر ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. بۇلار يازما ئەدەبىياتتا «خۇسرەۋ ۋە شىرىن» (ياكى «فەرھاد ۋە شىرىن») ھەققىدە زور ئابىدىلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە زېمىن تەييارلايدۇ. نىزامىي داستانى بىلەن ئۇ خەمسەچىلىكنىڭ ئەنئەنىۋى ئەسىرىگە ئايلاندى، نەۋائىينىڭ «فەرھاد ۋە شىرىن»ى بولسا كۆپ

---

[1] مېھىنبانۇ كۆپلىگەن ئىلمىي ۋە ئىلمىي - ئاممىباب ئەسەرلەر ۋە ئايرىم دەرسلىكلەردە ئېيتىلغاندەك، شىرىننىڭ ھاممىسى ئەمەس، بەلكى كىچىك ئاپىسىدۇر. نەۋائىي مېھىنبانۇ تەرىپىنى سۆزلەپ كېلىپ شىرىنغا ئوتۇپ: «جاھاندىن خاتىرە ئازادەسى بار، كى بىر گۈلمىھرە خاھەرزادەسى بار.» — دېدى. («خەمسە»)

ئەسرلىك ئەدەبي تەجربە ۋە ئەنئەنىلەر تەكەممۇلىدا يېڭى، يىرىك ھادىسە بولدى.

* *

نەۋائى ئۆز كەسپداشلىرىنىڭ ئىستبدادى ۋە ئىجادي ئۇتۇقلىرىغا دائم يۇكسەك باھا
بېرىدۇ. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە كەسپداشلىرى تەرىپىدىن خۇسرەۋنىڭ ئىجابي قەھرىمان
سۈپىتىدە تەئرىپ ۋە تەۋسىپ قىلىنىشى نەۋائىنىڭ قاتتىق ئېتىرازىنى قوزغايدۇ. نەۋائى
كەسپداشلىرىنىڭ ئىزى بىلەن ماڭمايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىشقتا تۇراقسىز، شەخسىيەتچى
ۋە مەئىشەتپەرەس خۇسرەۋ مەدھىيىگە لايىق ئەمەس. خۇسرەۋ قىلمىشلىرىغا لايىق جازالىن-
شى، ئۇنىڭغا تەمسىل قىلىپ تۇرۇپ، زالىم، شەخسىيەتچى پادىشاھلار شەپقەتسىز پاش
قىلىنىشى لازىم. خۇسرەۋ ۋە خۇسرەۋلارغا قارشى ئىنساننىڭ ئەڭ ئالىي پەزىلەتلىرىنى ئۆزىدە
ئىپادىلەيدىغان كامىل كىشىلەر ئوبرازىنى، خۇسرەۋلەر دۇنياسىغا قارشى ئىنسانىيەتنىڭ
ئەسىرلەردىن بۇيانقى ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئىپادىلىگەن يېڭى دۇنيانى يارىتىش كېرەك.

نەۋائى شۇ ئاساستا پۈتۈنلەي يېڭى داستان يارىتىشقا كىرىشىدۇ. ئۇنىڭ «فەرھاد ۋە
شىرىن» داستانى دەۋرنىڭ، ئىنسان ۋە ئىنسان پائالىيىتىنىڭ خىلمۇ خىل مەسىلىلىرىنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئوتتۇرا ئەسىردە گۇمانىزمنىڭ ئەڭ قەدىمي قاراشلىرى ۋە ئارزۇ
ئىنتىلىشلىرىنى ئىپادىلىگەن بىر داستان سۈپىتىدە ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. داستاننىڭ باش تېمى-
سى سۆيگۈدۇر. بۇ سۆيگۈ ئىنساننىڭ ئىنسانغا بولغان سۆيگۈسىدۇر. ئۇ سەممىمي ۋە ساپ
سۆيگۈدۇر. ئۇ ئىنساننىڭ ئالىيجاناب سۈپەت ۋە پەزىلەتلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرىدۇ،
ئەمگەك ۋە ئىجادكارلىقتا، ۋەتەن - خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە
قەھرىمانلىقتا ۋايىغا يېتىدۇ. كۆرەش ۋە سىناقلاردا تاۋلىنىپ، چېنىقىپ بارىدۇ. ھېچقانداق
توسالغۇ، مۇدھىش ياكى شۇم ھەيۋە بۇ سۆيگۈنى يېڭەلمەيدۇ، ئۇنى چېكىنىشكە مەجبۇر
قىلالمايدۇ. مانا شۇنىڭغا لايىق بۇ سۆيگۈ كەڭ ئىجتىمائىي، سىياسي ۋە پەلسەپۋى ماھىيەتكە
ئىگە بولغان، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە خەلىقچىللىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە قەھرىمانلىق، ئەمگەك-
چانلىق ۋە ئىجادكارلىق بىلەن چىڭ باغلانغان سۆيگۈدۇر. نەۋائى سۆيگۈ، ساداقەت، ئەمگەك-
چانلىق، ئىجادكارلىق، دوستلۇق، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە قەھرىمانلىق قاتارلىق پىكىر - ئويلار-
نى، ئارزۇ - ئۈمىدلەرنى، خۇسۇسەن، داستاننىڭ باش قەھرىمانى فەرھاد ئوبرازىدا مۇجەس-
سەملەشتۈرىدۇ.

يارىب جان مۇسھەفىدىن ئىككى ئايەت،
دەبان فەرھادۇ شىرىندىن ھېكايەت.

دېگەن شائىر ئۆز داستانىغا «فەرھاد ۋە شىرىن» نامىنى بېرىدۇ.

* *

مەلۇمكى، ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى «خۇسرەۋ ۋە شىرىن» داستانىنى رەسمىي يىلنامە
ماتېرىياللىرى ۋە ئەپسانە ھەمدە رىۋايەتلەر ئاساسىدا يارىتىپ، ساسانىي خۇسرەۋ پەرۋىزنىڭ
شان - شەۋكىتىنى ئۇلۇغلىغانىدى. ئۇنىڭ داستانىدا كېيىنكى داستانلاردا مەۋجۇد بولغان

باشقا بىر قاتار ئوبرازلار (مېھىنبانۇ، شاپۇر ۋە باشقىلار) دەك فەرھاد ئوبرازىمۇ يوق ئىدى. قارىغاندا، تېخى خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدە فەرھاد ئوبرازى يارىتىلمىغان ياكى كەڭ تارقالمىغانىدى.[1] ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «خۇسرەۋ ۋە شىرىن» خەلققە، خەلقنىڭ ئارزۇ- ئىنتىلىشلىرىگە يېقىنلىشىپ بارىدۇ. شۇ ئاساستا فەرھاد ئوبرازى شەكىللىنىشكە باشلايدۇ. ھەرقايسى خەلقلەردىكى فەرھاد نامى بىلەن باغلىق بولغان ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر ھەمدە يازما ئەدەبىيات نامايەندىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە فەرھاد نامىنىڭ بايان قىلىنىشى بۇ ئوبرازنىڭ خېلى قەدىمىي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۈبھىسىز، نىزامى «خۇسرەۋ ۋە شىرىن» داستانىنى يېزىشقا كىرىشكەندە، مانا شۇنداق ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەردىنمۇ پايدىلىنىدۇ. ئۇ بىرىنچى بولۇپ، يازما ئەدەبىياتقا پەرھادنىڭ ئېپىك ئوبرازىنى ئېلىپ كىرىدۇ. بۇ ئوبراز داستاننىڭ غايىۋى - بەدىئىي قىممىتىنى، ئۇنىڭ خەلقچىللىقىنى ئاشۇرىدۇ. بىراق، نىزامى داستانىدا بۇ ئوبراز باش قەھرىمان دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمەيدۇ.

نەۋائى داستانىدا بولسا پۈتۈنلەي باشقىچە مەنزىرىنى كۆرىمىز. نەۋائى داستانى فەرھاد بىلەن (ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن) باشلىنىدۇ. فەرھاد بىلەن (ئۇنىڭ ۋاپاتى بىلەن) تاماملىنىدۇ. نەۋائى فەرھادنىڭ پۈتۈن ھاياتى ۋە كۈرەش يوللىرىنى ھېكايە قىلىدۇ. ھەممە مەسىلىلەر فەرھادنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتى ئاساسىدا تۇغۇلىدۇ ياكى فەرھادقا كېلىپ باغلىنىدۇ. دېمەك، فەرھاد مۇكەممەل ئېپىك ئوبراز دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ ھالەت ئەينى زاماندا ئەسەرگە شېئىرىي رومان تۈسىنى بېرىدۇ.

فەرھاد بالىلىق چېغىدىلا ئەجايىپ خىسلەتلەرگە ئىگە ئىدى. ئۇ بەك ئەقىللىق، زېرەك بالا بولۇپ ئۆسىدۇ:

ئەجەبدۇر ئۈچ ياشىدا كۆزگە ئەتفال،
نېچۈككىم ئون ياشىدا ئۆزگە ئەتفال.
قالىپ بۇ ئىشدە ئەل ھەيرانى ئانىڭ،
سىپېھرۇ مىھر سەرگەردانى ئانىڭ.
ئاتا بۇ نەۋئى كۆرگەچ ئىش ھېسابىن،
مۇناسىب ئاڭلادى ئىلم ئىلتىسابىن.
كېتۈردىلەر ھەكىمى نۇكتەدانى،
بىلىك بىرلە جەھان ئىچرە جەھانى ...
قايۇ ئىلىمكى يوق ئاندىن نىھانراق،
ئانىڭ قاشىدا يوق ئاندىن ئەيانراق.

فەرھاد زور ھەۋەس بىلەن ئوقۇدى، تەبىئەت، ماتېماتىكا، لوگىكا ۋە باشقا پەنلەرنى ئۆگەندى. كۆپ ئۆتمەي بىر قاتار بىلىملەرنى ئىگىلەپ، ئۆز قابىلىيىتىنى ۋە تالانتىنى ئاشۇردى.

ئەگەر بىر قاتلا كۆردى ھەرسەبەقنى،
يەنە ئاچماق يوق ئېردى ئول ۋەرەقنى.
نې سۆزنىكىم، ئوقۇپ كۆڭلىگە يازىپ،
دېمە كۆڭلىگە، جان لەۋھىغە قازىپ.
ئوقۇپ ئۆتمەك، ئوقۇپ ئۆتمەك شىئارى،
قالىپ يادىدا سەفھە - سەفھە بارى ...
جەھاندا قالمادى ئول يەتمەگەن ئىلم،
بىلىم تەھقىقىنى كەسب ئەتمەگەن ئىلىم.

---

① 10- ئەسىر تارىخچىسى بەلئەمىي ئۆز ئەسىرىدە فەرھاد نامىنى بايان قىلغانىدى. بىراق، بۇ نام ئى. ئە. بېرتېلىس تەكىتلىگەندەك كىتابقا كېيىنرەك كىرىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

فەرھاد ئەقلىي تەربىيە بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئۇ جىسمانىي ۋە ھەربىي مەشغۇلاتلار بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، چېنىقىشقا باشلايدۇ. سۇ ئۈزۈش، چەۋەندازلىق، قىلىچۋازلىق ۋە باشقىلارمۇ ئۇنىڭ كۈندىلىك مەشغۇلاتى ئىدى. ئون يېشىدا ئۇنىڭدا يىگىرمە ياشلىق يىگىتلەرنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى بار ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي كۈچ - قۇۋۋىتى، ماھارىتى بىلەن كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدۇ، فەرھادنىڭ پەزىلەتلىرى ئىنساننىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن كۈرەشتە راۋاجلىنىپ، مۇكەممەللىشىدۇ.

فەرھاد بەكمۇ كەمتەر. شاھزادىلىق، ئاتىسىنىڭ بايلىقى ئۇنى مەھلىيا قىلالمايدۇ. ئۇ ئۆزىنى ئاددىي كىشىلەرنىڭ بىرى دەپ ھېسابلايدۇ ۋە مەزلۇم خەلقنى چىن كۆڭلىدىن سۆيىدۇ.

ھەم ئۇل ئىلمى بەلەند، ئاۋازە بىرلە،
بۇ يەڭلىغ زورى بىئەندازە بىرلە.
ئۆزىن ئەبجەد ئوقۇر ئەلدىن تۇتۇپ كەم،
دېمە دانىشكى، زورى دەست ئىلە ھەم.

ئاڭا تەڭ پادىشالىق تا گەدالىك،
گەدالىككە تەڭ ئەتمەي پادىشالىك.
دېمەن ھەم كۆڭلى پاكۇ ھەم كۆزى پاك،
تىلى پاكۇ سۆزى پاكۇ ئۆزى پاك.

فەرھاد دەردمەنلەرنىڭ دەردىگە مەلھەم بولۇشقا ئىنتىلىدۇ، ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆز مەنپەئىتىدىن يۇقىرى قويىدۇ.

بىراۋكىم زار يىغلاپ، يىغلاپ ئول زار،
تاپىپ كۆڭلى ئەل ئازارىدىن ئازار.
چىقارىب سوزلۇق سۆز باشىدىن دۇد،

ساۋۇغ ئاھ ئەيلەپ ئاھىن ئاتەش ئالۇد.
بولۇپ ئەل ئەندۇھىدىن كۆڭلى غەمناك،
ياقا چاكىن كۆرۈپ، كۆكسىن قىلىپ چاك.

شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقمۇ فەرھادنى سۆيىدۇ، ئۇنىڭ دەرد - ئەلەمىدىن ئەلەم چېكىدۇ، شادلىقى بىلەن خۇش بولىدۇ.

فەرھاد ئۇسۇپ - يېتىلگەنسېرى ئۆز ئىشلىرىدىن قانائەتلەنمەي قالىدۇ. ئۇ قانداقتۇر ئۇلۇغ ئىشلارغا قول سېلىشقا، كىشىلەرنىڭ بەختى ئۈچۈن كۆپرەك خىزمەت قىلىشقا ئىنتىلىدۇ. خاقان فەرھادنى خۇش قىلىش ئۈچۈن يىلنىڭ تۆت پەسلىگە ماس قىلىپ، تۆت قەسىر قۇرۇشقا باشلايدۇ. فەرھاد بۇ قەسىرلەر ئۇنىڭ ئۆزىگە قۇرۇلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇستىلارنىڭ ھۈنىرى ۋە سەنئىتىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن قۇرۇلۇش ئىشىنى كۆزىتىدۇ ۋە بىناكارلىقنى ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئالدىغا قويىدۇ. مېمار مانىي، نەققاش بانىي ۋە تاش يونىغۇچى قارۇن بىلەن دوست بولىدۇ. ئۇ ئۇستىلارنىڭ ھۈنىرىنى ئىشتىياق بىلەن كۆزىتىدۇ ۋە ئۆگىنىدۇ:

ئانىڭدېك قىلدى خارە يونماغىن ۋىرد،
كى يۈز قارۇن قاشىدە بولغاي شاگىرد.
قىلىپ بىر دەمدە ئانچە ئىش نىھانى،
كى قىلغاي ئۆزگەلەر بىر يىلدا ئانى.

قايۇ سۇرەتكى مانىي قىلدى تىمسال،
ئاڭا فەرھاد ئاچتى چېھرە، فىلھال.
بۇ ئىشنى داغى ئاز فۇرسەتدە قىلدى،
ئانىڭدەككىم كىم كىبرەكلىك ئېردى، بىلدى.

خاقان ئوغلىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تاج - تەختىنى تەقدىم قىلدى. لېكىن

فەرھادنى تاج ـ تەخت قىزىقتۇرالمىدى. ئۇ شۇنداق كۆپ ئىلىم ۋە ھۈنەرگە ئىگە بولۇشنى قارىماي، تېخى ئۆزىنى يېتەرلىك تەجرىبە ۋە ماھارەتكە ئىگە دەپ ھېسابلىمايتتى. دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن زور تەجرىبە ۋە تەدبىر لازىم دەپ بىلەتتى. بۇنىڭ بىلەن نەۋائى ئۆز دەۋرىدىكى شەخسىيەتچى، مەنسەپپەرەس شاھزادىلەرنى قاتتىق قارىلاپ، ئۇلارنى فەرھادتىن ئىبرەت ئېلىشقا ئۈندەيدى. نەۋائىنىڭ فەرھادنى شاھزادە قىلىپ ئېلىشىدىن ئەسلى مەقسىتىمۇ شۇ ئىدى[1].

شۇنداق قىلىپ، فەرھاد دەسلەپ بىلىملىك، ھۈنەرلىك، ئىجادكار ئادەم بولۇپ يېتىشىدۇ. ئۇ ئىلىم ۋە ھۈنەرنى ھايات بىلەن باغلايدۇ. كىشى ئۆز ئىلمى ۋە ھۈنىرىنى ئادەملەرنىڭ مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلدۇرۇشى لازىم، دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ خۇسۇسەن، فەرھادنىڭ ئەرمەنىستاندىكى پائالىيىتىدە روشەن كۆرسىتىدۇ. فەرھاد شىرىننى ئىزدەپ ئەرمەنىيىگە[2] بارىدۇ.

ئۇ تاغدا قانال قېزىش ئۈچۈن بەكمۇ قىينىلىپ ئىشلەۋاتقان مىڭلىغان كىشىلەرنى كۆرۈپ، ئۇلارغا ياردەم بېرىدۇ. ئۇلارغا باشلامچى بولۇپ ئىشلەيدۇ، مۆجىزىلەر كۆرسىتىدۇ.

چۇ كەيفىيەتنى مەئلۇم ئەتتى فەرھاد،
ئالار ھالىغە كۆڭلى بولدى ناشاد.
دېدى: بۇ نىچە مەزلۇمى ستەمكەش،
فەلەك بىدادىدىن بولغان ئەلەمكەش.

كى ۋەيرانلىغلەرىدە يۈز خەلەلدۇر،
ئەگەر قىلسام مەدەد ۋاقىئ مەھەلدۇر.
ھۈنەرنى ئاسرابان نېتكۈمدۇر، ئاخىر،
ئالىپ تۇفراققەمۇ كەتكۈمدۇر، ئاخىر؟!

بىلىم ۋە ھۈنەرنى ئىشقا سالغان فەرھاد، مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ ئەمگىكى ۋە مۇشەققىتىنى يېنىكلەشتۈرىدۇ.

كى ئۈچ يىلدا نې ئىش پۈتمىش سەراسەر،
ئۆزى بىر كۈندە قىلمىشدۇر بەرابەر.

ئانىڭ تىشەلەرىغە ھەر قەرا تاغ،
پىچاق ئالىندە ئەنداقكىم، سارى ياغ.

فەرھادنىڭ ئەمگەك پائالىيىتى ۋە قابىلىيىتى بولۇپمۇ قانال قېزىش ۋە قانال ئېچىش ئىشلىرىدا كامال تاپىدۇ. سۇ مەسىلىسى داستاننىڭ مەركىزىي مەسىلىلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىدۇ. مەلۇمكى، خەلقىمىز سۇ ئۈچۈن ئەسىرلەر بويى قاتتىق كۈرەش قىلىپ كەلگەن. خەلق كۆچى بىلەن بىر قاتار سۇغىرىش ئىنشائاتلىرى ۋۇجۇدقا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن فېئودال ئىگىلىك سىستېمىسى يېزا ئىگىلىكىنى سۇ بىلەن يېتەرلىك تەمىنلەشكە ئىمكانىيەت بەرمەيتتى. ئۇرۇش ئاپەتلىرى، سۇغىرىش ئىنشائاتلىرىنى ۋەيران قىلىپ، سۇ قىسچىلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇراتتى. سۇ قىسچىلىقى 15 ـ ئەسىردە نەۋائى ياشىغان دەۋردە بەكمۇ ئەۋجىگە چىققان. خەلقنىڭ سۇ ئۈچۈن قىينىلىۋاتقانلىقىنى، سۇ دەپ قان تۆكۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەن نەۋائى ئۇلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى ئارزۇ قىلاتتى، لېكىن بۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايتتى. نەۋائى خەلق سۇ بىلەن تەمىنلىنىدىغان ۋاقىتنىڭ كېلىشىگە ئىشىنىدۇ. ئېرىق ـ ئۆستەڭگە

① نىزامى داستانىدا فەرھاد چىندا ئوقۇپ تەلىم ئالغان ئۇستا سۈپىتىدە بېرىلسە، خۇسرەۋ دېھلەۋى ئۇنى خاقاننىڭ ئوغلى، دەپ تەسۋىرلەيدۇ. فەرھاد ئاتىسىنىڭ ھۈنەر ئۆگىنىشىنى چەكلىشىدىن نارازى بولۇپ، خىتا(چىن) چىقىپ كەتكەن بولىدۇ.

② نەۋائى ئەرمەنىستاننى «ئەرمەنىيە» شەكلىدە قوللانغان.

«نەھرۇل - ھەيات» («ھاياتلىق دەرياسى»)، كۆلگە «بەھرۇن - نەجات» («نىجاتلىق دېڭىزى») دەپ نام قويىدۇ:

ئەرىققە قويدىلەر «نەھرۇل - ھەيات» ئىسىم،
فەلەكۆش ھەۋزغە «بەھرۇن - نەجات» ئىسىم.

بۇ ناملارمۇ نەۋائىنىڭ سۇ مەسىلىسىگە قانچىلىك زور ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ: سۇ — ھايات، سۇ — نىجاتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۆستەڭ ۋە كۆلنىڭ تەييار بولۇشى خەلق بايرىمى، خەلق تەنتەنىسىگە ئايلانغانىدى.

ئارىق ناۋى چۇ بولدى سۇۋ مەقامى، ئۇلۇس ئىچرە ئەلالا تۇشتى ھەر يان.
تىگىرمان ناۋدېك بولدى خىرامى. مۇغەننىيلەر ئىكى ياندىن نەۋاساز،
خەلايىق ئىچرە غەۋغا تۇشتى ھەر يان، تۇزۇپ ئول رۇد لەھزە بىرلە ئاۋاز.

دېمەك، ئەمگەك ۋە ئىجادكارلىق «فەرھاد ۋە شىرىن» نىڭ مەركىزىي مەسىلىلىرىدىن بىرىدۇر. نەۋائى داستاننى ئىككىنچى بىر نام بىلەن «مېھنەتنامە»، دەپمۇ ئاتىغانىدى:

زەرۇرەتكىم، سالىپ بىر ئۆزگىچە تەرھ،
بۇ «مېھنەتنامە» نى قىلغۇم دۇرۇر شەرھ.

فەرھادنى ئەمگەكچان ۋە ئىجادكار، كامىل ئىنسان سۈپىتىدە ياراتقان نەۋائى ئۆزى ئۇنىڭدىن ئىلھاملىنىپ، قەلەمىنىڭ فەرھاد كەكىسى كەبى ئۆتكۈر ۋە ھوسۇللۇق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ:

بۇ كان قازماقنى ئولكىم قىلدى پىشە، ئېرۇر فەرھاد ھەمسۇھبەتلىغى خۇب.
كېرەك خارا فىگەن ئىلكىدە تىشە بۇ كان ئىشقىدە تىشەڭ خارە رىز ئەت،
ساڭا بۇ تىشەرۋەرلىك بولسە مەتلۇب، ئانى فەرھاد تاشى بىرلە تېز ئەت.

نەۋائى فەرھادنىڭ ئەمگەك ۋە ئىجادكارلىقتا ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى ئۇنىڭ ئىلمى، ئەقلى ۋە ئىرادىسى دەپ ھېسابلايدۇ. فەرھادنىڭ ئەقىل ۋە تەپەككۇر كۈچىگە باھا بېرىپ:

دېدىكى: ھەر ئىشكى قىلمىش ئادەمىزاد، ئۇلۇم ئىچرە ماڭا تا بولدى مەدخەل،
تەفەككۇر بىرلە بىلمىش ئادەمىزاد. تاپىلماس مۇشكىلى مەن قىلماغان ھەل.

دېدى. بىراق، فەرھاد (دېمەك نەۋائى) خەلقنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە ئەمگەك مۆجىزىلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن فېئودال جەمئىيەت تۈزۈمىنى يىمىرىپ تاشلاش لازىملىقىنى چۈشىنەلمىدى ۋە چۈشىنەلمەيتتى. خەلقنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيانقى ئارزۇلىرى كېيىنكى يىللاردىلا ئەمەلگە ئېشىپ، چوڭ كاناللار، زور ئىنشائاتلار ۋۇجۇدقا كەلدى. ئىنسان چۆل

- باياۋانلارنى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى.

فەرھاد مىسلىسىز خەلقپەرۋەر ھەم ۋەتەنپەرۋەر ئىنساندۇر. ئۇ ھەمىشە يۇرتىنىڭ ئاۋاتلە-قى ۋە خەلقىنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. ئۆزى بىناكارلىق قىلىدۇ، تاغ - تاشلارنى كېسىدۇ. ئىنسانىنىڭ ھەرقانداق دۈشمەنلىرىگە (فانتازىيىلىك ياۋۇز كۈچلەرگىمۇ) قارشى تۇرالايدۇ. ئۇ شىرىننى سۆيۈش بىلەن بىللە شىرىننىڭ يۇرتىنى ۋە خەلقىنى سۆيىدۇ. ئەرمەنىستاننى ياۋۇز خۇسرەۋنىڭ ھۇجۇمىدىن مەردانىلارچە ھىمايە قىلىدۇ. فەرھادنى كۈچ بىلەن يېڭەلمىگەن خۇسرەۋ ئۇنى ھىيلە - مىكىر بىلەن ئەسىر ئالىدۇ. لېكىن بۇ فەرھادنى نابۇد قىلالمايدۇ، ئۇنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرالمايدۇ، ئۇنى سۆيگۇ ۋە ھەققانىيەت ئۈچۈن كۈرەش يولىدىن چېكىندۈرەلمەيدۇ. فەرھاد ھامان دادىل ۋە مەغرۇر ئىدى. مانا خۇسرەۋ بىلەن ئۇنىڭ مۇنازىرىسى:

دېدى: نېدۇر ساڭا ئالەمدە پېشە؟
دېدى: ئىشق ئىچرە مەجنۇنلۇق ھەمىشە.
دېدىكىم: ئىشقىغە كۆڭلۈڭ ئۇرۇندۇر؟
دېدى: كۆڭلۈمدە جاندەك ياشۇرۇندۇر.
دېدى: كۆڭلۈڭ فىدا قىلسە جەفاسى،

دېدى: جانىمنى ھەم ئەيلەي فىداسى.
دېدى: بۇ ئىشقدىن ئىنكار قىلغىل!
دېدى: بۇ سۆزدىن ئىستىغفار قىلغىل!
دېدىكىم: شەھغە بولما شىركەت ئەندىش،
دېدى: ئىشق ئىچرە تەڭدۇر شاھۇ دەرۋىش.

فەرھادنىڭ كەسكىن ۋە قەتئىي جاۋابلىرى تەكەببۇر ۋە شەخسىيەتچى خۇسرەۋنى روھىي جەھەتتىن بېسىپ چۈشتى.

فەرھاد ئۆز يۇرتىدىن يىراقتا — دۈشمەنىنىڭ ھىيلە - مىكىر تورىدا ھالاك بولىدۇ. لېكىن ئۇ ئاخىرقى پۇرسەتكىچە ئادالەتنىڭ تەنتەنە قىلىشىغا ئىشەنچ بىلەن قارايدۇ. دوستلە-رى بىلەن غايىبانە خوشلىشىپ، ئۇلارغا خۇسرەۋنى يېڭىپ، ئادالەت بەرپا قىلىشنى ۋەسىيەت قىلىدۇ. خۇسرەۋمۇ، ئۆلۈممۇ ئۇنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى يېڭەلمەيدۇ.

نەۋائى فەرھاد ئوبرازىنى رېئالىستىك ۋە رومانتىك دېتاللار بىلەن بېيىتىدۇ. تەكەممۇل-لاشتۇرىدۇ. ئۇ جەمئىيەتتە فەرھاد ۋە فەرھادتەك كىشىلەرنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ئىز بېسىپ چىقىشىغا كامىل ئىشەنچ بىلەن قارايدۇ.

* *

شىرىن ئۆز خاراكتېرى ۋە پەزىلەتلىرى بىلەن فەرھاد قاتارىدىن ئورۇن ئالغان، ئۇنىڭغا ھەر جەھەتتىن مۇناسىپ بولغان ئالىيجاناب ئىنسان ئوبرازىدۇر. بۇ ئوبراز سىستېمىسىدىمۇ نەۋائى ئەڭ ئېزگۈ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرىدۇ.

شىرىن مەرىپەتپەرۋەر چوڭ ئاپىسى مېھىنبانۇ تەربىيىسىدە بىلىملىك، ئەقىللىق، ئېپ-چەتلىك بىر قىز بولۇپ يېتىشىدۇ. ئۇ مەملىكەتنىڭ ئاۋاتلىقى، سۇ بىلەن تەمىنلىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. مېھىنبانۇ بىلەن بىللە قانال قېزىش، سۇ چىقىرىشتەك زور ئىشلاردا باشلامچى بولىدۇ. شىرىن فەرھاد سىماسىدا ئىنسانىنىڭ بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچى ئاجايىپ شەخسنى كۆرىدۇ. فەرھادنىڭ قەھرىمانلىقلىرى، ئىجادكارلىقى شىرىننى مەپتۇن قىلىدۇ. ئۇ تاغ - تاشلارنى كېسىپ ئۈستەڭ قازغان فەرھادنى سەمىمىي تەقدىرلەپ:

كى ، ئەي نادىر يىگىت، ئافاق ئىچىندە،
يەگانە چەرخى نىلى تاق ئىچىندە.
ئەيان ھالىڭدە كۆپ - كۆپ بۇ ئەجەبلىك،
ئەجەبدىن ھەم ئەجەب رەنجۇ تەئەبلىك.
نې سەن ئوخشاپ جەھاندا بىر كىشىگە،
نې قىلغان ئىشىڭ ئوخشاپ ئەل ئىشىغە.
بولۇپ ئېردۈك خۇسۇلى بىرلە ئاجىز،
ھۈنەر ئېرمەس، قولۇڭ كۆرگۈزدى مۆئجىز،
ئەگەر يۈز قەرن ئۈزرە ئايىن بولالى،
نېتىپ بىر كۈنچەلىك ئۈزرىڭ قىلالى...

دېدى. شىرىن فېئودال سارىيىنىڭ ئەركە، ئارزۇلۇق ۋە ھەۋەسلەرگە بېرىلگەن قىزى ئەمەس. ئۇنى بايلىق ۋە زىبۇ زىننەت ئەمەس، بەلكى ئىنساننىڭ بەختى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئارزۇسى قىزىقتۇرىدۇ. شىرىن چىن ئىنسان بولۇشنى ۋە چىن ئىنسانىي سۆيگۈنى بۈيۈك پەزىلەت، دەپ بىلىدۇ. ئۇنى شاھزادە فەرھاد ئەمەس، بەلكى ئىنسان فەرھاد مەپتۇن قىلىدۇ (ئۇ فەرھادنىڭ تېگى - تەكتىنىمۇ بىلمەيتتى) شىرىن زالىم خۇسرەۋنىڭ «ئاشىقانە» تەكلىپىنى:

ماڭا نې يارۇ نې ئاشىق ھەۋەسدۇر،
ئەگەر مەن ئادەم ئولسام ئۇشبۇ بەسدۇر.

دەپ رەد قىلىدۇ. شىرىن ساداقەتلىك يار. ئۇ ئەڭ دەھشەتلىك مىنۇتلاردىمۇ فەرھادقا ۋاپادار بولۇپ قالىدۇ، ئىرادىسى بوشاشمايدۇ. ئۇ فەرھادقا يازغان مەكتۇبلىرىنىڭ بىرىدە مۇشفىقلىق بىلەن مۇنداق دەيدۇ:

نېدۇر ئەھۋالىڭ، ئەي زارى غەرىبىم،
ۋىسالىم دەۋلەتىدىن بىنەسىبىم...
قاتىق غۇربەت ئارا ھالىڭ نې ئېركىن؟
ئاچىق فۇرقەتدە ئەھۋالىڭ نې ئېركىن؟
نې بولغاي ئېردى چەرخى زۇلم پىشە،
مېنى سەندىن جۇدا قىلماي ھەمىشە.
خىرامىڭ چاغى يولداش بولسام ئېردى،
سۈكۈنۈڭ ۋاقتى قولداش بولسام ئېردى.
قۇياش يەڭلىغ بولۇپ كۈندۈز قەرىنىڭ،
بولۇپ تۈن سايە يەڭلىغ ھەمنىشىنىڭ.
دېمەن مەندىن سېنىڭ دەردىڭ ئېرۇر كەم،
سېنىڭ ھەم كۆپ تۇرۇر دەردىڭ، مېنىڭ ھەم.
ۋەلې يۈز مۈنچە دەردى تازە بىرلە،
غەمۇ ئەندۇھى بىئەندەزە بىرلە.
چۇ دەردۇ غۇربەتىڭنى ياد ئېتەرمەن،
ھەزىن جانىمغە يۈز بىدار ئېتەرمەن...

شىرىن خۇسرەۋنىڭ ياۋۇز نىيىتىنى بىلەتتى. ئۇ مەملىكەتنىڭ خۇسرەۋ قولىغا ئۆتۈشى ۋە خەلقنىڭ تالىنىشىنى خالىمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ شىرىن جان - جەھلى بىلەن خۇسرەۋغا قارشى تۇردى. لېكىن خۇسرەۋنىڭ قولى ئۇزۇن كەلدى. ھىيلە - مىكىر بىلەن فەرھادنى ئەسىر قىلىپ، مەملىكەتنى خەۋپ ئىچىدە قالدۇردى. شىرىن ئۈچۈن ئىككى يول قالدى، يا ھايات، يا مامات. شىرىن كېيىنكىسىنى تاللىدى. بۇ شىرىننىڭ مەنىۋى غەلىبىسى ئىدى. چۈنكى زالىم ۋە مۇناپىق خۇسرەۋغا باش ئېگىپ تىرىك ياشىغىچە، چىن ئىنسانلىقتا ۋە فەرھادقا سادىق بولۇپ ئۆلگەن ئەلادۇر.

شىرىن ئوبرازى ئۇزۇن تەدرىجىي تەكەممۇللىشىش باسقۇچلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. فىردەۋسى ياراتقان شىرىن ئوبرازى ئۈچۈن تارىخىي يىلنامىلەر ۋە دەسلەپكى ئەپسانە، رىۋايەتلەردىكى شىرىن پروئوبراز بولدى. فىردەۋسىنىڭ شىرىنى ساداقەتلىك يار، تەدبىرلىك ئايال

ۋە ئەل - يۇرتقا شەپقەت بەخش ئەتكۈچى ئىنسان ئوبرازىدۇر. نىزامىغا كېلىپ شىرىن تامامەن يېڭى ماھىيەتكە ئىگە بولدى. نىزامىي بۇ ئوبرازنى يارىتىشتا رەسمىي يىلنامە مەلۇماتلار دائىرىسىنى يېرىپ ئۆتتى. ئۇ يېڭى - يېڭى ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەردىن پايدىلاندى. كەڭ بەدىئىي فانتازىيە ئاساسىدا يېڭى شىرىن ئوبرازىنى ياراتتى. نىزامىي داستانىدا شىرىن يېتەكچى باش قەھرىمان دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ. شائىر ئەڭ گۈزەل ئارزۇ - ئىنتىلىشلىرىنى شۇ ئوبراز قىياپىتىدە مۇجەسسەملەشتۈرىدۇ. شىرىن ساداقەتلىك يار بولۇش بىلەن بىللە، تەدبىرلىك مۇرەببىيە، ئادىل ھەم دانىشمەن دۆلەت ئەربابىدۇر. نەۋائىي ياراتقان شىرىن ئۆز پەزىلەتلىرى بىلەن نىزامىي شىرىنىغا يېقىن تۇرىدۇ. بىراق، نەۋائىي ئۆز داستانىنىڭ يېڭى پىلانى، ۋەزىپىلىرى ئاساسىدا بۇ ئوبرازنىمۇ يېڭىۋاشتىن ئىشلىگەن، يېڭىدىن ياراتقان. نىزامىي داستانىدا شىرىنىنىڭ خاراكتېرى بىلەن خۇسرەۋنىڭ خاراكتېرى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم قارىمۇقارشىلىق بار. بىراق، شىرىن خۇسرەۋنى سۆيىدۇ. خۇسرەۋ بۇ سۆيگۈگە مۇناسىپ كىشىگە ئايلىنىشى كېرەك. شىرىن بەرداشلىقلىقى ۋە ئىرادىسى بىلەن، ئەقىل - ئىدرىكى بىلەن خۇسرەۋنى باشقىدىن تەربىيىلەيدۇ، زىددىيەت ئارىدىن كۆتۈرۈلىدۇ. نەۋائىي داستانىدا بولسا سۆيگۈچىلەر: فەرھاد ۋە شىرىن ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق زىددىيەت يوق، ئۇلارنىڭ مىجەز - خۇلقى، پائالىيىتى ۋە ئارزۇ - تىلەكلىرى بىر. شىرىن بىلەن خۇسرەۋ بولسا بىر - بىرىسىگە پۈتۈنلەي زىد، يات ئادەملەر. فەرھاد خۇسرەۋغا قانچىلىك دۈشمەن بولسا، شىرىنمۇ شۇنداق. فەرھاد بىلەن شىرىن باشقا دۇنيا. خۇسرەۋ بىلەن شىرۇيە يەنە باشقا دۇنيا. بۇ كۆرەشتە چېكىنىش يوق. يا ھايات، يا مامات. شىرىن ئوبرازىنىڭ ماھىيىتى ۋە خاراكتېرىنى مانا بۇ كۆرەش بەلگىلەيدۇ. نەتىجىدە شىرىن ئوبرازى يەنىمۇ ئاكتىپراق، يەنىمۇ شىجائەتلىكرەك بىر ئايال سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ.

ئاياللارنى قاتتىق زۇلۇم ئاستىدا تۇتقان، خورلىغان، ئىنسانلىق ھەق - ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلغان فېئوداللىق تۈزۈمى شارائىتىدا نەۋائىينىڭ شىرىندەك كامىل، ئەقىللىق ۋە پەزىلەتلىك قىز ئوبرازىنى يارىتىشى گۇمانىزمىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى قۇدرەتلىك ساداسى، فېئوداللىق جاھالىتى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىگە قارشى شىددەتلىك خىرىسى ئىدى. شىرىن ئوبرازى ۋە بۇ ئوبراز ئارقىلىق نەۋائىي ئىپادىلىگەن ئىدېئالنىڭ ئاساسىي قىممىتىمۇ شۇنىڭدا.

نەۋائىينىڭ ئاياللارغا نىسبەتەن گۇمانىستىك قاراشلىرى مېھىنبانۇ ئوبرازى بىلەن يەنىمۇ مۇكەممەللىشىدۇ. فېئوداللىق تۈزۈم خوتۇن - قىزلارنى ھەر تەرەپلىمە كەمسىتىپ، قۇللۇق، جاھالەت ۋە نادانلىقتا ساقلاپ كەلگەن بىر زاماندا، نەۋائىي ئاياللارنىڭ بىلىملىك ۋە ھۈنەرلىك بولۇشىنىلا ئەمەس، بەلكى يىرىك دۆلەت ئەربابى بولۇشىنىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ شۇ ئارزۇ بىلەن ئىدېئال ھۆكۈمران مېھىنبانۇ ئوبرازىنى يارىتىدۇ. مېھىنبانۇ ئادىل ھۆكۈمدار. ئۇ مەملىكەتنىڭ ئاۋاتلىقى ۋە خەلقنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. ئۈستەڭ، كۆل قېزىش ئىشىغا رەھبەرلىك قىلىدۇ. جىيەنى شىرىنىنىڭ تەربىيە ئىشىغا زور ئەھمىيەت بېرىدۇ. مېھىنبانۇ ئىلىم - مەرىپەت ھامىسىدۇر. ئۇ كىشىلەرنىڭ بىلىملىك بولۇشىغا ھەر تەرەپلىمە ياردەم بېرىدۇ. ئالىملارنى قەدىرلەيدۇ، ھۆرمەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ سارىيىدىكى ئون قىز ئىلىم ۋە ھۈنەردە ئاجايىپ كىشىلەر بولۇپ يېتىشىدۇ. مانا بۇ قىزلارنىڭ تەرىپى ۋە تەۋسىپى:

بىرى ئەشئار بەھرى ئىچرە غەۋۋاس، بىرى مەنتىق رۇسۇمىدا رەقەمكەش،
بىرى ئەدۋار دەۋرى ئىچرە رەققاس. بىرى ھەيئەت زۇقۇمىغە قەلەمكەش.

بىرىنىڭ شىۋەسى ئىلمي ھەقايىق،
بەلاغەتتە بىرى ئايىتىپ دەقايىق،
بىرى تەئرىخدە سۆز ئەيلەپ فەسانە،
بىرى ھىكمەت فەنى ئىچرە يەگانە.
ھىساب ئىچرە بىرىنىڭ زىھنى بارىپ،
مۇئەممادا بىرىسى ئات چىقارىپ.

بۇ فەنلەردە ئۇلار بىر - بىردىن ئەھسەن،
يۇز ئول فەنلىك ئارا ھەرقايىسى يەكفەن.
دىئارامۇ دىئارايۇ دىلئاسا،
گۇلئەندامۇ سۇمەنبۇيۇ سۇمەنسا.
پەرىچىھرە، پەرىزادۇ پەرىۋۇش،
پەرى پەيكەر، زىھى خۇب ئىسمى دىلكەش.

مېھىنبانۇ كىشىلەرنىڭ ياخشى مەقسىتى، ئارزۇ - ئۇمىدلىرىنى قوللايدۇ، ئۇلارغا مەدەت بېرىدۇ. فەرھاد سىماسىدا ئۇلۇغ بىر ئىنسان، ساداقەتلىك يار، ئەمگەكچان، ئىجادكار قەھرىماننى كۆرگەن مېھىنبانۇ ئۇنى سەمىمىيەت بىلەن ھۆرمەت قىلىدۇ، ئانىلارچە مېھىر باغلايدۇ. ئۇ فەرھاد ۋە شىرىنىنىڭ ساپ مۇھەببىتىنى قىزغىن ھىمايە قىلىدۇ.

مېھىنبانۇ مەملىكەتنى، خەلقنى فەرھاد ۋە شىرىنلارنىڭ ئارزۇسىنى رەزىل خۇسرەۋنىڭ دەھشەتلىك ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە قىلىشتا جاسارەت ۋە تەدبىرلىك ئىش ئېلىپ بارىدۇ. نائىلاج قالغاندىن كېيىنلا خۇسرەۋ بىلەن سۇلھى قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بولمىسا خۇسرەۋ ئەل - يۇرتنىڭ بېشىغا يېڭى - يېڭى ئاپەتلەر ئېلىپ كېلەتتى. مېھىنبانۇ بىلەن خۇسرەۋ بىر - بىرىگە پۈتۈنلەي قارىمۇقارشى كىشىلەر. ئاياللاردىن چىققان ھۆكۈمدار مېھىنبانۇ مەملىكەتنى ئاۋات ۋە خەلقنى پاراۋان قىلىش ئۈچۈن كۆرەشسە، ئەردىن چىققان ھۆكۈمدار خۇسرەۋ مەملىكەتنى خاراب قىلىدۇ، خەلقنى ئېزىپ تالايدۇ. بۇنىڭ بىلەن نەۋائىي بىر تەرەپتىن ئادىل ۋە زالىم پادشاھ ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئىپادىلىسە، ئىككىنچى تەرەپتىن ئاياللارغا تۆۋەن نەزەر بىلەن قاراش تىنىدىنسىيىسىگە زەربە بېرىپ، ئادەمنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى زادىلا ئۇنىڭ جىنسى بىلەن باغلىق ئەمەس، دەيدۇ. بۇ غايەت زور ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە قاراش ئىدى.

يازما ئەدەبىياتتا، مېھىنبانۇ ئوبرازىنى بىرىنچى بولۇپ نىزامى يارىتىدۇ. بۇ ئوبرازنى يارىتىشتا ئۇ كاۋكاز خەلقلىرىنىڭ ئەپسانە ۋە رىۋايەتلىرىدىن ئىجادىي پايدىلىنىدۇ. مېھىنبانۇ ئوبرازى ئادالەتلىك پادشاھ ۋە ھۆرىيەتپەرۋەر سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ ئوبراز، خۇددى شىرىن ئوبرازىدەك نىزامى داستانىنى 12 - ئەسىر مۇھىتىغا، كاۋكاز ھاياتىغا يەنىمۇ يېقىنلاشتۇرىدۇ. نىزامىدىن كېيىن مېھىنبانۇ ئوبرازى «خەمسە» لەرنىڭ (ياكى خۇسرەۋ ۋە شىرىن» ، «فەرھاد ۋە شىرىن» نامى بىلەن يارىتىلغان ئالاھىدە داستانلارنىڭ) ئەنئەنىۋى ئوبرازىغا ئايلىنىدۇ. ئەلىشىر نەۋائىمۇ ئۇز داستانىنىڭ پىلانى ۋە ۋەزىپىلىرى ئاساسىدا بۇ ئوبرازنى باشقىدىن ئىشلەيدۇ. مۇكەممەللەشتۇرىدۇ. مېھىنبانۇ ئوبرازىنىڭ يېڭىچە ماھىيىتى خۇسۇسەن، ئۇنىڭ فەرھادقا بولغان ئانىلارچە مېھرى ۋە خۇسرەۋغا قارشى كۆرىشى، نەپرىتى مۇھىتىدا ئايدىڭلىشىدۇ.

«فەرھاد ۋە شىرىن» نىڭ مۇھىم ئىجابىي ئوبرازلىرىدىن يەنە بىرى شاپۇردۇر. ئۇ كامىل بىر ئىنسان، ئىستېداتلىق سەنئەتكار، رەسسام، سايابەتچى.

ھۇنەر بابىدا ئۇستادى زەمانە،
زەمانە ئىچرە نەققاشى يەگانە.

قەلەم ئەھلىگە ئانىڭ تەرھى دەستۇر،
جەھان ئەھلى دەبان ئاتىنى شاپۇر.

شاپۇر ساپدىل ۋە سەمىمىي ئادەم. ئۇ دوستلۇق ۋە ساداقەتنىڭ تېڭى يوق تىمسالى.

دوستلۇق ۋە ساداقەت داستاندا فەرھاد ھەمراھلىرىنى دېڭىزدا قاراقچىلاردىن قۇتقۇزىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ شاپۇر فەرھادنى دوست تۇتىدۇ. فەرھادنى مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتكۇزۇش، بەختلىك قىلىش ئۇچۇن ھېچنېمىسىنى ئايىمايدۇ. ئۇ فەرھادنى ئەرمەنىستانغا ئېلىپ باردۇ، ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەم بېرىدۇ. ئۇ فەرھادنىڭ سۆيۈملۇك شىرىنىغىمۇ سادىق بولۇپ قالىدۇ. شاپۇر فەرھادنىڭ تاش قېزىپ ـ تاغ كېسىشىدە قانداق جان پىدالىق قىلغان بولسا، ئەرمەنىستاننى خۇسرەۋنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە قىلىشىدىمۇ شۇنداق ھېسداشلىق كۆرسىتىدۇ. فەرھاد پۇتۇن ھاياتى ۋە پائالىيىتىنى دوستلۇق ۋە ساداقەت يولىغا بېغىشلىغان شاپۇرغا ئۆلۇم ئالدىدا مىننەتدارلىق ئىزھار قىلىپ شۇنداق دەيدۇ:

نې قانكىم ياتمادىڭ ھەمدەملىغىمدىن، ماڭا ئول ۋەقتىدىنكىم ھەمدەم ئولدۇڭ،
نې غەمكى چەكمەدىڭ مەھرەملىغىمدىن، گىرىفتارى بەلاۋۇ ماتەم ئولدۇڭ...

شاپۇر فەرھادنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنداپ، ئۇنىڭ سەپدىشى بەھرام بىلەن بىللە خۇسرەۋنىڭ ئوغلى شىرۇيەگە قارشى كۇرەش قىلىپ، ئۇنى يېڭىدۇ. ئەرمەنىستاندا ئادالەت ۋە تىنچلىق بەرپا قىلىدۇ.

نەۋائى خەلقلەر دوستلۇقى غايىسىنىڭ ئۇلۇغ كۇيچىسىدۇر. ئۇ بۇ غايىنى «فەرھاد ۋە شىرىن» داستانىدىمۇ مەركىزىي مەسىلىلەردىن بىرى قىلىپ قويىدۇ. داستاننىڭ ئۇچ ئىجابىي ئوبرازى، فەرھاد، شىرىن ۋە شاپۇر ئوبرازلىرىدا بۇ غايە ئوچۇق ئىپادىلىنىدۇ. چىنلىق يىگىت فەرھاد ئەرمەن قىزى شىرىننى سۆيىدۇ. ئىرانلىق شاپۇر بۇ سۆيگۆگە ھامىيلىق قىلىدۇ. بۇلارنىڭ پائالىيىتى، دۇنيا قارىشى، ئارزۇ ـ ئىنتىلىشى بىر ـ بىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. مەلۇمكى، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى بىلەن كاۋكاز چىن خەلقلىرى ۋە باشقا خەلقلەر ئوتتۇرىسىدا قەدىم زامانلاردىن باشلاپ دوستانە مۇناسىۋەتلەر، ئىقتىسادىي ـ مەدەنىي ئالاقىلەر پەيدا بولغانىدى. نەۋائىدىكى خەلقلەر دوستلۇقى غايىسى مانا شۇ رېئال زامان ئاساسىدا تۇغۇلغان ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش ھەمدە كېڭەيتىشكە قارىتىلغانىدى. شۇنى تەكىتلەش لازىمكى، فەرھاد، شىرىن ۋە شاپۇردەك ئوبرازلار داستاندا قايسى بىر يۇرت ياكى خەلقنىڭ پەرزەندى سۇپىتىدە، تەسۋىرلەشتىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ئىنساننىڭ ئەڭ ياخشى سۇپەت ۋە پەزىلەتلىرىنى مۇجەسسەم قىلغان كىشىلەردۇر، ھەممە خەلققە ياقىدۇ.

نىزامىدىن باشلاپ شاپۇر ئوبرازىمۇ خەمسىچىلىكنىڭ ئەنئەنىۋى بىر ئوبرازىغا ئايلانغاندى. نەۋائى داستاندا شاپۇرنىڭ پائالىيىتى فەرھاد بىلەن چىڭ باغلىنىدۇ (نىزامىدا بولسا، ئۇ خۇسرەۋنىڭ تەربىيىچىسى، دوستى ۋە ھامىيسى) بۇ ھالەت شاپۇر ئوبرازىغا يېڭى سۇپەت ۋە خىسلەتلەر بېغىشلاپ، ئۇنى فەرھاد قاتارىدىن ئورۇن تۇتقان، خەلق ئۇچۇن پىداكار، زۇلۇم ۋە زوراۋانلىققا قارشى تۇرغۇچى جەڭگىۋار بىر كىشىگە ئايلاندۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، نەۋائى داستاندا شاپۇر ئوبرازىمۇ تاكاممۇللىشىدۇ، داستان ۋەقەلىرىنىڭ راۋاجى ۋە يېشىمىدە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ.

شاپۇر ھاملىتنىڭ سادىق دوستى گارەسودەك جاھان ئەدەبىياتى تارىخىدا دوستلۇق ۋە ساداقەتنىڭ بىر تىمسالى بولغان ئۆلمەس ئوبرازلاردىندۇر.

بىز تونۇشۇپ چىققان بۇ ئوبرازلاردىن تاشقىرى «فەرھاد ۋە شىرىن» دا يەنە بىرنەچچە ئىجابىي ئوبرازلار بار. بۇلاردىن ھەربىرسى داستان سۇژىتىنىڭ، ئۇنىڭدا قويىدىغان مەسىلىلەرنىڭ راۋاجىدا مەلۇم ئورۇن تۇتىدۇ. داستاننىڭ بەدىئىي قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ. خاقان،

ۋەزىر مۇلكئارا، بەھرام، ئالىم سۇھەيلا ۋە باشقىلار شۇنداق ئوبرازلاردۇر.

نىزامىي داستانىدا خاقان ئوبرازى يوق. ئەمىر خۇسرەۋ دىھلەۋى بولسا فەرھادنى چىن خاقانىنىڭ ئوغلى قىلىپ ئالىدۇ، ئۇ خاقان ھەققىدە ئاساسەن فەرھادنىڭ شىرىنغا ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى ھېكايە قىلىپ بېرىشى ئېپىزودىدا سۆزلەيدۇ. فەرھاد ھىناكارلىققا قىزىقىدۇ، خاقان شاھزادىگە بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشنى مەنئى قىلىدۇ. فەرھاد نارازى بولۇپ، يۇرتىدىن چىقىپ كېتىدۇ ۋە ئاقىۋەت ئەرمەنىستانغا كېلىپ قالىدۇ، نەۋائى داستانىدا بولسا خاقان مۇھىم بىر ئوبرازدۇر. ئۇ ئەسەر ۋەقەلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىدا سالماقلىق ئورۇن تۇتىدۇ. خاقان ئادىل ھۆكۈمران، مەرىپەتپەرۋەر ۋە شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاتا سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇنىڭ بايلىقتا، شان ـ شۆھرەتتە كەم يېرى يوق. بىراق، پەرزەنتسىز خاقان پەرزەند مۇرادىغىمۇ يېتىدۇ. ئەل ـ يۇرتقا توي ـ تاماشا بېرىپ، ئۇلارنى ئۈچ يىللىق باجدىن ئازاد قىلىدۇ:

ئالىپ كىشۋەر ئېلىنىڭ ئېھتىياجىن،
باغىشلاپ ئەلگە ئۈچ يىللىق خىراجىن.

ئۇ فەرھادنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەربىيە ئېلىشىغا چوڭ ئەھمىيەت بەردى. ئوغلىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن قەسىرلەر سالدۇ، ھەتتا تاج ـ تەختىنى ئوغلىغا بېرىشنى ئېيتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كۆزىنىڭ يورۇقىدا مۇناسىپ ۋەلىئەھد تەييارلاپ، فەرھادنى دۆلەتنى باشقۇرۇش ئىشىغا تەييارلىماقچى بولىدۇ، ئۇنى خىيال ۋە غەمدىن يىراقلاشتۇرماقچى بولىدۇ. ئۆلۈم تەبىئىي، شۇڭا ئاتىنىڭ ئىشىنى فەرزەند داۋام قىلدۇرۇشى كېرەك:

ياشىم ئەللىك ھەۋاسىدىن توي ئەتمىش،
نې ئەللىك، ئالتىمىش ھەددىغە يەتمىش،
كىم ئۆلمەسدىن بۇرۇن ئاچىپ كۆزۈمنى،
سەرىر ئۈزرە يىگىت كۆرسەم ئۆزۈمنى.
كى يەئنى تاجۇ تەختۇ سەلتەنەت ھەم،
سىپاھى مۇلكۇ ھالۇ مەملەكەت ھەم.
بارى بولسە سېنىڭ بىرلە مۇزەييەن،
سېنى ئۆز ئورنۇمە قىلسام مۇئەييەن.
ساڭا تۇتسام مۇسەللەم پادشالىق،
خەلايىق ئۈستىدە كىشۋەر خۇدالىق.
ماڭا شەھلىقدە قۇللۇق ھەم قىل ئەمدى،
ئاتالىق ھەم، ئوغۇللۇق ھەم قىل ئەمدى.

ئەينى چاغدا خاقان فەرھادنى ئادىللىققا ۋە خەلقنىڭ مەسلىھىتى بىلەن ئىش قىلىشقا ئۈگىتىدۇ.

نېكىم ئەلنىڭ سەلامىدۇ، ئانى قىل،
مېنىڭ بۇدۇر سەلامىم ئەمدى سەن بىل.

فەرھادنىڭ ئەدەپ بىلەن ئېيتقان ئاقىلانە سۆزلىرى خاقانغا ياقىدۇ. ئۇ ئوغلىنى تەختكە چىقىشقا ئانچە قىستىمايدۇ. خاقان فەرھادنى دانىشمەنلەر ئۆلكىسى يۇنانغا ئېلىپ بارىدۇ، ئوغلىنى ھەكىملەرنىڭ مەسلىھىتى بىلەن ئىش قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

خاقان ئوبرازى بىلەن نەۋائى ئادالەتلىك ۋە مەرىپەتپەرۋەر پادشاھ ئۈچۈن كۈرەش قىلىش غايىسىنى ئالغا سۈرىدۇ. ئۇ ئاقىۋەت، ئىناق ئاتا ـ بالا ئوبرازى ئارقىلىق تاج ـ تەخت تالىشىپ نىزا ۋە خۇسۇمەت گىردابىدا كېتىۋاتقان ھۇسەيىن بايقارا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا

نەسىھەتمۇ قىلىدۇ. ۋەزىر مۇلكئارامۇ خاقانغا ئادىل ۋە ئاقىل كىشى.

داستاندىكى بەھرام ئادالەت ئۆلگىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. بەھرام مەرد، باتۇر ۋە ئادالەتپەرۋەر شەخس. ئۇ كىچىك چېغىدىكى دوستى فەرھادنى ئۇنتۇمايدۇ. ئۇنى ئىزدەپ ئەرمەنىستانغا كېلىدۇ. فەرھاد بىلەن شىرىننىڭ ئۆلۈمى ئۇنى قاتتىق قايغۇرتىدۇ. ئۇ شىرۇيەنى يېڭىدۇ، ئەرمەنىستاننىڭ خاراب قىلىنغان يەرلىرىنى قايتا قۇرىدۇ. مەملىكەتتە تىنچلىق ئورنىتىدۇ.

قىلىپ ئول ئەدل ئايىنىنى بۇنياد،
كى ئەدلىندىن بولۇپ ۋەيرانە ئاباد.

بەھرام ئوبرازى داستاننى ئوپتىمىستىك روھتا خاتىملەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. نەۋائىينىڭ بۇ ئوبرازنى يارىتىشتىكى ئەسلى مەقسىتىمۇ شۇ ئىدى.

«فەرھاد ۋە شىرىن» نىڭ مۇھىم ئىجابىي ئوبرازلىرىدىن يەنە بىرى ئالىم سۇھەيلادۇر. سۇھەيلا 500 يىل ياشىغان، غارنى ماكان قىلغان، «زامانىسىنىڭ سوقراتىدۇر.» خەلق چۆچەكلىرىدىكى خىيالىي يوسۇندا تەسۋىرلەنگەن بۇ ئوبرازنىڭ ئاساسىدا رېئاللىستىك ھەقىقەت، مەقسەت بار ئىدى. مەلۇمكى، نەۋائىي ئىلىم - پەننى يۈكسەك قەدىرلەيتتى، ئۇنىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە زور باھا بېرەتتى①. تۈرلۈك مۈشكۈلاتلارنى ئالىملارسىز ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. دۆلەت ئەربابلىرى ھەر بىر مەسىلىدە ئالىملار بىلەن كېڭىشىشلىرى، ئۇلارغا تايىنىشى كېرەك، سۇھەيلامۇ شۇنداق ئالىملاردىن بىرى. ئۇ مەسلىھەتكە كەلگەن خاقان ۋە فەرھادقا «كېلەچەكنىڭ ئاچقۇچى» نى تاپشۇرىدۇ. ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرى ئاساسىدا فەرھاد ئىسكەندەر تىلسىمىنى ئاچىدۇ، ئەجدىھانى ئۆلتۈرىدۇ. ئەھرەمەننى يېڭىدۇ ۋە چىنىغا يېنىپ كېلىپ جاھاننەما ئەينىكىدە شىرىننى، ئۆز كېلەچىكىنى كۆرىدۇ.

نەۋائىي ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران، كاۋكاز، چىن، ھىندىستان ۋە يۇنان (گرېتسىيە) قاتارلىق قەدىمىي مەدەنىي يۇرتلارنىڭ تارىخى، مەدەنىي بايلىقلىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشىدۇ. بۇ يۇرتلار ئۇلارنىڭ ئالىملىرى نەۋائىي ئىجادىدىن كەڭ ئورۇن ئالغان، «فەرھاد ۋە شىرىن» دىكى سۇھەيلانى سۇقرات (سوكرات) ئەرەستۇ (ئارىستوتېل) ۋە ئەفلاتون (پلاتون) قاتارلىق ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلارنى يېتىشتۇرگەن يۇنان ئالىمى سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ.

* *

«فەرھاد ۋە شىرىن» دا ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، مەرىپەت بىلەن جاھالەت، قەھرىماندىلىق بىلەن مۇناپىقلىق، ئادالەت بىلەن رەزىللىك ئوتتۇرىسىدا ئۈزلۈكسىز كۈرەش بولىدۇ. ياخشىلىق ۋە ياخشىلىق كۈچلىرىنى فەرھاد ۋە شىرىن، مېھىنبانۇ ۋە شاپۇر قاتارلىق ئوبرازلار ئۆلگىسىدە مۇجەسسەملەشتۇرگەن شائىر خۇسرەۋ، شىرۇيە، بۇزۇرك ئۇممىد ۋە باشقا سەلبىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئىنسان ئۈچۈن ئاپەت كەلتۈرگۈچى ياۋۇز كۈچلەرنى تەسۋىرلەيدۇ. بۇلار ھەرقانداق ياخشىلىق ۋە چىن ئىنسانىي پەزىلەت ۋە ئۇلۇغ مەقسەتلەرنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى، ئۆز شەخسىي مەنپەئىتى يولىدا ھېچقانداق قاباھەت ۋە رەزالەتتىن قايتمايدىغان كىشىلەردۇر.

---

① نەۋائىينىڭ ئۇلۇغبەككە بەرگەن باھاسى ۋە تەرىپىنى ئەسلەڭ.

ئۇلارنىڭ زۇلمى بىلەن ئاۋات جايلار ۋەيران بولىدۇ. تىنچلىق ئورنىنى ئۇرۇش ۋە جاڭجال ئىگىلەيدۇ، مەملىكەت بايلىقى تالىنىدۇ. گۇناھسىز كىشىلەرنىڭ بېشى كېسىلىدۇ. نەۋائىي خۇسرەۋ، شىرۇيە، بۇزۇرك ئۇممىد ۋە باشقا سەلبىي ئوبرازلاردا ئۆز دەۋرىدىكى فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ رېئاكسىئون ئىش - ھەرىكەتلىرىنى، زۇلۇم - خورلۇقلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بولۇپمۇ، ئۆزئارا ئۇرۇشلارنى ۋە تېمۇرىيلار ئوتتۇرىسىدىكى تاج - تەخت تالاشلىرىنى قاتتىق قارىلايدۇ. تېمۇرى شاھ ۋە شاھزادىلەرنىڭ بۇزۇقلۇقى ۋە نادانلىقلىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ. دېمەك، بۇ ئوبرازلار رېئاللىقنىڭ ماھىيەتكە ئىگە بولۇپ، 15 - ئەسىر ھاياتى ئۇچۇن تىپىك ئوبرازلاردۇر.

خۇسرەۋ — شەخسىيەتچى، زالىم، نادان پادشاھ. ئۇنىڭ پۈتۈن قىلمىشى خەلقنى تالاپ بايلىق توپلاشقا، كەيپى - ساپا قىلىشقا قارىتىلغان. ئۇ شىرىننىڭ گۈزەللىكىنى ئاڭلاپ «ئاشىق» بولىدۇ. ئۇنى خوتۇنلىرى قاتارىغا قوشۇۋېلىش بىلەن ئەرمەنىستاننى ئىگىلىۋالماقچى، خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى تالان - تاراج قىلماقچى بولىدۇ. فەرھادنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ «سۆيگۈ سۆزىنىمۇ باشقىلاردىن ئاڭلىۋالغان». بۇ «ئاشىق» پادشاھ ئۆزىنىڭ ياۋۇز نىيەتلىرىنى قورال كۈچى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولىدۇ. قورال كارغا كەلمىگەچ، ھىيلە - نەيرەڭنى ئىشقا سالىدۇ. ئىراندا خەلققە قاتتىق جەۋر سالغان خۇسرەۋ ئەرمەنىستاندا يەنىمۇ قاتتىقراق زۇلۇم سېلىشقا باشلايدۇ. نۇرغۇن ئاۋات جايلارنى خاراب قىلىدۇ، كىشىلەرنى قىرىپ تاشلايدۇ، بىراق بۇ زالىم مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. بۇ ياۋۇز ئىككىنچى بىر ياۋۇزنىڭ — ئۆز ئوغلى شىرۇيەنىڭ قولىدا ھالاك بولىدۇ.

خۇسرەۋ ئۆزىنى ئاشىق دەپ داۋا قىلىدۇ. شىرىننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا:

ئەگەر ئاشىق بۇدۇر مەئدۇم خۇشراق،
ۋىسال ئىقبالىدىن مەھرۇم خۇشراق.

بولۇشى كېرەك، خۇسرەۋ — پادشاھ. بىراق، بۇنداق زالىم ۋە شەخسىيەتچى شاھ، فەرھاد ئېيتقاندەك، يوقىتىلىشى، تاج - تەختى كۇل قىلىنىشى كېرەك.

كېرەككىم جەم بولۇپ تارتىپ سىپەھلەر،
تۇشۇپ سوڭ ئۆيلەكىم ئۆلگەندە شەھلار.
بۇ كۈن خۇسرەۋگە چۈن ئەبرى بەھاران،
قىلىپ ئاھ ئوقلارىدىن تىيرى باران.
قىغان ئوتىدىن ئۆرتەپ كىشۋەرىنى،
قۇل ئەيلەپ تاج - تەختۇ ئەفسەرىنى...

شۇنداق قىلىپ، نىزامى ۋە خۇسرەۋ دېھلەۋى داستانلىرىدا ئەجايىپ ئوبراز سۈپىتىدە تەرىپ ۋە تەۋسىپ قىلىنغان خۇسرەۋ، نەۋائىي داستانلىرىدا سەلبىي ئوبراز قىلىپ بېرىلىدۇ. خۇسرەۋنى سەلبىي ئوبراز سۈپىتىدە تەسۋىرلەش ۋە ئۇنى پاش قىلىش داستاننىڭ رېئاللىقنىڭ ئەھمىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، رېئال ماھىيىتىنى ئاشۇرىدۇ. چۈنكى نەۋائىي خۇسرەۋ ئوبرازى ئارقىلىق فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ، جۈملىدىن تېمۇرىيلارنىڭ بىر قاتار سەلبىي تەرەپلىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ.

شىرۇيە ئۆز نادانلىقى، ئىنسابسىزلىقى ۋە رەزىللىكى بىلەن ئاتىسى خۇسرەۋدىن قېلىشمايدۇ. ئۇ شەخسىيەتچى، مەنسەپپەرەس ۋە بەدقىلىق. شىرۇيە شىرىنغا ئاشىقلىق نىقابى ئاستىدا (ئۇنىڭدا ھەقىقىي سۆيگۈ يوق ئىدى) ئۆز ئاتىسىنى ئۆلتۈرىدۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ

مەقستى ئاتسىنىڭ تاج ـ تەختىنى ئىگىلەش ۋە ئەرمەنىستاننى قولغا كىرگۈزۈش ئىدى. ئەمما ئۇ مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. بەھرامنىڭ ئادىل ھۇجۇمىغا چىداشلىق بېرەلمەي، يېڭىلىپ شەرمەندە بولىدۇ.

نەۋائىنىڭ خۇسرەۋ بىلەن شىرۇيە ئوتتۇرىسىدىكى پاجىئەلىك نىزاغا زور ئېتىبار بېرىشى بىكار ئەمەس ئىدى. بۇنداق نىزالار تارىختا كۆپ بولغاندەك، نەۋائىنىڭ ياشىغان دەۋرى ئۈچۈنمۇ خاس ئىدى (مەسىلەن: ھۇسەيىن بايقارا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئوتتۇرىسىدىكى نىزالار). نەۋائى شاھ ۋە شاھزادىلەر ئوتتۇرىسىدىكى نىزالارنى سۆكىدۇ. ئۇلارنى ياخشى سۆھبەت ۋە خىسلەتلەرنى ئىگىلەشكە، ئىناق بولۇشقا چاقىرىدۇ.

خۇسرەۋ ئۆز ئەتراپىغا ھەييار، ھىيلىگەر ۋە خىيانەتچى كىشىلەرنى يىغىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ۋەزىرى بۇزۇرۇك ئۈمىد، مەككار، يالماۋۇز كەمپىر ۋە باشقىلار شۇلار جۈملىسىدىندۇر[1].

بىر تىيىن ئۈچۈن ھەرقانداق خىيانەت ۋە جىنايەتتىن باش تارتمايدىغان مەككار قاتىللاردۇر.

داستاندا فەرھاد ۋە شىرىن كەبى ئېجابىي قەھرىمانلار خۇسرەۋ باشلىق ياۋۇز كۈچلەرنىڭ زۇلۇم ـ زوراۋانلىقى، ھىيلە ـ نەيرىڭى بىلەن ھالاك بولىدۇ. لېكىن، قاچانلا بولمىسۇن ئادالەتنىڭ غەلىبە قىلىشىغا ئىشەنگەن نەۋائى داستاننى ئۈمىدلىك روھتا، شىرويەنىڭ مەغلۇب بولۇشى، ئەرمەنىستاندا ئادالەت ۋە تىنچلىق ئورنىتىلىشى بىلەن تاماملايدۇ.

* *

«فەرھاد ۋە شىرىن» ئېپىك داستاندۇر، باش قەھرىمان فەرھادنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى، ھايات ۋە كۈرەش يولى داستاننىڭ ئاساسىنى، ئۇنىڭدىكى ۋەقەلەرنىڭ مەنبىئى ۋە يۆنىلىش نۇقتىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. داستان فەرھاد بىلەن باشلىنىدۇ، فەرھاد بىلەن تاماملىنىدۇ. ھەممە ۋەقەلەر، كۈرەش، توقۇنۇشلار، ئوبرازلار شۇ سەرگۈزەشتە ئاساسىدا پەيدا بولىدۇ ياكى ئۇنىڭغا كېلىپ باغلىنىدۇ. داستاننىڭ سيۇژىتى ۋە كومپوزىتسىيىسى مۇرەككەپلىشىپ بارىدۇ.

كۈرەشتە داستان ئاددىي ھايات ۋەقەلىكى بىلەن باشلىنىدۇ. پەرزەندى يوق خاقان ئوغۇل كۆرىدۇ. بالىغا فەرھاد دەپ نام قويىدۇ. شائىر فەرھاد سۆزىنى مۇئەمما يولى بىلەن ئىزاھلاش ئارقىلىق قەھرىماننىڭ سۈپەتلىرى ۋە كۈرەش يوللىرىغا ئىشارە قىلىدۇ.

جەمالىدىن كۆرۈنگەچ فەررى شاھى،
بۇ فەردىن يارۇدى مەھ تا بە ماھى.
قويۇپ يۈز ھىممەتۇ ئىقبالۇ دەۋلەت،
ھەم ئول فەر سايەسىدىن تاپتى زىينەت.

مۇرەككەپ ئەيلەگەچ فەرھاد تاپتى ...
بۇ جەۋھەرلەرغە چۇن ئىسناد تاپتى.
ئاڭا فەررزانە فەرھاد ئىسم قويدى،
ھۇرۇفى مەئخەزىن بەش قىسم قويدى.

---

① نەۋائى داستاندا فەرھادقا گۈل پۈركىتىپ، ئۇنى بىھوش قىلغان مەككار (ئەر) ۋە «شىرىن ئۆلدى» دېگەن يالغان گەپنى تارقىتىپ فەرھادنى ھالاك قىلغان كەمپىر ئوبرازلىرى بېرىلگەن. «فەرھاد ۋە شىرىن» سەھنە ئەسىرىدە بۇ ئىككى ئوبراز بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا ياسۇمەن، دەپ نام قويغان.

پىراقۇ رەشكۇ ھەجرۇ ئاھ ئىلە دەرد، بىر-ئەر ھەرف ئىبتىدادىن ئەيلەبان فەرد[1].

فەرھادنىڭ گۈدەكلىكى ۋە بالىلىق چاغلىرى بىلەن چۈچەكلەردىكىدەك پالۋانلىقى، كۈچ-قۇۋۋىتى، پەم - پاراسىتى ۋە ئەقىل - ئىدرىكى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭغا مېھرى چۈشكەن كىتابخان بۇ «پىراقۇ رەشكۇ ھەجرۇ ئاھ ئىلە دەرد» نىڭ مۇئەممالىرىغا بارغانسېرى قىزىقىدۇ. سۆيۈملۈك قەھرىمانىنىڭ تەقدىرىدىن بىئارام بولىدۇ. لېكىن شائىر كىتابخاننى بىردىنلا بۇ مۇئەممالار ئالەمىگە ئېلىپ كىرمەيدۇ. فەرھاد ئوقۇدى، ھۈنەر ئۆگەندى. بىراق، ئۇ غەمكىن ئىدى. بۇ غەمكىنلىك كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ باردۇ، ئاتا- ئانىسىنىڭ تەختىنى تەقدىم قىلىشىمۇ غەمنى تارقىتىۋېتەلمەيدۇ. فەرھاد نېمىگىدۇر ئىنتىلىدۇ، نېمىلەرنىدۇر ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن، بۇ نېمە؟ تېخى روشەن ئەمەس ئىدى. ئاقىۋەت فەرھاد ئاتىسىنىڭ خەزىنىسىدە سىرلىق ئەينەكتىكى يېزىقنى كۆرۈپ، يۇنانىستانغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئەجدەھارلارنى، ئەھرەمەننى يېڭىدۇ، ئىسكەندەر تىلسىمىنى ئاچىدۇ. يۇرتىغا قايتىپ ئۇ تىلسىم ئېچىلغان ئەينەكتە تاغ - تاش كېسىپ سۇ چىقىرىۋاتقان كىشلەرنى، ئەمگەك ۋە ئىجاد مۆجىزىلىرىنى كۆرسىتىۋاتقان يىگىتنى (ئۆزىنى) ۋە گۈزەل قىزنى (شىرىننى) كۆرىدۇ. ئۇنىڭغا ئاشىق بولىدۇ. بۇ سۆيگۈ ئىنسانغا بولغان، ئۇنىڭ بەخت - سائادىتى ۋە پاراۋانلىقى ئۈچۈن بولغان سۆيگۈ ئىدى. بۇ ئورۇندا داستاننىڭ تۈگۈنى باشلىنىدۇ. فەرھادئوبرازىنىڭ رېئالىستىك ماھىيىتى راۋاجلىنىپ بارىدۇ. ئۇ ئەجدىھا، ئەھرەمەن قاتارلىق ئەپسانىۋى كۈچلەرگە قارشى كۆرەشكۈچى قەھرىماندىن تاغ - چۆلدە جەۋلان ئۇرۇپ سۇ ئاچقان، خۇسرەۋدەك زالىم ۋە نادان پادشاھلارغا قارشى مەردانە كۆرەشكەن قەھرىمانغا ئايلىنىپ بارىدۇ. داستاندا يېڭى - يېڭى ۋەقەلەر ۋە كۆرەشلەر سەھنىسىگە يېڭى - يېڭى ئوبرازلار كىرىپ كېلىدۇ. بۇ ۋەقەلەر فەرھاد ۋە شاپۇر، فەرھاد ۋە شىرىن، فەرھاد ۋە مېھىنبانۇ، فەرھاد ۋە خۇسرەۋ، فەرھاد ۋە بەھرام؛ شىرىن ۋە مېھىنبانۇ، شىرىن ۋە فەرھاد، شىرىن ۋە خۇسرەۋ؛ مېھىنبانۇ ۋە شىرىن، مېھىنبانۇ ۋە فەرھاد، مېھىنبانۇ ۋە خۇسرەۋ؛ خۇسرەۋ ۋە شىرىن، خۇسرەۋ ۋە مېھىنبانۇ، خۇسرەۋ ۋە فەرھاد، خۇسرەۋ ۋە شىرۇيە؛ شىرۇيە ۋە خۇسرەۋ، شىرۇيە ۋە شىرىن، شىرۇيە ۋە بەھرام كومپوزىتسىيە سىزىقلىرىدا راۋاجلىنىدۇ. كومپوزىتسىيە سىزىقلىرىنىڭ ھەممىسى بىرلىشىپ، بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ داستاننىڭ يېگانە - مۇستەھكەم كومپوزىتسىيىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. داستاننىڭ ھەربىر بابى (جەمئىي 53 باب) شۇ كومپوزىتسىيىنىڭ مۇھىم بىر ھالقىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

فەرھاد باشلىق ئىجابىي ئوبرازلار بىلەن خۇسرەۋ باشلىق سەلبىي ئوبرازلار، ئىنساننىڭ دوستلىرى بىلەن ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش داستاننىڭ كۈنفلىكتىدۇر. بۇ كۈنفلىكتلارنىڭ ئەينى چاغدا داستان تۈگۈنىنىڭ كۆلىمىناتسىيىسى فەرھاد ۋە خۇسرەۋ مۇنازىرىسىدۇر. فەرھاد ۋە شىرىن ھالاك بولىدۇ. لېكىن، داستان تۈگۈنى ئۇلارنىڭ مەنىۋى غەلىبىسى بىلەن، بەھرام ۋە شىرىنلارنىڭ شىرۇيەنى يېڭىپ، ئادالەت ۋە تىنچلىق قارار تېپىشى بىلەن يېپىلىدۇ، ھەل بولىدۇ.

---

[1] بۇ پارچىدە فەرھاد سۆزىگە ئىزاھ بېرىلگەن: ئا) «فەرھاد» سۆزى «فەررى شاھى» («شاھلىق نۇرى») دىل «فەر» نى «ھىممەت» «ئىقبال» ۋە «دۆلەت» سۆزلىرىنىڭ 1 - ھەرپىنى ئېلىش ۋە بىر - بىرىگە قوشۇشتىن پەيدا بولغان. ب) «فەرھاد» سۆزى «فىراق»، «رەشك»، «ھەجر»، «ئاھ» ۋە «دەرد» سۆزلىرىنىڭ بىرىنچى ھەرپلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تۈزۈلگەن.

«فەرھاد ۋە شىرىن» دە نۇرغۇن لىرىك پارچىلار بار. لىرىك مۇقەددىمە لىرىك چېكىنىش ۋە لىرىك خاتىمىلەرمۇ بار. بۇ لىرىك پارچىلار ۋەقەنىڭ مەزمۇنىغا غايىۋى خۇلاسە ياسايدۇ. شائىرنىڭ ئۆز قەھرىمانلىرىغا بولغان مۇناسىۋىتىنى، ئۇنىڭ ئىچكى روھى كەچۈرمىلىرىنى ۋە خاھىش، ئۈمىدلىرىنى ئىپادىلەيدۇ ھەمدە ئېپىزوتلارنى بىر - بىرسىگە باغلايدۇ.

مىساللار ئېلىپ كۆرەيلى، لىرىك مۇقەددىمە: داستاننىڭ 8 - بابىدا نەۋائى پايدىلانغان مەنبەلەر ھەققىدە سۆزلەشتىن ئاۋۋال ئۆز قىسمىتى ۋە بەدىئىي ماھارىتىنى لىرىك كەچۈرمىلەر تەرىقىسىدە تەسۋىرلەيدۇ.

ماڭا چۇن تالىئى فەرخۇندە كەۋكەب،     مەلەك ئۆۋەل پەرى بىرلە سۆيۈردى،
بۇ ئەۋج ئۈزرە بىسات ئەتتى مۇرەتتەب.     فەلەك ئەنجۇم سىرىشكىدىن سۇ ئۇردى.

لىرىك چېكىنىش: فەرھاد ئەجدىھانى ئۆلتۈرىدۇ. نەۋائى شۇ ئېپىزوت داۋامىدا ئېيتىدۇ:

نې خۇشدۇر، ئەجدەر ئۆلمەك رەنج بىرلە،     قۇياش فەرھادى چۇن تارتىب سىنان تېز،
كىشى قىلماق تەنەئئۇم گەنج بىرلە ...     قارا تاغ ئەجدەرىغە بولدى خۇنرېز.

لىرىك خاتىمە: فەرھادنىڭ دېڭىز ساياھىتى ۋە ئۇنىڭ دېڭىزدىكى تارتقان پالاكەتلىرى ھەققىدە ھېكايە قىلغاچ، شائىر ساقىغا مۇراجىئەت قىلىپ ئېيتىدۇ:

كېتۈر ساقى قەدەھكىم، ناتەۋانمەن،     قەدەھ كىشتىسىغە جانىمنى خاس ئەت،
ھەلاكەت بەھرىدە ئازۇردە جانمەن.     مېنى بۇ غۇسسە بەھرىدىن خەلاس ئەت.

نەۋائى ئوبرازلىرىنى تەييار ھالدا بەرمەيدۇ. «فەرھاد ۋە شىرىن» ئوبرازلىرى ۋەقەنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە، كۈرەش ۋە توقۇنۇشلاردا، ئىزدىنىش ۋە سىناقلاردا ئۆسۈپ راۋاجلىنىپ بارىدۇ. بۇ بىرىنچى نۆۋەتتە داستاننىڭ باش قەھرىمانى فەرھاد ئوبرازىغا تەئەللۇقدۇر. ھەربىر ئوبراز ئىدىئوئال تەرەپلىرى بىلەن دۇنيا قارىشى، مەقسىتى، كىشىلەرگە بولغان مۇناسىۋە-تى، مىجەز خاراكتېرى ۋە ئاشىقى قىياپىتى بىلەن تەلتۆكۈس مۇجەسسەملىشىدۇ. فەرھاد غەيرىتى، ئىجادكارلىقى، سۆرئىتى، سەممىيلىكى، مۇستەھكەم ئىرادىسى ۋە شۇنىڭدەك، كېلىشكەن ئاشىقى قىياپىتى، كۆچلۈكلۈكى بىلەن، شىرىن گۈزەل خۇلقى، ساداقىتى، قەتئىيە-لىكى ۋە لاتاپىتى بىلەن، باشقا ئىجابىي ئوبرازلارمۇ ئۆز پەزىلەت ۋە ياخشى خىسلەتلىرى بىلەن گەۋدىلىنىپ، كىتابخانلارنىڭ مۇھەببىتىنى قازىنىدۇ. سەلبىي ئوبرازلار بولسا زالىمە-لىق، نادانلىق، شەخسىيەتچىلىك ۋە مەككارلىق كەبى يىرگىنچ تەرەپلىرى بىلەن كىتابخاننىڭ نەپرىتى ۋە غەزىپىنى ئويغىتىدۇ.

خۇسرەۋنىڭ قوپال، سەت ئاشىقى قىياپىتى ئۇنىڭ زالىملىقىنى يەنىمۇ تولۇقراق تەسۋىر-لەشكە ياردەم بېرىدۇ.

نەۋائى ياراتقان ئوبرازلار ئىچكى روھى دۇنياسى بىلەنمۇ كىتابخاننىڭ كۆز ئالدىدا مۇكەممەل گەۋدىلىنىدۇ. بۇنىڭغا بولۇپمۇ ئەينەكتە شىرىننى كۆرگەن فەرھادنىڭ ھالىتى، شىرىننىڭ فەرھادقا يازغان مۇڭلۇق، ئەلەملىك مەكتۇبى ۋە باشقىلار ئوچۇق مىسال بولالايدۇ. كىچىك بىر ئېپىزوتنى ئېلىپ كۆرەيلى. مېھىنبانۇ ئەمگەك مۆجىزىلىرى كۆرسەتكەن فەرھاد-نىڭ بېشىدىن ئۇنچىلەر چاچىدۇ، بىراق شىرىن كۆرۈنمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلار فەرھادقا

ئېتمايدۇ، بەلكى ئۇنچىلەر ئۇنىڭ بېشىغا ياغقان تاشتەك تۇيۇلىدۇ:

ئانىڭ ھەر تامىغە ئەيلەب نىسارى، سىنۇق باشىغە بولماق لەئلۇ دۇر پاش،
ساچىپ باشىغە نەقدى بىشۇمارى. كۆرۈنۈپ ھەجر ئارا ياغقان كەبى تاش.

نەۋائى قەھرىمانلىرىنىڭ تىلىغىمۇ زور ئېتىبار بېرىدۇ. قەھرىمانلار تىلىدىكى ئۆزگىچە خاس خۇسۇسىيەتلەر ئۇلارنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى يورۇتۇشقا ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن، فەرھاد بىلەن خۇسرەۋنىڭ مۇنازىرىسىنى ئەسلەپ كۆرەيلى. فەرھادنىڭ ئىپادە ئۇسلۇبى، پىكرىنى ئوچۇق — يورۇق ۋە قەتئىي بايان قىلىشى، ئۇنىڭ مۇستەھكەم ئىرادىسى، مەردلىكى ۋە دانالىقىنى چۈشىنىۋېلىشقا ياردەم بەرسە، خۇسرەۋنىڭ ئىپادە ئۇسلۇبى، بولۇپمۇ بۇيرۇق-ۋازلارچە داغدۇغىلىق سۆزلىرى ئۇنىڭ پىكىر ئاجىزلىقى، نادانلىقى ۋە شەخسىيەتچىلىكىنى چۈشىنىۋېلىشقا ياردەم بېرىدۇ. شىرىنىنىڭ فەرھاققا يازغان مەكتۇبى ئۇنىڭ ياخشى نىيەت، شەپقەت، ھىممەت، سەممىيەت ۋە ساداقەت كەبى خىسلەتلىرىنى ئىپادىلەشكە لايىق تىل بىلەن يېزىلغان.

نەۋائى بەدىئىي تەسۋىر ماھىرىدۇر. ئۇ كىشى ئوبرازلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى ھاياتنىڭ تۈرلۈك تەرەپلىرى ۋە تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى زور ھۆرمەت بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. مەسىلەن، قىش پەسلى تەسۋىرلەنگەن تۆۋەندىكى پارچىنى كۆرۈپ باقايلى:

ساۋۇردى چۈن شەھەر بەرگىنى سەرسەر، دەي ئۇستادى ئېچۈككىم زەرگەرى چىن،
سۇۋنىڭ سىيمابىنى دەي قىلدى مەرمەر. زىلال ئەتفالى لەۋھىن قىلدى سىيمىن.
ھەۋا داغى بۇلۇتدىن كىيدى سىنجاب، بۇلۇتدىنكىم تامىپ ھەر قەترەئى سۇۋ،
بۇلۇت داغى ھەۋاغە ساچدى سىيماب. بۇرۇدەتدىن ياغىپ ئالەمگە ئىنجۇ ...

مەزمۇنى: قاتتىق شامال دەرەخ (لەر) يوپۇرمىقىنى ئۇچۇردى، قىش سۇ سىمابىنى (سىمابتەك بالقىپ تۇرغان سۇنى) مەرمەر قىلدى، مۇزلاتتى. ھاۋا بولۇتتىن سىنجاب (ئاغماخانغا ئوخشىغان بىر خىل ھايۋان ياكى ئۇنىڭ تېرىسىدىن قىلىنغان جۇۋا) كىيدى؛ بۇلۇت ھاۋاغا سىماب (قار) چاچتى. قىش ئۇستىسى، چىن زەرگىرى كۈمۈشتىن تەخت ياسىغاندەك، قىش ئۇستىسى سۇ (مۇز) دىن تەخت ياسىدى. بۇلۇتتىن تامغان ھەر تامچە سۇ سوغۇقتىن ئۈنچە بولۇپ ئالەمگە ياغدى ...

شائىر تەسۋىرىي ئورۇنلاردا بەدىئىي فانتازىيىنى كەڭ ئىشقا سالىدۇ. خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىدىكى تەسۋىرىي ئۇسلۇبلاردىن ئىلھام ئالىدۇ. مەسىلەن، فەرھادنىڭ ئەجدىھاغا قارشى كۈرەش قىلىشى، ئەھرەمەننى يېڭىشى، ئىسكەندەر تىلسىمىنى ئېچىشى، دېڭىزدا قاراقچىلارغا قارشى كۈرەش قىلىشى ۋە باشقا ئېپىزوتلار بەدىئىي تەسۋىر تەرىپىدىن خەلق چۆچەكلىرى ۋە ئەپسانىلىرىغا بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. تەسۋىرلەرنىڭ تۈزۈلۈشى، تاغدا قانال ئېچىش، فەرھادنىڭ خۇسرەۋ بىلەن بولغان جېڭى ۋە باشقا ئېپىزوتلارمۇ تەسۋىرىي جەھەتتىن زوق بېرىدىغان بولۇپ، كىتابخاننىڭ كۆز ئالدىدا جانلىق سۈرەتتەك گەۋدىلىنىدۇ.

نەۋائى تەزاد، مۇتەنىئ ۋە جانلاندۇرۇش كەبى بەدىئىي سەنئەت ئۇسۇللىرىنىڭ ئوخشىتىش، مۇبالىغە ۋە مەجاز كەبى بەدىئىي تىل ۋاستىلىرىنىڭ رەڭمۇرەڭ ۋە ئاجايىب يارقىن نەمۇنىلىرىنى يارىتىدۇ. كۆپىنچە بىرنەچچە بەدىئىي ئۇسۇل ۋە تىل ۋاستىلىرىنى بىر ئوبراز ياكى رېئال ۋەقەدە مۇجەسسەملەشتۈرىدۇ. پەلسەپىۋى پىكىر، رېئال ياكى رومانتىك ئارزۇلار

ئاجايىب گۈزەل ۋە نەپىس بەدىئىي تۈس كىيىدۇ. بىرنەچچە مىسال كەلتۈرەيلى:

كۆزىدە سۇۋ ۋە لېكىن كۆڭلىدە ئوت،
بولۇپ ھەر سارى بولماقىدىن كۆزى تۆرت.

(فەرھاد كانالغا سۇ باشلاشقا ماڭماقتا، كىشىلەر كۆپ، لېكىن شىرىن كۆرۈنمەيدۇ. سۇ ياقىلاشقا كېتىۋاتقان فەرھادنىڭ كۆزىدە سۇ كۆڭلىدە ئوت. بىر - بىرىگە زىد بولغان سۇ بىلەن ئوتنى بىللە بېرىش تەزاد ئۇسلۇبىدۇر. «كۆزى تۆرت» بولسا خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان تەبىردۇر. تەزادمۇ، بۇ تەبىرمۇ فەرھادنىڭ ھالىتىنى، ئۇنىڭ روھى كەچۈرمىلىرىنى تەلتۆكۈس ئىپادىلەشكە خىزمەت قىلىدۇ)

ئانى چاپماققە ئەيلەپ تېشەنى تېز،
بولۇپ ئول قەترە سۇۋدىن ئاتەش ئەنگىز.

(بۇ بېيىتىمۇ تەزاد قوللىنىلغان. تېشەنى ئۆتكۈر قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا سۇ بېرىلىدۇ، سۇ ئىككىنچى مەنىگە كۆچۈرۈلىدۇ ۋە تەئەججۇبى شۇكى، سۇدىن كەكىگە سۇ بېرىشىدۇ. ئوت چىقىدۇ)

ئاڭا راكىب ھەمىشە ئول پەرىۋەش،
بولۇپ ئول دىۋە پەيكەر ھەم پەرىكەش.

(شىرىننىڭ تەرىپىدە شائىر ئۇ ئاتنى دىۋىگە شىرىننى بولسا پەرىگە ئوخشىتىدۇ. دىۋە بىلەن پەرى لازىم ۋە مەزلۇمدۇر. دىۋە بولسا پەرىمۇ، پەرى بولسا دىۋىمۇ بولىشى كېرەك.)

ئارىقىكىم مۇزدىغە يۈز گەنج بەردىم،
سۇۋى كەلمەي ئىلىك ئاندىن يۇپ ئەردىم.

(سۇيى كەلمىگەن ئۆستەڭدە قول يۇيۇش، يەنى مۇمكىن بولمىغان نەرسىنى مۇمكىن دەپ تەسۋىرلەش مۇتەنەببى ئۇسۇلى دېيىلىدۇ)

چۇ ئول مەھد ئىچرە كىردى سەرۋى گۈلرۇ، مېنىڭدەك ئۇيقۇنى كىم كۆردى جاۋىد،
كۆرەركىم ئېلىتمىش مېھماننى ئۇيقۇ. كى ئويغانماي يېتىپ، باشىغە خۇرشىد.

(فەرھاد ئۆلگەن، شىرىن كېلىدۇ. سەرۋى قامەت، گۈل يۈزلۈك شىرىن كۆردىكى، مېھماننى ئۇيقۇ بېسىپتۇ. فەرھاد — مېھمان. چۈنكى ئۇ مۇساپىر. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇسۇلمان ئېتىقادىغا ئاساسەن، ئىنسان بۇ دۇنياغا نىسبەتەن بىر مېھمانغا ئوخشاشدۇر. فەرھاد ئۆلگەن. ئۆلۈم گويا بىر ئۇيقۇدۇر. ئۇخلاپ ياتقان ئادەمنىڭ تۆپىسىگە كۈن نۇرى چۈشكەندە ئۇ ئويغىنىپ كېتىدۇ. شىرىن قۇياش. نېمىشقا شىرىندىن ئىبارەت بۇ قۇياش فەرھادنىڭ تۆپىسىدە پەيدا بولغاندا، ئۇ ئويغانمايدۇ؟ چۈنكى فەرھاد ئەبەدى ئۇيقۇدا ئىدى.

پۈتۈن مىسرادا قانچە پەلسەپۋى پىكىر، رېئال ۋەقە ۋە گۈزەل ئوبرازلار بار. تۈن. قاتتىق يامغۇر ياغىدۇ. يامغۇردىن كېيىن:

ياساپ چۇن ئۇل سۇدىن ئەيلەپ تەۋەھھۇم،
ياڭى ئاي كېمەسىن كىرمەككە ئەنجۇم.

(ھاۋا ئېچىلدى. يۇلتۇزلار ۋە يېڭى ئاي كۆرۈندى. ئاسمان گويا بىر دېڭىز. شۇنچە كۆپ يېغىندىن كېيىن، سۇ دېڭىزنىڭ پەيدا بولۇشى تەبىئىي - دە. يۇلتۇزلار بۇ سۇدا ئېقىپ ياكى چۆكۈپ كەتمەيلى دەپ ئايدىن كېمە ياساپ، ئۇنىڭغا چۇشۇۋالماقچى. يېڭى ئاي كېمە شەكلىگە ئوخشايدۇ).

شەجەر گەر بولماسە تاۋۇسى باغى،
نېدىن تاۋۇسدەك ئۇلدى ئاياغى؟
مەگەر ئاڭلاپ ئۇزىگە ئۇيقۇ چاغىن،
پەرى ئىچرە ئوغۇرلاپ بىر ئاياغىن.

(دەرەخ ــ باغ تاۋۇسى. ئۇ شاخ ۋە يوپۇرماقلىرى، كۆركەملىكى بىلەن تاۋۇس (تۇز) قا ئوخشايدۇ. ئەگەر شۇنداق بولمىسا، نېمىشقا ئۇنىڭ بەستى تاۋۇسنىڭ پۇتىغا ئوخشايدۇ؟ ئەمما تاۋۇسنىڭ پۇتى ئىككىلىگۇ، دەرەخنىڭ غولى بىر - ھە، تاۋۇس ئۇخلىغاندا بىر پۇتىنى پەيلىرىنىڭ ئارىسىغا تىقىۋالىدۇ. دەرەخنىڭ غولى شۇ ھالەتكە ئوخشايدۇ).

كېتۇردىلەر بۇ خىڭى بادەپەيماي،
رەۋان مىندى شەفەق گۇلگۇنىدە ئاي.

(شىرىننىڭ قىزغۇچ رەڭلىك ئاتقا مىنىشى شەفەق ئۇستىدە ئاي كۆرۈنگەنگە، ئات ــ شەپەق، شىرىن ــ ئايغا ئوخشىتىلىدۇ.)

كېسىپ ھەر تىشەسى قىلغاچ خەراشى،
فەلەك فىلى يۇكىدەك پارە تاشى.

(فەرھاد قازغان تاشنىڭ ھەر پارچىسى فەلەك پىلىگە ئارتىلغان يۇككە ئوخشايدۇ.)

ئانىڭدەك تىشەدىن سەكرەپ ئۇشاق تاش،
كى نازىر بىر ياغاچدىن قاچ ئۇرۇپ باش.

(فەرھاد كەكىسىدىن چاچرىغان تاش پارچىلىرى شۇنداق يىراققا چاچرايتتىكى، ئۇنىڭ ئىشى بىر ياغاچ (يەتتە كىلومېتىرغا يېقىن) يەردىن تۇرۇپ كۆزەتكەن ئادەم، بېشىغا تاش كېلىپ چۇشمىسۇن دەپ، ئۇزىنى دالدىغا ئالىدۇ.)

بۇنداق مىساللارنى كۆپلەپ كەلتۇرۇش مۇمكىن.

نىزامىي، خوسرەۋ دېھلەۋى داستانىدەك نەۋائىينىڭ «فەرھاد ۋە شىرىن» داستانىمۇ ھەزەجى مۇسەددەسى مەھزۇرب ۋەزنىدە (مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن فەئۇلۇن) شەكلىدە يېزىلغان.

«سۆز سەنئىتىنىڭ گۇلتاجى» دېگەن كىتابتىن نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇۋېلى خەلپەت



# كروران گۈزىلى ـ ئۇيغۇرلارنىڭ ئانىسى

**پيېر دىلىيانوئا** (فرانسىيە)

ئۇلار ئاق تەنلىكلەرمۇ ياكى ئوتتۇرا يەر دېڭىزى تىپىدىكىلەرگە تەۋەمۇ؟ ئۇلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمى — شىنجاڭدا ياشايدۇ، ئۇيغۇر رايونىدا ھەددى ـ ھېسابسىز نېفىت زاپىسى يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ ياتىدۇ. ئۇ يەردە يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ھىندى ـ ياۋروپا ئېتنىكىسىدىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان مۇمىيالارمۇ بار. بۇ تارىخىي ئىز ـ دېرەكلەر سوئاللىرىمىزغا جاۋاب بولالايدۇ.

جۇڭگونىڭ يىراق چېگرا رايونى شىنجاڭنىڭ مەركىزىي شەھىرى ئۈرۈمچى خۇددى بۇ يەردىكى مول نېفىت زاپىسى كەبى چالقىنىپ تۇرماقتا. 3800 يىللىق «ئاپئاق ئايىم» مۇشۇ چالقىنىشلارنىڭ بىر قىسمى. كاشتان رەڭلىك چېچى، دۈگىلەك كۆزى، ئاپئاق تېرىسى، ئوتتۇرىدىن ياما ئايرىلغان چېچىغا قاراپ، يەرلىك ئاھالىلەر ئۇنى «ئۇيغۇرلارنىڭ ئانىسى» دەپ ئاتاشقا كۆنگەن. مۇنداقلا قارىماققا مەركىزىي ئاسىيانىڭ كىندىكى شىنجاڭ ئۇنىڭ ئۆز يۇرتى ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ. چۈنكى، «كروران گۈزىلى» نىڭ ھاياتى بۈيۈك يىپەك يولىدىكى خاراب بولغان شەھەر كروران بىلەن بىللە تۈگىگەن. 1980 ـ يىلى قۇم ئاستىدىن قوي خۇرۇمى ۋە يۇڭ توقۇلما كىيىملىرى بىلەن قېزىپ چىقىرىلدى. يېشى 45، بويى 1.65 مېتىر بولۇپ، ھەقىقىي دەۋرى ئۈرۈمچىدىكى مۇزېيدا نامايىش قىلىندى.

لېكىن «ئاپئاق ئايىم» تۇرغان شەھەردە ئادەملەر بىلەن لىق تولغان كوچا ـ سوقاقلاردا، كىچىك ئاپتوموبىللار ۋە چوڭ قوش چاقلىق ھارۋىلاردا، نېپىز ئەينەكلىك ماگىزىنلارنىڭ ئالدىدا «بازار ئىگىلىكى سوتسىيالىزمى» نىڭ پولات ـ بېتون بىلەن قوپۇرۇلغان بىنالىرىنىڭ تۈۋىدە، قوۋناق كىشىلەر توپى، قىزلارنى يېتىلىگەن كىشىلەر ئارىسىدا، ھەرى كۆنىكىدەك تېلېفونلار يېنىدا، پرولېتارىياتنىڭ شەپكىسى ۋە كالتەك توپ تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ شەپكىسىنىڭ ئاستىدا پەقەتلا قىيسىق كۆزلەر يە بولمىسا بۇغداي ئۆڭ، قارامتۇل چىرايلا كۆزگە چېلىقىدۇ. ئېنىق ياۋروپا تىپىغا مەنسۇپ بۇ ئاق تەنلىك ئايالنىڭ قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ زېمىن بىلەن قانداق باغلىنىشى بار؟ ئۇ قانداق بولۇپ «سىرېدىنىيە ئىمپېرىيىسى» تېررىتورىيىسىدە پەيدا بولۇپ قالدى.

بازارلاردا قىزغۇچ چاچلىق، كۆك كۆزلۈك كىشىلەرنى ئۇچراتقان ئادەم ھەيران قالىدۇ. بۇ كىشىلەر ياۋروپا دېڭىز قاراقچىلىرىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار ئارغۇنلار ئەمەس، دەل ئۇيغۇرلاردۇر. ئەڭ تۆۋەن چەك بىلەن ستاتىستىكا قىلغاندا، ئۇيغۇرلاردا ياۋروپا ئىرقىدىكىلەر 30% نى ئىگىلەيدۇ. ئۇلاردىكى ياۋروپاچە تەق ـ تۇرق، ئۇزاق تارىخىي مەنبە بىلەن مۇناسىۋەتلىك

7 - ئەسىردە ئۇلاردىن بىر قىسمى موڭغۇلىيەدىن بۇ يەرگە كەلگەندە، رىۋايەتلەردىكى خەلق — توخارلار بىلەن ئۇچراشتى ۋە ئۇلار بىلەن بىرىكىشىپ كەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنى ھىندى - ياۋروپا ئىرقىدىكىلەرنىڭ بىر تارمىقى دېيىشكە بولىدۇ. خېلى كۆپ كىشىلەر ئۇيغۇرلارنى ئۇيسۇنلارنىڭ ئەۋلادلىرى دەيدۇ. بەزىلەر ئۇيغۇرلارنى يىلقىنى تۇنجى بولۇپ كۆندۈرگەن سىكىفلار (ساكلار) نىڭ ئەۋلادلىرى دەپ ھېسابلايدۇ. سىكىفلار قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدا ياشايدىغان بولۇپ، ئۇلار تارىخچى ھىرودوتقىمۇ مەلۇم ئىدى. 2 - ئەسىردىكى ماكىدونىيىلىك داڭلىق جۇغراپىيەچى پتولومىي ئۆزىنىڭ «جۇغراپىيە» ناملىق كىتابىدا تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا، قارا قۇرۇم تاغ قايراقلىرىنىڭ جىلغىلى-رىدا خائۇران سىكىفلىرىنىڭ ياشايدىغانلىقىنى قەيت قىلغان. (تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدىكى، جەنۇبىي يىپەك يولىدىكى قەدىمكى شەھەر خائۇران — كروران؟) پتولومىي باشقا سىكىفلار-نى تەكلىماكاننىڭ شىمالىغا ۋە تەڭرىتاغنىڭ شىمال ۋە جەنۇب ئېتىكىگە جايلاشقانلىقىنى يازغان. بۇنىڭ ئىچىدە گۆتشىن چۆلىمۇ، ئۇنىڭغا ئۇلىنىپ ئىسسىدون شەھىرىمۇ ۋە بەشبا-لىق، ھەممە شىمالىي يىپەك يولىدىكى كارۋانسارايلىرىنىڭ بىرى — ھازىرقى زامانىۋى شەھەر ئۈرۈمچىمۇ بار بولغانىكەن (پتولومىينىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى فرانسۇز ئالىمى بېرتولو تەرىپىدىن قايتا رەتلەندى)، خەن سۇلالىسىنىڭ بىئوگرافىك ئەسەرلىرىدە (مىلادىيە-دىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىردىن مىلادىيەدىن كېيىنكى 2 - ئەسىرگىچە) دۆلەتنىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى يېشىل كۆزلۈك، قىزغۇچ چاچلىق «ياۋايىلار» ھەققىدە كىشىنى قانائەتلەندۈر-گۈدەك دېرەكلەر ئاز.

ۋەھالەنكى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەربنىڭ ئارخېئولوگلىرى توخارلارنىڭ ھىندى - ياۋروپا تىلىدا يېزىلغان، قەدىمكى غەربىي ياۋروپادا ياشىغان كېلىتسلارنىڭ تىلىغا يېقىن كېلىدىغان توخارچە بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرىنى يېشىپ، تىل - يېزىقنىڭ مەنبەيىنى بېكىتىپ ھېچبولمىغاندا، مىلادىيەدىن كېيىنكى 7 - ئەسىردىكى توخار- ئۇيغۇرلار تىل - يېزىقنىڭ، توخار - ئۇيغۇرلار مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن دەۋرىنىڭ مەھسۇلى دەپ قارىدى. ئۇ دەۋردە كرۇراندىكى ئائىلىلىرىدىكى ئاقسۆڭەكلەر رەسىم - قائىدىلەرنى بۇددىستلارنىڭ ۋە گرېكلەرنىڭ دەپ ئايرىدى. ئۇ يەردىكى سودىگەرلەرنىڭ كارۋانسارايلىرىغا رىم ۋە جوڭگوغا جابدۇنۇپ ماڭغان كارۋانچىلار چۈشۈپ ئۆتۈپ، بىزگە لازىملىق ئىسپاتلارنى ئەرەمەي مەنبەلىك ھىندى - خاروچ يېزىقىدا يېزىپ قالدۇردى. ئەپسۇسكى، بۇ گرېك - بۇددىزم مەدەنىيىتى بىزگە يېقىنراق بولغان ئېرامىزنىڭ 4 - ئەسىردە توساتتىن غايىب بولدى.

70 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا تەكلىماكان قۇملۇقىدىن يۈز ئەتراپىدا مۇميا قېزىۋېلىندى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا «ئۇيغۇرلارنىڭ ئانىسى» مۇ بار بولۇپ، ئۇنىڭ پورترېتى يەرلىك سەنئەتكار-لار تەرىپىدىن قايتا يارىتىلدى. ھازىر ئۈرۈمچىنىڭ كوچا - سوقاقلىرىدىن، ماگىزىنلارنىڭ ئەينەكلىرىدىن كرۇران گۈزىلىنىڭ سۈرىتىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

قۇم ئارىسىدا ئوبدان ساقلانغان بۇ مۇميانىڭ يىلى 20 يىللىق تەتقىقاتتىن كېيىن، 2000 يىلدىن 6000 يىلغىچە (كاربون 14 گە تايىنىپ چىقىرىلغان سان - سىفىرلارغا ئاساسلىنىپ) دەپ چىقىرىلدى.

جوڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك تەتقىقاتچىلار بۇ مۇميا ھەققىدە پۈتۈنلەي ئوخشىمىغان پىكىردە بولۇشتى. چۈنكى مۇميالار نېپىز ئەرلىك (لەۋلىك)، قاڭشارلىق، ئورا كۆزلۈك بولۇپ، شەرتسىزلا ھازىرقى بىر بۆلۈك ئۇيغۇرلارغا ۋە قەدىمكى توخارلارغا ئوخشاش ھىندى - ياۋروپا ئېتنىكىسىدىن ئىدى. بۇ ھەقتە يېقىندا فىلادېلفىيىس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسو-رى، خەنزۇ مەدەنىيەت تارىخىنىڭ مۇتەخەسسىسى ۋىكتور مايېر «بۇ مۇنازىرىسىز گېگىنىيە-لىك پاكىت» دېدى.

بىر ئامېرىكان ئالىم تەكلىماكاننىڭ ئارخېئولوگىيىلىك نۇقتىلىرىدىن كۆلالچىنىڭ بارماق

ئىزى قالغان دۆلۆك (كاھىش پارچىسى)نى تېپىۋېلىپ ئۆزىنى ئۆزىتىپ چىققان خەنزۇ ئالىمىدىن ئەۋۋەلىي تارىخنىڭ بۇ كىچىك ئوبرازىنى ئامېرىكىغا ئېلىپ كېتىپ، تەتقىق قىلىشنى ئۆتۈنگەن. ئامېرىكان ئالىم ئىختىيارسىز بايقالغان بۇ «ئىمزا» نىڭ ناھايىتى زور ئۇچۇرلارنىڭ قاينارى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. بېيجىڭدىكى كەسپىي رەھبەر بولسا، «ئويلاپ كۆرۈڭ، بۇنى ئاق تەنلىكلەر ياسىغان دەپ بېكىتىشكە بولامدۇ؟» دەپ سوراپ قويۇپلا، بۇ قىممەتلىك تېپىلمىنى يانچۇقىغا سالغان.

ياۋروپا ئىرقىغا تەۋە بۇ مۇمىيانىڭ تەكشۈرۈلۈشى ياۋرو - ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى ئاھالىلەر كۆچۈشى توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. مۇمىيا بىلەن بىللە كۆمۈلگەن ھەر خىل نەرسىلەر ئارىسىدا توقۇلما رەختلەرنىمۇ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. بۇ رەختلەرنىڭ سۈرەت - نەقىشلىرىدىكى ئامىللار كېرمان قەبىلىلىرىنىڭ دەۋرىدە (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1 -، 2 - ئەسىردە) تارىم ۋادىسىغا ئىككى قېتىم يۆتكەلگەنلىكىدىن قالغان نەرسىلەرنىڭكىگە ئوخشايدىغانلىقىغا تېخنولوگىيىلىك بوياق - سىرلاردىن ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆچۈشى بىرىنچى قېتىم مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000 - يىلىنىڭ دەسلىپىدە، ئىككىنچى قېتىم غەربتىن بىرىنچى قېتىم كۆچكەن دەۋردىن بىرنەچچە ئەسىر كېيىنكى ۋاقىتتا يۈز بەرگەن. بۇ رايونلاردا بېقىلغان يىلقىلارنىڭ دىنىي قائىدىلەر بىلەن كۆمۈلۈشى قارا دېڭىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى يىلقىلارنىڭ كۆمۈلۈشىگە ئوخشايدىغانلىقى كىشىلەرنى قىزىقتۇرىدۇ. جەنۇبىي روسىيە ۋە غەربىي قازاقىستان يايلاقلىرىدىكى يېڭى تاش قورال دەۋرى ۋە كېيىنكى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت ئارخىلوگىيىلىك نۇقتىلاردىكى پالېئونتوپولوگىيىلىك تەتقىقاتلاردىن ئىنسانلارنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 5 - ئەسىردە يىلقىنى كۆندۈرگەنلىكى مەلۇم. كۆرۈۋاللايمىزكى شىنجاڭ رايونىدا 3000 يىل ئىلگىرىلا يىلقا ھارۋىلىرى ئىجاد قىلىنغان ۋە كەڭ ياۋرو - ئاسىيا يايلاقلىرىدىكى كۆچمەن خەلقلەر تۇرمۇشىدا ئىشلىتىلگەن. ئۈرۈمچىدىكى مۇزېيدا كۆرگەزمە قىلىنغان «زاغۇنلۇق ئادىمى» دىن تېخىمۇ روشەن پاكىتنى كۆرۈۋاللايمىز. زاغۇنلۇقتىن چىققان بۇ ئەر جەسەت مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1000 يىلدىن ئۇزاق ۋاقىتقا تەۋە بولۇپ، ئۇنىڭ ناھايىتى ياخشى ساقلانغان چىراي شەكلى ئۇ ئەرنىڭ غەرب، ھىندى - ياۋروپا ئېتنىكىسىدىن ئىكەنلىكىنى مۇنازىرىسىز كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. تېخىمۇ ھەيران قالارلىقى ئۇنىڭ كىيگەن ئۆتۈكى ھازىرقى ئۇيغۇر يىلقىچىلىرىنىڭ ئۆتۈكىگە بەكمۇ ئوخشايدۇ.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ياۋرو ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى مىلادىدىن 3 - 5 مىڭ يىل ئىلگىرىلا ياۋرو - ئاسىيانىڭ غەربىي يايلاقلىرى ئىكەنلىكىنى، مىلادىدىن تۆت مىڭ يىل ئىلگىرىلا شۇ يەرلەردىكى ئېتنىك تەركىبلەرنىڭ قىسمەن قەبىلىلىرىنىڭ مىس، بىرونزا بىلەن كېيىن تۆمۈر بىلەن قوراللانغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ دېڭىز دولقۇنلىرىدەك بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆز ئۆرۈش ھارۋىلىرى بىلەن غەرب، جەنۇب، ۋە شەرق ئۈچ يۆنىلىش بويىچە كۆچكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ خىل شەكىلدە كۆچكەن ھىندى - ياۋروپا قەبىلىلىرى ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى يۇرتلىرىدىن خېلى يىراقلاپ كەتكەن. ياۋرو - ئاسىيا يايلاقلىرىنى بويلاپ شەرققە كۆچكەن خەلق تەكلىماكان قۇملۇقىغا بېرىپ توختىغان. ئۇلار دەل توخارلاردۇر. ئۇيغۇرلاردىن بىر قىسمى تارىم ۋادىسىغا مىلادى 7 - ئەسىردە كۆچۈپ كېلىپ توخار ئاھالىلىرى بىلەن بىرىكىشىپ كەتكەن. بۇ مەزمۇنلار نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي جەريانىدا، ياۋرو - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئىككى چېتىدىن كەلگەن خەلقلەرنىڭ ئۆز ئارا باردى-كەلدىنى ئۈزۈپ قويمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مەزكۇر ماقالىنى قازاقىستان ئىنفورماتسىيە - ئىجتىمائىي پەن مىنىستىرلىقى چىقىرىدىغان «простор» ژۇرنىلىنىڭ 1998 - يىللىق 5 - سانىدىكى رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسىدىن **يۇسۇف ئىگەم** تەرجىمە قىلدى.

# «گۈلزارى بىنىش» ئىجادىي ئەسەرمۇ ياكى تەرجىمىمۇ

پەخرىددىن ئىمىن

مۇشۇ كۈنگىچە ناقىس (مول سابىر بىنى موللا ئابدۇلقادىر) ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرى تونۇشتۇرۇلغان بىرمۇنچە ماتېرىياللاردا ناقىسنىڭ «گۈلزارى بىنىش» ناملىق چوڭ ھەجىملىك شېئىرىي داستانى توغرىلىق «پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈلۈپ تەرجىمە قىلىنغان . . . » دېيىلگەن قاراش ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن، داستاننىڭ ئۆزىنى چوڭقۇرراق تەھلىل قىلىپ قارىغاندا، يۇقىرىدىكى قاراشنىڭ مۇۋاپىق ئەمەس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. ئىجادىي ئەسەر، دېگەن ئۇقۇم بىلەن ئىجادىي تەرجىمە ئەسەر، دېگەن ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ھەممە ئادەمگە ئايان. ھالبۇكى، بۇ پەرقنى ئېنىق ئايرىش يالغۇز ئۇقۇم مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئاپتور ۋە ئۇنىڭ نام - شۆھرىتى مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىكتۇر. جىددىيرەك قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئاخىر تارىخىي مىراسلارنىڭ تەۋەلىكىدىن ئىبارەت چوڭ مەسىلىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «گۈلزارى بىنىش» نىڭ ئىجادىي ئەسەر ياكى ئىجادىي تەرجىمە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئېنىق ۋە كەسكىن بىر تەبىرنى ئوتتۇرىغا قويۇش سەل قاراشقا بولمايدىغان ئىش.

ناقىس ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن ماتېرىياللار خېلى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار مەخسۇس تېمىدىكى تەتقىقات ماتېرىياللىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، چوڭقۇر ۋە ئومۇمىيۈزلۈك بولۇش دەرىجىسىدىن خېلىلا يىراق بولۇپ، پەقەتلا يۈزەكى ھادىسىلەر ئاساسىدىكى تونۇشتۇرۇش ماتېرىياللىرىدىنلا ئىبارەت. ھادىسىدىن ئۆتۈپ، ماھىيەتكە چوڭقۇر نەزەر سالغاندىلا ئاندىن يۇقىرىدىكى مەسىلىگە قارىتا ئېنىق ۋە توغرا جاۋاب تاپقىلى بولىدۇ.

يۈزەكى قارىغاندا، «گۈلزارى بىنىش» «بەھارى دانىش» نىڭ ئىجادىي تەرجىمىسى، دېيىلگەن قاراشقا داستاننىڭ ئۆزىدىكى بەزى مەزمۇنلار ئاساس قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. ھەقىقەتەن، داستاننىڭ مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە جايلىرىدا «گۈلزارى بىنىش» نىڭ پارس تىلىدىكى «بەھارى دانىش» بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك مىسرالار بار:

«ئۆتۈپ مۇنداغ نەچە يىللار، نەچە ئاي،
كېلىپ دېدى ماڭا بىر ئاشنا باي:
«ئالىپ ئېردىم بىرەۋدىن بىر كىتابى
ئىشتىمەي سۆزلەرىن بولدۇم كەبابى.
ئۆزى فارسى ‹بەھارى دانىش› ئاتى،
ئىمىش ھىندۇستاندىن ئەسلى زاتى.»
«ئەگەر بۇ خەستەگە ئەيلەپ تەرەھھۇم
بۇ فارسى تۈركىيغە بولسە تەرەججۇم.»
ئانىڭ چۈن نەسرى ئېردى مۇددەئاسى
ماڭا تۇشمەي قەبۇلىنىڭ ھەۋاسى.
نەچە كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى ئارادىن،
يەنە بىر كۈن كىرىپ كەلدى تالادىن.

داغى قىلدى ئۆزى ھالىنى ئىزھار،
دېدىم ئاخىر ئاڭا: «مەندە نەھەد بار،
كى مۇنداغ ئىش مېنىڭ كەلگەي قولۇمدىن؟
ئازىپ تۇرسام ھەمىشە ئۆز يولۇمدىن.»
بولۇپ ياندى بۇ سۆزدىن ئەسرۇ مەئيۇس
كى يارىلغان كەبى كۆڭلى ئارا كۇس.
تۇرۇپ بىر كۈن خەيال ئەتتىمكى مۇنداغ:
«نې دەپ قۇيدۇم ئۇ باينىڭ كۆڭلىگە داغ»
ئىدى ئول باينىڭ ئاتى داۋۇد ئاخۇن،
ئېزىلگەندۇر ئانىڭ كۆڭلىدە ئەفيۇن.
دېمەي ئەمدى ئاڭا بىر جەھد ئەيلەي،
رېزىكمەسلىككە ئەۋۋەل ئەھد ئەيلەي.»

«بۇ قاتتىغ يولغا كىرسە بولدۇم ئازىم
يېتەرگە فىكرەتىم ھەم بولدى جازىم.»
بۇ يەڭلىغكىم كۆنى قىلدىم تەخەييۇل،
«بەھارى دانىش» نى ھەم تەئەممۇل.
ئوقۇپ كۆردۇم ئانىڭ باشىدىن - ئەياغى،
ئىبارەت گۈللاردىن تۇرفە باغى.
دېدىم كۆڭلۈمدەكىم، بولسە بەھاران،
ئاچىلغۇر لالەۋۇ گۈللار نەمايان.
قىلىنسە خەتلەرى گەر تۈركىي تەھرىر،
ئاچىلسە تۈركىي بىرلە فارسى زەنجىر.
گۈلۈر گۈيا بەھار بولغاندا گۈللار،
سەبا بىرلە يۈزىن قىلمىش نەمۇدار.
نەمۇدارۇ نەمايان بولسەگەر زەم
بولۇر بىنىش كۆرۈنگەچ مەئنى مۇبھەم.
مۇنى زەم ئەيلەسە گۈلزارغە ھەس،
بولۇر گۈلزارى بىنىش، گۈشبۇ سۆز بەس.
سەبەب بۇكىم ئىشتىكىل خاس ئىلە ئام،
مۇڭا «گۈلزارى بىنىش» ئەيلەدىم نام.»

لېكىن، بۇ شېئىرىي بايانلار «گۈلزارى بىنىش» «باھارى دانىش» نىڭ ئىجادىي تەرجە-مىسى ئىكەنلىكىنىڭ ئاساسى بولالمايدۇ. يۇقىرىدىكى مىسرالاردا «گۈلزارى بىنىش» نىڭ ئىجاد قىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان ئاساسلىق سەۋەب ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تەپسىلاتلار بايان قىلىنغان: ناقىسنىڭ يېقىن بۇرادەرلىرىدىن داۋۇت ئاخۇنباي ئىسىملىك بىرى، كۆنلەرنىڭ بىرىدە، «باھارى دانىش» ناملىق پارس تىلىدىكى كىتابنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، ناقىستىن بۇ كىتابنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئىشلەپ چىقىش توغرىلىق ئىلتىماس قىلىدۇ. ناقىس بۇ ئىلتىماسنى قوبۇل قىلمايدۇ. داۋۇت ئاخۇنباي ئىككىنچى قېتىم يەنە شۇ توغرىلىق ئىلتىماس قىلغاندا، ناقىس سىلىق - سىپايىلىق بىلەن بەزى سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى يەنە رەد قىلىدۇ. نەتىجىدە داۋۇت ئاخۇنباي قاتتىق مەيۈسلىنىدۇ. بۇرادىرىنىڭ رەنجىگەنلىكىنى كۆرگەن ناقىسمۇ ئىنتايىن خاتىرجەمسىزلىنىدۇ ۋە ئۆز ئىشىدىن پۇشايمان قىلىپ، بۇرادىرىنىڭ ئىلتىماسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بەل باغلايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ناقىس «بەھارى دانىش» نى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن باشتىن - ئاخىر تونۇشۇپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنى تەرجىمە قىلىپ ئەمەس، بەلكى تۈركىي (ئۇيغۇر) تىلىدىكى باشقىچە بىر كىتاب قىلىپ يېزىپ چىقماقچى بولىدۇ. يەنى، پارس تىلى باھارىدىكى باغدا ئېچىلغان گۈللەرنى خەس تىكەنلىرىدىن ئايرىپ، ئۇيغۇر تىلى كۆكلىمىدىكى گۈلزارلىققا كۆچۈرۈپ كېلىپ، تىكەنسىز گۈللەرگە ئايلاندۇرۇش نىيىتىگە كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ناقىس، «بەھارى دانىش» نىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى مەنبە قىلىپ يېڭى بىر ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. بۇ نۇقتىنى ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى «قىلىنسە خەتلەرى گەر تۈركىي تەھرىر، ئاچىلسە تۈركىي بىرلە فارسى زەنجىر» دېگەن مىسرالىرىمۇ تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. چۈنكى ناقىسنىڭ تەھرىر بىلەن تەرجىمىنى پەرقلەندۈرمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.① ئاخىرىدا ناقىس يەنە، بۇ يېڭى ئەسەر-گە «گۈلزارى بىنىش» دەپ نام بەرگەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەش ئارقىلىق، داستانىنىڭ پارس يازغۇچىسىنىڭ «باھار دانىش» نى ئەمەس بەلكى ئۆزىنىڭ «گۈلزارى بىنىش» ى ئىكەنلىكىنى ۋاستىلىك ھالدا، لېكىن ئېنىق ئۇقتۇرىدۇ. دېمەك، ئاپتور يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەرگە بىنائەن داستاندا «گۈلزارى بىنىش» بىلەن «بەھارى دانىش» نىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختالغان.

يۇقىرىدىكى مەزمۇنلاردىن مۇنداق ئىككى نۇقتىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ:

بىرىنچىدىن، ناقىس داستاندا «بەھارى دانىش» نى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق، بۇرادىرىنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنى خاتىرجەم قىلماقچى ۋە بۇدادىرىنىڭ ئىلتىماسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۆزىنىڭ يېڭى بىر ئەسەرنى ئىجاد قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولغان. بۇنىڭدىن ناقىسنىڭ دوست - بۇرادەرلىك بابىدىكى

① گەرچە «تەھرىر» دېگەن سۆز يازماق، كىتاب يازماق دېگەن مەنىگە ئىگە.

چەكسىز ساداقەتمەن پەزىلىتىنى، بۇنداق ئۇلۇغ پەزىلەتنىڭ كۆتۈلمىگەن ئۇلۇغ نەتىجىلەرگە سەۋەبچى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، داستان بۇرادىرىنىڭ مۇددىئاسى بويىچە نەسرىي شەكىلدە ئەمەس، نەزمى شەكىلدە ئىشلەنگەنلىكى، ئەسەرگە «گۈلزارى بىنىش» دەپ نام بېرىلگەنلىكى توغرىسىدا ئالاھىدە چۈشەنچە بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۆزگىچە تەملىك ئىجادىي ئەسەر ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇش بىلەن، باشقىلارنىڭ بۇ ئەسەرگە «بەھارى دانىش» قا قارىغان كۆز بىلەن ئەمەس، بەلكى «گۈلزارى بىنىش» تىن ئىبارەت يېڭى ئەسەر نۇقتىسىدىن قارىشىنى ئۈمىد قىلغان.

دېمەك، داستاندىكى «گۈلزارى بىنىش» بىلەن «باھار دانىش» نىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى مەزمۇنلاردىن مۇشۇنداق خۇلاسىنى چىقىرىشقىلا بولىدۇكى، ھەرگىزمۇ «گۈلزارى بىنىش» «بەھارى دانىش» نىڭ ئىجادىي تەرجىمىسى، دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولمايدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، داستاننى ئومۇمىيۈزلۈك تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ «ئىجادىي ئەسەر» ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ چىقىشقا بولىدۇ.

1) داستاننىڭ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، داستان تەبىئىي ھالدا ئىككى بۆلۈمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، پۈتۈن داستاننىڭ ئۇلى بىرىنچى بۆلۈم ئاساسىغا قۇرۇلغان. بىرىنچى بۆلۈم تولۇق ئىشلەنگەن مۇكەممەل ئەسەر بولغان. ئىككىنچى بۆلۈم ئاياغلاشتۇرۇلماي تاشلاپ قويۇلغان، شۇڭا ئىككىنچى بۆلۈم بولمىغان ھالەتتىمۇ، بىرىنچى بۆلۈمنى بىر پۈتۈن ئەسەر دەپ قاراشقا بولىدۇ.

2) ئۇسلۇب جەھەتتىن قارىغاندا، پۈتۈن داستان ناقىسنىڭ خاس ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى گەۋدىلەندۇرۇپ، باشقىلارنىڭ ئۇسلۇبىدىن ئۆزگىچە بولغان ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. ئىككىنچى بۆلۈمدە ناقىسنىڭ ئالاھىدە ئۇسلۇبى ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپلا قالماي، ئۇ «بەھار دانىش» ھېكايىلىرىنىڭ ئۆزگىچە ۋە يېڭى ۋارىيانتى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. ئەگەر ئىككىنچى بۆلۈمدىكى ھېكايىلەرنى ناقىسنىڭ ئۇسلۇبى بويىچە قايتىدىن نەسرىيلەشتۈرۈشكە توغرا كەلسە، ئۇ ھالدا، شەيخ ئىنايىتۇللانىڭ «بەھارى دانىش» نىغا ئوخشىمايدىغان باشقا بىر ئەسەرنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقى چوقۇم.

3) مەزمۇن جەھەتتىن قارىغاندا، بىرىنچى بۆلۈمنىڭ مەزمۇنى پۈتۈنلەي ناقىسنىڭ دۇنيا قارىشى، كىشىلىك قارىشى، ئارزۇ - ئىستەكلىرى ۋە ئىجادىيەت خاھىشىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ. يەنى، ئۇنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، دىن، پەلسەپە، ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە ئىلمىي - نەزەرىيىۋى مەسىلىلەردىن ئىبارەت زور تېمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرىنچى بۆلۈمدە بەزىدە ئىجتىمائىي ئەخلاق مەزمۇنىدىكى بىرقانچە مىسرا بىلەنلا پۈتۈن ئىككىنچى بۆلۈمنىڭ مەزمۇنى ئىپادىلەپ بېرىلگەن. ئىككىنچى بۆلۈمنى بولسا ناقىسنىڭ تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت خاھىشىنىڭ مەھسۇلى بولغان ئاشۇ مىسرالارنىڭ، مىسال ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن قوشۇمچىسىدىن ئىبارەت، دېيىشكە بولىدۇ. بۇنىڭدىن بۆلەك، داستاننىڭ بىرىنچى بۆلۈمى بىلەن «بەھارى دانىش» ھېكايىلىرىنىڭ ھېچقانداق ئالاقىسى يوق.

4) داستانغا سەرپ قىلىنغان ئەمگەكنىڭ سالمىقىدىن قارىغاندا، بىرىنچى بۆلۈمگە سىڭدۈرۈلگەن ئەمگەك ناقىسنىڭ خاس ئىجادىي ئەمگىكى بولسا، ئىككىنچى بۆلۈمگە سىڭدۈرۈلگەن ئەمگەك خۇددى بىرەر تەييار مەھسۇلاتنى چۇۋۇپ، بەزى جايلىرىنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، قايتىدىن قۇراشتۇرۇپ چىققانغا ئوخشىمايدىغان، بەلكى شۇ مەھسۇلاتنىڭ ماتېرىيالىدەك ماتېرىيال بىلەن يېڭى بىر مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقارغانغا ئوخشاش ئىجادىي ئەمگەكتۇر. دېمەك، ئالدىنقى ئەمگەك بىلەن كېيىنكىسى ئوخشاشلا ئىجادىيەتتۇر. يەنى داستاننىڭ بىرىنچى بۆلۈمىمۇ، ئىككىنچى بۆلۈمىمۇ ناقىسنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىگە مەنسۇپ.

5) داستاننىڭ ئىككىنچى بۆلۈمىنىڭ، يەنى «بەھارى دانىش» ھېكايىلىرىنىڭ قانداق

سەۋەبلەر بىلەندۇر، داۋاملاشتۇرۇلماي قالغانلىقى نامەلۇم، لېكىن، داستاننى بارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئىجادىي ئەسەر سۈپىتىدە مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ.

قىسقىسى، «گۈلزارى بىنىش» نى «گۈلزارى بىنىش» قىلىپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ تۇرغىنى ئۇنىڭ بىرىنچى بۆلۈمىدۇر.

كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىكى تەرجىمە ساھەسىدە بىرەر ئەسەرنى ئۇنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇش - تولۇقلاش، قىسقارتىش ۋە تۈزىتىش - ئىستىدات ۋە تالانتىنىڭ نامايەندىسى، تارىختا بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. ئەمما، بىرەر ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى ئاساسىي مەنبە قىلىپ، شۇ ئەسەردىكى مەزمۇن بويىچە قايتىدىن ئەسەر ئىشلەش بولسا باشقا بىر گەپ، مەسىلەن: مەشھۇر تارىخىي ئەسەر «قىسسەسۇل ئەنبىيا» قۇرئاندىكى قىسسىلەر ۋە ئەرەبچە تارىخىي مەنبەلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنى تەرجىمە ئەسەر دېگىلى بولمايدۇ، سۆزسىزكى، ئۇ رەبغۇزىنىڭ ئىجادىي ئەسىرى. مۇستەقىل پىكىر ۋە خاس ئىجادىيەت ئۇسلۇبىغا ئىگە تالانتلىق شائىر ناقىسنىڭ «بەھارى دانىش» قا نىسبەتەن ئىجادىي پوزىتسىيىدە بولغانلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ. ئەمما، ئۇ ئەزەلدىن مۇستەقىل ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى تېمىلاردا يازغان ئەسەرلىرىدە ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئەسەرلىرى شائىر ئۈچۈن خام ماتېرىيال سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان. ناقىس بۇ ماتېرىياللارنى بېگىۋاشتىن پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئۆز ئۇسلۇبى بويىچە، ئۆز دىتىغا لايىق يېڭى ئىجادىي ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. «گۈلزارى بىنىش» نىڭ بىرىنچى بۆلۈم بەشىنچى ماۋزۇسى مەشھۇر «ئىسرا ۋە مىراج» ھېكايىسى بولۇپ «ئىسلام مەدەنىيىتى خەزىنىسىدىكى بىر گۈل ھېسابلىنىدىغان» بۇ رىۋايەتنى ھەممىدىن ئاۋۋال ئىبنى ئىسھاق دېگەن ئادەم ھېكايە شەكلىدە بايان قىلغان ۋە بۇ ھەقتە ناقىستىن بۇرۇن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ قىرىقتىن ئارتۇق ھەر خىل ئەسەرلەر نەشر قىلىنغان. ناقىسنىڭ «ئىسرا ۋە مىئراج» ھەققىدىكى ھېكايىسى ئەنە شۇلارنىڭ بىرى ۋە نادىرلىرىدىن بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭ خاس ئىجادىيىتى بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئىبنى ئىسھاق ياكى ئىلگىرىكى باشقا بىرەر ئاپتورنىڭ شۇ مەزمۇندىكى ئەسىرىنىڭ ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈلگەن تەرجىمىسى ئەمەس.

ئاخىرقى يەكۈن شۇكى، خۇددى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «فەرھاد ۋە شىرىن» داستانىنى نىزامى گەنجىۋى ياكى خۇسرەۋ دېھلىۋىنىڭ «خۇسرەۋ ۋە شىرىن» ناملىق داستانلىرىنىڭ ئىجادىي تەرجىمىسى، دېيىش توغرا بولمىغاندەك، ناقىسنىڭ «گۈلزارى بىنىش» داستانىنى پارس يازغۇچىسى شەيخ ئىنايىتۇللانىڭ «باھارى دانىش» ھېكايىلىرىنىڭ ئىجادىي تەرجىمىسى، دېيىش توغرا ئەمەس. ئۇنى ئېنىق قىلىپ ناقىسنىڭ ئىلمىي، نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر بايان قىلىنغان ئىجادىي ئەسىرى، دەپ مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. «گۈلزارى بىنىش»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1989 - يىلى 4 - سان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.
2. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىن نامايەندىلەر» ئىمىنجان ئەخمىدى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىلى نەشرى.
3. «ئىسلام مەدەنىيىتىگە دائىر بىلىملەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1995 - يىل نەشرى.

# مەڭگۈ تاشلاردىكى قەھرىمانلىق روھى

خەيرۇللا كامىل

ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نەمۇنىسى بولغان مەڭگۈ تاشلار ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى، ئەدەبىي ۋە تارىخىي قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، ئاجايىپ ئىسىل بەدىئىي ئۇسلۇبى، ئۆزگىچە ئەدەبىي شەكلى، مەزمۇنىدا پارلاپ تۇرغان ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ۋە ئاجايىپ قەھرىمانلىق روھى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى خەزىنىسىدە ئۆچمەس يۇلتۇزدەك جۇلالىنىپ تۇرىدۇ.

مەڭگۈ تاشلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تەرىپىدىن تۈرك قاغانلىقى ۋە ئورخۇن - ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرىدە تاشلارغا ئويۇلغان ئۆز دەۋرىنىڭ تارىخىي رېئاللىقىدىن گۇۋاھلىق بەرگۈچى مۇھىم ھۆججەت، شۇنداقلا شۇ دەۋرلەردىكى تىل - ئەدەبىياتنىڭ يېگانە ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ. مەڭگۈ تاشلار سان جەھەتتىن خېلى كۆپ. لېكىن بىرقەدەر تولۇق ساقلىنىپ قالغان، مۇكەممەل، شۇنداقلا ئەدەبىيات تارىخىدا كۆپرەك تىلغا ئېلىنىدىغانلىرى: «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» (712 - 716 - يىللار)، «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» (732 - يىللار)، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» (735 - يىللار)، «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» (759 - يىللىرى) قاتارلىقلار بولۇپ، مەن بۇ ماقالەمدە مۇشۇلارنى ئاساس قىلىپ كۆزقارىشىمنى ئىسپاتلىماقچىمەن.

18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ باشلانغان مەڭگۈ تاشلار ھەققىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ يادىكارلىقلارنىڭ تىل ۋە تارىخىي جەھەتتىكى ئەھمىيىتى ئىسپاتلىنىپ كۆرۈنەرلىك زور نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن قەدىمكى تۈرك (ئورخۇن) يېزىقىدىكى بۇ تاش پۈتۈكلەر تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ، مەدەنىيەت ۋە تىل - يېزىق تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم ماتېرىيالى ۋە نادىر ئۈلگىسى سۈپىتىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك بايلىق بولۇپ ھېسابلاندى.

بۇ يازما يادىكارلىقلار شەكلىنىڭ پۇختىلىقى، تىلىنىڭ ساغلاملىقى، قوللىنىلغان ئاتالغۇلىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئېنىقلىقى، تۈزۈلۈشىنىڭ ئىخچاملىقى قاتارلىق جەھەتلىرىدە دىققەتكە سازاۋەر.

مەڭگۈ تاشلارنىڭ مەزمۇنىغا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭدا كۆك تۈرك قاغانلىقىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاكىتى بايان قىلىنغان بولۇپ، كۆل تېگىن، تونيۇقۇق، بىلگەقاغان، قۇتلۇق بىلگە قاغانلارنىڭ پارچىلىنىپ كەتكەن ئۇششاق قەبىلىلەرنى قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچ ئاستىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، كەڭ دائىرىدە بىرلىككە كەلگەن، كۈچلۈك فېئوداللىق دۆلەت قۇرۇش جەريانىدا ئېلىپ بارغان ھەربىي يۈرۈشلىرى، جەمئىيەتنى گۈللەندۈرۈشتىكى ئوينىغان رولى ۋە تۆھپىلىرى تەسۋىرلەنگەن.

مەڭگۈ تاشلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تارىخ نۇقتىسى ۋە تىل نۇقتىسىدىكى تەتقىقاتلاردىن باشقا يەنە تېخىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ تاش پۈتۈكلەر خاقانلارنىڭ نەسەبنامىسى ۋە تىل ماتېرىيالى بولۇش بىلەن بىرگە، يەنە ئۆز دەۋرىنىڭ بىرىنچى تۈركۈم ئەدەبىي ئەسەرلىرى ھېسابلىنىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇ ھەيۋەتلىك قەھرىمانلىق ئېپوسىدىن ئىبارەت. مەڭگۈ تاشلارنىڭ كۆپى

دېگۈدەك ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر تارىخىي شەخسلىرى ئۈچۈن ئورنىتىلغان بولغاچقا، مەڭگۈ تاشلار شۇ شەخسنىڭ نامى بىلەن باغلانغان. ئۇلاردا شۇ شەخسلەرنىڭ ھايات پائالىيىتى بايان قىلىنىش ئارقىلىق رىئال شەخس ۋە تارىخىي قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان. ئۇنىڭدا پارلاپ تۇرغان مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئوبرازىدىن ئاجايىپ قەھرىمانلىق روھى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

تارىخنىڭ تەرەققىياتى ۋە دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، مەلۇم تارىخىي باسقۇچتا شۇ دەۋرنىڭ مەشھۇر شەخسلىرى ۋە قەھرىمانلىرى مەيدانغا كېلىدۇ. مەڭگۈ تاشلاردا بايان قىلىنغان بۇمىن، ئىستەمى، ئېلتەرىش، تونيۇقۇق، كۆل تېگىن، مويۇنچۇرلار دەل ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر شەخسلىرى ۋە قەھرىمانلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئوتتۇرىغا چىقىشى ئېنگېلس ئېيتقاندەك، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى. مەشھۇر شەخس (ئەرباب) ۋە قەھرىمانلارنىڭ بارلىققا كېلىشى، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى بولۇپلا قالماي، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە تارىخنىڭ تەرەققىياتىدا تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان مۇھىم ئامىللاردۇر.

مەڭگۈ تاشلاردىكى مەشھۇر شەخس (خاقان، ۋەزىر) لەرنىڭ ئۆز دەۋرىنىڭ قەھرىمانلەرى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قەھرىمانلىق روھنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن شۇ دەۋرلەردىكى قەھرىمانلىق ئەنئەنىسى ۋە قەھرىمانلىق چۈشەنچىسى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

قەدىمكى تۈركىي تىل شېۋىلىرىدە قەھرىمان، جەسۇر، يىگىت ۋە كۈچلۈك دېگەن مەنىدىكى «ئالىپ» سۆزى يەنە بىر خىل ئۇنۋان ۋە قەبىلە تەشكىلاتى ئىچىدە بىر ئەسكىرىي قاتلامنىڭ نامى سۈپىتىدىمۇ قوللىنىلغان.

ياۋروپا - ئاسىيا زېمىنلىرىدا قاتتىق ۋە دائىمىي بىر ئۇرۇش ھاياتىنى كەچۈرگەن تۈركىي قوۋملىرى ۋە باشقا ئالتاي قوۋملىرى ئارىسىدا مۇشۇ خىل ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان باشقا ئاتالغۇلارمۇ بار. مەسىلەن: ئەسلىدە موڭغۇل تىلىغا مەنسۇپ بولۇپ، كېيىن تۈركىي تىلىغا ئۆزلەشكەن «باغاتۇر» (باتۇر) سۆزى باشقا ئالتاي تىللىرىدا «ئالىپ» نىڭ تەڭدىشى ئورنىدا كەلگەن. تۈركىي تىلىدا، بولۇپمۇ ئوغۇز شېۋىسىدە يەنە مۇشۇ مەنىدىكى «سۆكمەن» سۆزى مەۋجۇت بولۇپ، بۇ سۆز «دۈشمەننىڭ ھەربىي سېپىنى بۆسۈپ ئۆتۈش» دېگەن مەنىدە كەلگەن. يەنە بۇ مەنىدە «چاپار» سۆزىمۇ قوللىنىلغان. «ئالىپ» سۆزىنىڭ قەدىمكى ۋە بۈگۈنكى تۈركىي تىل شېۋىلىرىنىڭ ھەممىسىدە مەۋجۇد ئىكەنلىكى مەلۇم. ئۇرخۇن - يەنسەي يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان نۇرغۇن ۋەسىقىلەردە بۇ سۆز خاس ئىسىم، سۈپەت ۋە ئۇنۋان سۈپىتىدە ئۇچرايدۇ. شاھزادە كۆل تېگىننىڭ مىنگەن بىر ئېتىنىڭ نامى «ئالىپ - شالچى» ئىكەنلىكىمۇ «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» دا خاتىرىلەنگەن. قەھرىمان مىنگەن ئاتلارغا بۇنداق ناملارنىڭ قويۇلۇشى دەۋرداش ھەربىي قوۋملارغا ئوخشاش تۈركىي خەلقلەردىمۇ قەدىمىي بىر ئادەت.

«قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ۋە 13 - ، 14 - ئەسىرلەردە تۈزۈلگەن لۇغەتلەردە كۆپ ئۇچرايدىغان بۇ سۆزنى ئوغۇزلارنىڭ كەڭ ئىشلەتكەنلىكى كېيىنكى ھۆججەتلەردىن مەلۇم. بۇ قەدىمكى تۈرۈكچە «ئالىپ» (ALip) شەكلىدە ۋە ئاشۇ مەنىدە ئالتاي، ئاباقان، قازاق، قىرغىز شېۋىلىرىدىمۇ ھېلىمۇ مەۋجۇت بولۇپ، خاس ئىسىم سۈپىتىدە قەھرىمانلىق ھېكايىلىرىدە دائىم ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئالىپ سالاي، قۇزغۇن ئالىپ، قانتاي ئالىپ، ئالىپ سويان، ئالپامىش دېگەنگە ئوخشاش.

بىز تىلغا ئالغان تۈركىي قەبىلىلىرى موڭغۇل ئىستېلاسىدىن كېيىنكى چاغلاردا قەھرىمان سۈپىتىدە موڭغۇلچىدىكى «باغاتۇر» سۆزىنى «باتىر» «ماتىر» شەكىللىرىدە قوبۇل

قىلىش بىلەن بىرگە، ئېخىمۇ قەدىمكى دەۋرگە تاقىلىدىغان «ئالىپ» ( ALP ياكى ALip ) سۆزىنىمۇ ساقلاپ كەلدى.

قەدىمكى تۈرك ئەسەرلىرىدە ۋە ئەنئەنىلىرىنى ساقلاپ كەلگەن قەھرىمانلىق ھېكايىلىرىدە بۇ «ئالىپ» ئۇنۋانى قەدىمدىن تارتىپ ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەھمۇت قەشقىرى ئىرانلىقلار تەرىپىدىن ئافراسىياپ نامى بىلەن ئاتالغان مەنكبەۋى (ئەپسانىۋى) قەھرىمان — تۈركلەرنىڭ بۈيۈك ھۆكۈمدارىنى تۈركلەرنىڭ «تونگا ئالىپ» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى يازغان. «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىمۇ مەشھۇر تۈرك بەگلىرى ئارىسىدا ئالىپ ئەرتوڭانىڭ تىلغا ئېلىنىدىغانلىقى، تاجىكلارنىڭ بۇ بەگنى ئافراسىياپ دەپ ئاتايدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بىرقانچە تۈرك خانلىقلىرى ئۆزىگە مەنسۇپ، دەپ قارايدىغان بۇ قەھرىمانغا ئالىپ ئۇنۋانىنىڭ بېرىلىشى قاراخانىيلار دەۋرىدىمۇ مەۋجۇد. بىز تۈرك ئەنئەنىسىگە تايىنىش نوقتىسىدىن بۇنىڭ قەدىمىيلىكىنى ئىسپاتلىيالايمىز. تۇرپاندىكى ئالىپ ئاتا مازىرىمۇ بۇ ئۇنۋانىنىڭ تۈركلەردە، جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردىمۇ قەدىمدىن تارتىپ قوللىنىلغانلىقىنىڭ بىر دەلىلىدۇر.

قولىمىزدىكى بارلىق تارىخىي ۋەسىقىلەر ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن تۈركىي مىللەتلەر ئارىسىدا ھەم خاس ئىسىم، ھەم شەرەپ ئۇنۋانى سۈپىتىدە كەڭ قوللىنىلغان «ئالىپ» سۆزىنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنمۇ يەنىلا ساقلىنىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە. يەنە بۇ سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئالپاغۇ (يىلپاغۇت، ئالپانۇت، ئالپاۋۇت) سۆزىمۇ بار بولۇپ، بۇ كىشى ئىسمى سۈپىتىدە «ئۇرخۇن - يەنسەي مەڭگۈ تېشى» دا كۆرۈلگىنىگە ئوخشاش، يەنە ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ تىپىك «ئالىپ» سۆزىگە ئوخشاش ھەم خاس ئىسىم، ھەم سۈپەت ھەمدە بىر خىل ئۇنۋان نامىدۇر.

قەھرىمان (ئالىپ) ۋە قەھرىمانلىق چۈشەنچىسى تۈركىي خەلقلەر ۋە تۈركىي ھاكىمىيەتلەردە مۇھىم ئورۇن ئىگىلىگەن. ئارمىيە ۋە ھەربىي مەجبۇرىيەت بۇ ئېتىقاد ۋە چۈشەنچە ئۈستىگە قۇرۇلغان. دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى، مەۋجۇدلۇقى، يۈكسىلىشىمۇ يەنە بۇ چۈشەنچىگە تايىنىدۇ. تۈركىي خانلىقلىرىنىڭ تايىنىدىغان بىردىنبىر كۈچى ئارمىيە، قەھرىمانلىق ۋە شجائەتتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا تۈركلەردە جەڭ قىلىش ۋە جەڭگە قاتنىشىشنىڭ ئۆزى بىر ئۇلۇغ يىگىتلىك ھېسابلانغان. لېكىن، ھونلار بىلەن كۆك تۈرك ئىمپېرىيىسىدىن بېرى ئالىپلىقتا (قەھرىمانلىقتا) بىر خىل بىلگىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە خاراكتېرى قوشۇلغان. يالغۇز تۈرك خانلىقلىرىدىلا ئەمەس، دۇنيا تارىخىدىن ئورۇن ئالغان بارلىق دۆلەتلەردىمۇ ھۆكۈمدارنىڭ شجائەت ۋە جەڭگىۋارلىق مەسىلىسى ئەڭ ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلاتتى.

«ئالىپ» سۆزى كۆپىنچە «زور ۋە كۈچ» مەنىسىدە قوللىنىلغان. تۈركىي خەلقلەرنىڭ كەڭ ئاسىيا زېمىنىدا قەدىمكى زامانلاردىن بېرى باشتىن كەچۈرۈپ كەلگەن كۈرەشكە تولغان ھايات مۇھىتى، قەھرىمانلىق ۋە جەڭگىۋارلىق ئەنئەنىلىرىنىڭ تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ھاياتىدا ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇشىغا سەۋەب بولغان. مەسىلەن، «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» دىكى تۆۋەندىكى بايانلارغا قاراپ ئۆتەيلى: «ئىنسان بالىسى ئۈستىدە ئاتام - بوۋام بۇمىن خاقان، ئىستەمى خاقان ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار تەختتە ئولتۇرۇپ، تۈرك خەلقىنىڭ ئېلىنى قۇرۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ قانۇن تۈزۈمىنى تۈزۈپ بېرىپتۇ. (بۇ چاغدا) تۆت ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ دۈشمىنى ئىكەن. قوشۇن چىقىرىپ، تۆت ئەتراپتىكى خەلقنىڭ ھەممىسىنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ. ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپتۇ. بېشى بارلارنى باش ئۇردۇرۇپتۇ. تىزى بارلارنى تىزلاندۇرۇپتۇ»، «ئۇلار دانا خاقان ئىكەن. باتۇر خاقان (ئالىپ ئەرمىس ئەرىنچ) ئىكەن. بۇيرۇقلىرىمۇ ئېھتىمال دانا بولسا كېرەك، باتۇر بولسا كېرەك. بەگلىرى ۋە خەلقىمۇ سادىق ئىكەن. شۇڭا ئۇلار دۆلەتكە ئەنە شۇنداق ھۆكۈمرانلىق قىلىپتۇ.» مانا بۇلاردىن ئاشۇ خاقانلارنىڭ كۈرەشكە تولغان ھايات مۇھىتىدىكى قەھرىمانلىقىنى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى كۆرۈ-

ۋالغىلى بولىدۇ. يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك تۈركىي خەلقلەر ۋە ئۇلارنىڭ بىر تەركىبى بولغان كۆك تۈرك خاقانلىرى، جۈملىدىن مەڭگۈ تاشلاردا يېزىلغان خاقانلار ئۆزۈن ئەسىرلەر ئەسناسىدا نۇرغۇن كۆچمەن خانلىقلارنى قۇرغان. ئولتۇراق ھاياتتىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنى ھاكىمىيەت ئاستىغا ئالغان. بۇ ئاتلىق كۆچمەنلەر ھەممىدىن بۇرۇن ئەسكىرىي تەشكىلاتقا ۋە قەھرىمانلىق خاراكتېرىگە ئەھمىيەت بەرگەن. قەبىلىلەر ۋە قەبىلىلەر كونفېدىراسىيونى (ئىتتىپاقى) ئارىسىدىكى ئىچكى كۈرەشلەر، يات قوۋملار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلار، ھۇجۇملار، ئىستېلا ئۇرۇشلىرى تۈركىي مىللەتلىرى جەمئىيىتىدە ئەڭ يۈكسەك شەرەپ ئورنىنىڭ قەھرىمانلارغا ئاتىلىشىغا شارائىت ھازىرلىغان. كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن قول ئۈزۈپ، ئولتۇراق ھاياتقا ئۆتكەن، يەنى شەھەر مەدەنىيىتىگە ئۆتكەن تۈركىي مىللەتلەر (ئۇيغۇرلار) مۇ نەچچە ئەسىرلەپ مۇشۇ قەھرىمانلىق ئەنئەنىلىرىنى ساقلاپ كەلدى. تۈركىي مىللەتلىرى قۇرغان ھەر خىل سىياسىي كۈچلەرنىڭ دائىمىي ئەسكىرى بىر دۆلەت خاراكتېرىنى ساقلاپ كېلىشى قەھرىمانلىق ئەنئەنىلىرىنى ئەسىرلەر بويى جانلىق شەكىلدە داۋاملاشتۇردى. ھەرقايسى تۈركىي قوۋملارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ھېكايە، چۆچەك، داستان، ماقال - تەمسىللىرىدە، قىسقىسى ئەخلاقىي چۈشەنچىلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن بارلىق مەھسۇلاتلىرىدا بۇنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

قەھرىمانلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى تۈرك قەبىلە تەشكىلاتلىرىدا قەبىلە رەئىسىنىڭ ئەتراپىدا، بولۇپمۇ ئۇرۇشلاردا شىجائەت ۋە ياراتقان تۆھپىسى بىلەن ئىمتىيازلىق بىر سىنىپنى تەشكىل قىلغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ھەتتا كىچىكىدىن باشلاپ ئۇۋلاردا، ئۇرۇشلاردا، تۈرلۈك مۇسابىقىلەردە قەھرىمانلىق كۆرسىتەلمىگەنلەر بۇ سىنىپقا كىرەلمەيتتى. بىر قەھرىمان قانچىلىك چوڭ ۋە تەسىرى زور ئىشلارنى ئورۇنداپ چىقالىسا، قانچىلىك كۆپ دۈشمەننىڭ كاللىسىنى ئالسا، ئۇنىڭ قەبىلە ئىچىدىكى ئورنى شۇنچىلىك يۇقىرى بولاتتى. تۈركىي خەلقلىرى ۋە بەزى تارىخىي قوۋملاردا كۆرۈلگەن بۇ خىل خۇسۇسىيەت بۈگۈنكى كۈندە بەزى يەرلەردە ياشاۋاتقان ئىپتىدائىي قوۋملار ئارىسىدا ھېلىمۇ ئۇچرايدۇ. ھەرقانداق بىر قەبىلە رەئىسى تۈرلۈك قەبىلىلەرنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىپ كونفېدىراسىيون ھالىتىدە بىر سىياسىي ھەيئەت تەشكىل قىلغان چاغدا، ئۇنىڭ ئەتراپىدا يەنە قەھرىمانلاردىن تەشكىل قىلىنغان بىر ئېسىلزادىلەر سىنىپى بولاتتى. تارىخىي ۋەسىقىلەر بىزگە كۆرسىتىپ بېرەلىگەن دەۋردىن باشلاپ، ئاسىيا زېمىنلىرىدا بۇ تۈرك قەبىلىلىرىدە ھەر خىل ئىجتىمائىي تەبىقىلەرنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى بىلىمىز. قەبىلە رەئىسى قەھرىمانلار بىلەن بولغان ھەر خىل مۇناسىۋەتنى ئۆرپ - قانۇن بويىچە ئېلىپ باراتتى.

قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد چۈشەنچىسى ۋە يىغىلىش مۇراسىملىرىنى مەنبە قىلغان ھوقۇقى قائىدىلەر بويىچە، رەئىسلەر ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىرىغا مۇۋاپىق ۋاقىتتا توي (زىياپەت) بېرىشكە مەجبۇر ئىدى. بۇ قەبىلە رەئىسىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلدۇرغان ۋاستە ھېسابلىناتتى. بۇنى ئېلىپ بارالمىغان رەئىس (خان) ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىرىغا بولغان كونتروللۇقىنى يوقاتقان ھېسابلىناتتى.

يالغۇز تۈركىي مىللەت قەھرىمانلىرى ئۈچۈنلا ئەمەس، دۈشمەنلەرنىڭ قەھرىمانلىرى ئۈچۈنمۇ تۈركىي خەلقلەر ئالاھىدە سۆز ئىشلەتكەن. مەسىلەن: «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» دا دۈشمەننىڭ كەلگەنلىكىدىن سۆز ئېچىلغاندا، «كەلگىنى ئالىپ (قەھرىمان) ئىدى» دېيىلىدۇ.

قىسقىسى، مەڭگۈ تاشلار يېزىلغان دەۋرلەردە بولسۇن ياكى تىجارەت، ئىلىم - پەن ۋە ئەدەبىيات ئىشلىرىغا بەكرەك ئۆزىنى ئاتىغان ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇرلاردا بولسۇن، قەھرىمانلىق ۋە شىجائەت مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغان. شۇنداقتىمۇ ئۇيغۇرچە

بەزى ھۆججەتلەردە يالغۇز ئىنسانلارنىڭلا ئەمەس يەنە تەڭرىلەرنىڭمۇ باتۇرلۇقىغا ئالاھىدە
ئەھمىيەت بېرىلگەن.

دېمەك، يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەينى دەۋردىكى قەھرىمانلىق ئەنئەنىسى ۋە قەھرى-
مانلىق چۈشەنچىسى ئاساسىدا مەڭگۈ تاشلاردىكى شەخسلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تولۇپ تاشقان
جاسارەت، شىجائەت ۋە قەھرىمانلىق روھىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەمدى بۇلارنى مەڭگۈ تاش
تېكىستلىرىدىكى مەزمۇنلار بىلەن بىرقۇر تەتبىقلاپ ئۆتەيلى.

ھەرقانداق بىر خاقان (شاھ) لارغا نىسبەتەن تۆۋەندىكى تەلەپلەر ئىنتايىن مۇھىم، يەنى
ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى ئۆزى رەھبەرلىك قىلىدىغان گۇرۇھنىڭ ئىدىيىسى بىلەن ئوخشاش
بولۇشى، ھەرىكىتى تارىخىي تەرەققىياتنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇشى ۋە ماس كېلىشى،
ئۆز خەلقىنىڭ ئارزۇ - تەلەپلىرىنى ئورۇنداپ بېرەلىشى كېرەك. مۇشۇ تەلەپلەر بويىچە ئىش
كۆرگەندىلا ئاندىن خەلق ئاممىسىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلغان
ئاساستا ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىيەلەيدۇ ۋە ئۆز خەلقىنىڭ باشلامچىسىغا ئايلىنالاي-
دۇ. مەسىلەن: «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» دا بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بايانلار ئۇچرايدۇ.
«ئاتام، تاغام قولغا كەلتۈرگەن خەلقلەرنىڭ نام - ئابرۇيىنىڭ يوقاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن،
تۈرك خەلقى ئۈچۈن، تۈنلىرى (خاتىرجەم) ئۇخلىمىدىم. كۈندۈزلىرى (خاتىرجەم) ئولتۇر-
مىدىم. ئىنىم كۆل تېگىن بىلەن بىللە، ئىككى شاد بىلەن بىللە، ئۆلە تىرىلىشىمگە باقماي
تىرىشتىم؛ ئاشۇنداق تىرىشىپ يۈرۈپ خەلقنى ئوت - سۇ قىلمىدىم. ئىناق قىلدىم. ھەر
تەرەپكە پېتىراپ كەتكەن خەلق ئۆلە - تىرىلىشكە قارىماي پىيادە، يېلىڭ - يالىڭاچ ھالدا
قايتىپ كەلدى. خەلقنى باقاي دەپ، شىمالدا ئوغۇزلار، شەرقتە قىتان، تاتابى خەلقى تەرەپكە ...
جەنۇبتا تابغاچقا زور قوشۇننى باشلاپ ئون ئىككى قېتىم يۈرۈش قىلدىم. كېيىن تەڭرى
مەدەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، بەختىم بولغانلىقى ئۈچۈن، تەلىيىم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆلۈمگە
يۈز تۇتقان خەلققە جان كىرگۈزدۈم. يالىڭاچ خەلقنى تونلۇق، يوقسۇل خەلقنى باي قىلدىم.
ئاز خەلقنى كۆپ قىلدىم، (ئۇلارنى كۈچلۈك دۆلىتى بار، كۈچلۈك خاقانى بار خەلقلەردىنمۇ)
ياخشىراق ياشايدىغان قىلدىم.» ئۇنىڭدىن باشقا «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» دىكى تۆۋەندىكى
بايانلارغا قارايلى: «شۇ چاغدىمۇ ئەقىلدارى يەنىلا مەن ئىدىم. ياغىچىسى (تەشكىللىگۈچىسى)
يەنىلا مەن ئىدىم. ئېلتەرىش خاقانغا، تۈرك بىلگە خاقانغا، تۈرك بۆگۈ خاقانغا ... قاپاغان
خاقان يىگىرمە يەتتە ياش ۋاقتىدا، مەن قاپاغان خاقانغا ياردەملىشىپ، ئۇنى تەختكە ئولتۇر-
غۇزدۇم. تۈنلىرى خاتىرجەم ئۇخلىيالمىدىم، كۈندۈزى خاتىرجەم ئولتۇرالمىدىم. قىزىل
قانلىرىمنى تۆكتۈم. قارا تەرلىرىمنى ئاقتۇردۇم. مەن (دۆلەت) ئىشلىرى ئۈچۈن كۈچۈمنى
قوشتۇم. مەن ئۆزۈم يەنە ئاتلىق قوشۇن چىقاردىم. مەن ئوردا قاراۋۇللىرىنى كېڭەيتتىم.
يېنىپ - يېنىپ تۇرغان دۈشمەنلەرنى بويسۇندۇردۇم. خاقانىم بىلەن بىرگە (كۆپ قېتىم)
جەڭگە قاتناشتىم. ئېلتەرىش خاقان تىرىشمىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەن تىرىشمىغان
بولسام، دۆلەت ۋە خەلق يوق بولغان بولاتتى. ئۇ تىرىشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ
مەن تىرىشقانلىقىم ئۈچۈن، دۆلەت يەنىلا دۆلەت بولدى، خەلق يەنىلا خەلق بولدى.»

مەڭگۈ تاشلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك يۇقىرىقىغا ئوخشاش بايانلار كۆپ ئۇچرايدۇ.
مەڭگۈ تاشلارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى بويىچە قارىغاندا، بىرىنچى شەخس تىلى بىلەن بايان
قىلىنغان بۇ ئابزاسلاردا ۋە ئاشۇ خاقان، ۋەزىرلەرنىڭ ئوبرازىدا مەلۇم دەرىجىدە شەخسىيەتچى-
لىك ئىدىيىسى كۆرۈلسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى ماھىيەت جەھەتتىن پۈتۈنلەي شۇنداق دەپ
مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، ئەينى چاغدىكى يوقىلىش گىرداۋىغا بېرىپ يەتكەن
تۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇش، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، قەبىلە، قوۋم
ئەزالىرىنى، كەڭ خەلقنى سەپەرۋەر قىلىش، قەبىلە ئەزالىرىنىڭ كۈچىنى بىرلەشتۈرۈش

ئارقىلىق دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۆز نۆۋىتىدە رەھبەرلىك ئورنىدىكى ئاشۇ خاقان، ۋەزىر ۋە باشلامچىلاردىن ئىبارەت شەخسلەرنىڭ زىممىسىدىكى مۇشكۈل ۋەزىپە ۋە شەرەپلىك مەجبۇ- رىيەت ھېسابلىناتتى. سەركىسىدىن ئايرىلغان پادىلارنىڭ تەقدىرىنىڭ ياخشى بولمىغىنىغا ئوخشاش، تارىختىن بۇيان ھەرقانداق مىللەت ۋە خەلق ئۆزلىرىنىڭ ھايات ۋە كۆرەشلىرى جەريانىدا قابىلىيەتلىك بىر رەھبىرىنىڭ ۋە باشلامچىسىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە شۇ باشلامچىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن بولغان كۆرسەتمىسى ۋە باشلامچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇيۇشقان قۇدرەتلىك كۈچىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئۇ رەھبەر (خاقان) خەلق ئاممىسىنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمىسە، خەلقنىڭ ئارزۇ- تەلەپلىرىنى قاندۇرالمىسا، مۇقەررەر ھالدا خەلق تەرىپىدىن ئاغدۇرۇۋېتىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئورنىنى ئۇنىڭدىن ئىقتىدارلىق بىرى ئىگىلەيدۇ. بۇ تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيە- تى. مەڭگۈ تاشلاردىكى بۇمىن، ئىستەمى، ئېلتەرىش، تونيۇقۇق، كۆل تېگىن، مويۇنچۇر قاتارلىق شەخسلەر ئۆز دەۋرىنىڭ ئەقىللىق، باتۇر كىشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ قەھرىمانلار يۇقىرىقىدەك شەرت - شارائىتلارنى ھازىرلىغان ئاساستا ئۆز ۋەتىنى، خەلقى ئۈچۈن جان پىدا قىلغان باتۇر قەھرىمان ۋە قابىلىيەتلىك باشلامچىلاردۇر. ئۇلار ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش، دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى، مەۋجۇدلۇقى ۋە يۈكسىلىشىدە، شۇنداقلا خەلقنى باياشاتلىققا ئېرىشتۈرۈش يولىدا ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقان مەشھۇر شەخسلەردۇر.

يىغىنچاقلىغاندا، مەڭگۈ تاشلار كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئېسىل ئۆرنىكى، شۇنداقلا مەشھۇر تارىخىي شەخسلەر تەسۋىرلەنگەن، تۈركلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە يېزىلغان قەھرىمانلىق داستانلىرى بولۇپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا يۈكسەك قىممەتكە ئىگە.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار


1) «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» 1 - توم.

2) مەخمۇت قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم.

3) ب. ئۆگەل: «تۈركلەردە دۆلەت چۈشەنچىسى»، تۈركىيە 1982 - يىلى نەشرى.

4) ئەخمەت جەفەر ئوغلى: «ئۇيغۇرچە سۆزلۈك»، ئىستانبۇل 1934 - يىل نەشرى.

5) م. ف. كوپرولو: «تۈرك ئەدەبىياتىدا دەسلەپكى سوفىزملىق»، ئىستانبۇل 1918- يىلى نەشرى.

6) كالېر: «قەھرىمان ۋە قەھرىمانغا چوقۇنۇش»، شاڭخەي سەنلىيەن نەشرىياتى 1996- يىلى ئىككىنچى نەشرى.

7) لى گوشياڭ: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتى نەشرىياتى 1992 - يىلى نەشرى.

8) ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۇسۇپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىلى نەشرى.

9) ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۇسەيىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 - يىل نەشرى.

10) غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 - يىل نەشرى.

# خاراكتېرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە تىپلىرى

ئەخمەت ھەمەر

خاراكتېر — كىشىلەرنىڭ رېئاللىققا تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە ھەرىكەت شەكلىدە ئىپادىلىنىدىغان بىرقەدەر تۇراقلىق، شۇنداقلا يادرولۇق ئەھمىيەتكە ئىگە ئىندىۋىدۇئال پسىخىك ئالاھىدىلىكتىن ئىبارەت.

خاراكتېرنىڭ شەكىللىنىشى — شەخسنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەسىردە تۇراقسىزلىقتىن قېلىپلىشىشقا ئۆتۈشتەك جەرياننى بېسىپ ئۆتىدۇ. دۇنيا قاراش، ئېتىقاد، غايە ۋە ئىدىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلەر خاراكتېرنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۆزگىرىشى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ، بۇ جەرياندا مۇھىم روللارنى ئوينايدۇ.

يازغۇچىلار ھەر ۋاقىت بىرەر ئادەمنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك، ئەڭ يادرولۇق، ئەڭ ۋەكىللىك بولغان خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى تىپىكلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ تەسۋىرلەيدۇ – دە، بۇنىڭ بىلەن ئۇ شەخس (پېرسوناژ) نىڭ ئوبرازى ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆز ئالدىدا شۇنداق جانلىق، روشەن، ھەقىقىي نامايان بولۇپ، ئۇلارنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدۇ. مەسىلەن، لۇتفى قەلىمى ئاستىدىكى گۇل، نەۋرۇز قاتارلىقلار؛ سالاھى قەلىمى ئاستىدىكى سابا، بۇلبۇل قاتارلىقلار، نەۋائى قەلىمى ئاستىدىكى پەرھات، خۇسرەۋ، شىرىن، بەھرام، دىلئارام قاتارلىقلار؛ نىزارى قەلىمى ئاستىدىكى رابىيە، سەئىدىن، لەيلى، مەجنۇن قاتارلىقلار؛ زۇنۇن قادىر قەلىمى ئاستىدىكى ئۆمەر شاڭيو، مەتنىياز، سىيىت ماڭقا قاتارلىقلار؛ شېكسپىرنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ھاملىت، ساۋ شۆچىنىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى جيا باۋيۇ، لۇ شۈننىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ئاQ قاتارلىقلارنىڭ شۇنداق جانلىق سۈرەتلىنىشى يۇقىرىقى ئاپتورلارنىڭ پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنىڭغا قارىتا يەنە ئوبرازلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىش ئاساسىدا يارىتىپ چىقىلغان تىپىك ئوبراز بولغانلىقىدا.

پاۋلوپ تەلىماتى شۇنداق قارايدۇكى، ئادەمنىڭ ئالىي نېرۋا پائالىيىتى يالغۇز مىجەزنىڭ بىۋاسىتە ئاساسى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە خاراكتېرگە نىسبەتەنمۇ مۇھىم تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

مىجەز بىلەن خاراكتېر بىر – بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە بىر – بىرىنى شەرت قىلىدۇ. بەزى خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرى ھەرخىل تېمپېرامېنت تىپىدىكى كىشىلەردە شەكىللىنىپ قېلىشى، تېمپېرامېنت بۇ ئالاھىدىكلەرگە پەقەت مەلۇم «تۇس» لا بېرىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئەمگەكچان خاراكتېرگە ئىگە كىشىلەر ئىچىدىكى كۆپ قانلىقلار روھلۇق كېلىدۇ ۋە زېھنى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، بەلغەم مىجەزدىكىلەر مەشغۇلاتتا ئىنچىكە، پۇختا، ئىشلەمچان كېلىدۇ.

خاراكتېر ئىنتايىن مۇرەككەپ قۇرۇلمىغا ئىگە بولۇپ، ئىنتايىن مۇرەككەپ ئالاھىدىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزى پسىخولوگلار خاراكتېرنىڭ ئالاھىدىكلىرىدىن نەچچە يۈزنى تىزىپ كۆرسىتىدۇ. خاراكتېر قۇرۇلمىسىنى تەھلىل قىلىش دېگىنىمىز، ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى ئايرىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ خاراكتېر قۇرۇلمىسىدىكى ئورنىنى بەلگىلەش، ئۇلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلەرنى تېپىپ چىقىش، شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق خاراكتېرنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئىگىلەشنى كۆرسىتىدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ پسىخولوگىيە ساھەسىدىكىلەر خاراكتېر ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك تۆت تەرەپتىكى ئالاھىدىلىكتىن تەركىب تاپقان دەپ قارايدۇ.

**1. رېئاللىققا تۇتقان پوزىتسىيە جەھەتتىكى خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرى.** كىشىلەرنىڭ رېئاللىققا تۇتقان پوزىتسىيە سىستېمىسىدىكى ئايرىم ئالاھىدىلىكلەر بولسا خاراكتېرنىڭ مۇھىم تەشكىلىي قىسمىدۇر. مۇشۇ خىل خاراكتېر ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلار ئاساسەن تۇرلۇك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان خاراكتېر ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، جەمئىيەتكە، كوللېكتىپقا تۇتقان پوزىتسىيە، ئەمگەككە خىزمەتكە بولغان پوزىتسىيە؛ باشقىلارغا ۋە ئۆزىگە تۇتقان پوزىتسىيە قاتارلىقلار.

جەمئىيەتكە، كوللېكتىپقا، باشقىلارغا تۇتقان پوزىتسىيە جەھەتتە ئاساسلىقى ئالاقىگە ماھىر بولۇش، ھېسداشلىقى كۈچلۈك بولۇش، باشقىلارغا سەمىمىي، سادىق بولۇش قاتارلىقلار ئىپادىلىنىدۇ.

ئەمگەككە، خىزمەتكە، ئۆگىنىشكە تۇتقان پوزىتسىيىدە ئاساسلىقى ئەمگەكچانلىق ياكى ھورۇنلۇق، مەسئۇلىيەتچانلىق ياكى بىخۇدلۇق، ئەستايىدىللىق ياكى بىپەرۋالىق، ئىجادچانلىق ياكى قاتماللىق، ئىقتىسادچىللىق ياكى ئىسراپخورلۇق قاتارلىقلار ئىپادىلىنىدۇ. ئۆزىگە بولغان پوزىتسىيە جەھەتتە، كەمتەرلىك ياكى مەنمەنلىك، ئۆزىگە ئىشىنىش ياكى ئۆزىنى تۆۋەن چاغلاش قاتارلىقلار ئىپادىلىنىدۇ.

**2. خاراكتېردىكى ئىرادە ئالاھىدىلىكى.** ئادەمنىڭ ئۆز ھەرىكىتىنى ئاڭلىق تەڭشەش ئۇسۇلى ۋە سەۋىيىسى تەرەپتە ئىپادىلىنىدىغان ئالاھىدىلىكتۇر. ھەرىكەتنى تەڭشەشنىڭ ئاساسى سەۋىيىسىگە، ئوبيېكتىپ ئىپادىلىنىشىگە ئاساسەن، خاراكتېرنىڭ ئىرادە ئالاھىدىلىكىنى مۇنداق تۆت تەرەپتىن ئىپادىلەشكە بولىدۇ: بىرىنچى، ھەرىكەتتىكى نىشاندا ئېنىقلىق بولۇش - بولماسلىقى بىلەن ھەرىكەتنىڭ ئىجتىمائىي قائىدىلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراش - ئۇچرىماسلىقى جەھەتتىكى ئىپادىلىنىدىغان ئىرادە ئالاھىدىلىكى، مەسىلەن، مۇستەقىللىق، مەقسەتچانلىق، تەشكىلچانلىق، ئىنتىزامچانلىق، چېچىلاڭغۇلۇق، بوشاڭلىق قاتارلىقلار. ئىككىنچى، ھەرىكەتنى ئاڭلىق كونترول قىلىش سەۋىيىسى جەھەتتە ئىپادىلىنىدىغان ئىرادە ئالاھىدىلىكى، مەسىلەن، تەشەببۇسكارلىق، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش قاتارلىقلار. ئۈچىنچى، جىددىي ۋە قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە ئىپادىلىنىدىغان ئىرادە ئالاھىدىلىكى مەسىلەن، سالماقلىق، كەسكىنلىك، باتۇرلۇق، قەيسەرلىك قاتارلىقلار. تۆتىنچى، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۆگىنىش ياكى خىزمەت قىلىش جەريانىدا ئىپادىلىنىدىغان ئىرادە ئالاھىدىلىكى، مەسىلەن، قەتئىي ئىرادىلىك، ئېگىلمەس - سۇنماسلىق قاتارلىقلار.

**3. خاراكتېرنىڭ كەيپىيات ئالاھىدىلىكى.** ئادەمنىڭ كەيپىيات ھالىتى ئۇنىڭ پۈتكۈل پائالىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. كەيپىيات ئادەمنىڭ پائالىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەندە ياكى ئادەم كەيپىياتىنى كونترول قىلغاندا، مەلۇم خىلدىكى مۇقىم، دائىم ئىپادىلىنىدىغان ئالاھىدىلىك پەيدا بولىدۇ. بۇنداق ئالاھىدىلىك خاراكتېرنىڭ كەيپىيات ھالىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. خاراكتېرنىڭ كەيپىيات ئالاھىدىلىكى — كەيپىيات پائالىيىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، مۇقىملىقى، ئۇزاقچە داۋام قىلىشى ۋە يېتەكچى كەيپىيات قاتارلىق تۆت تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ.

**4 - خاراكتېرنىڭ ئاقىلانىلىك ئالاھىدىلىكى.** كىشىلەرنىڭ سەزگۈ، ئىدراك، خاتىرە، تەپەككۇر ۋە خىيال قاتار بىلىش تەرەپلىرىدە ئىپادىلەنگەن يەككىلىك پەرقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، سەزگۈ، ئىدراك تەرەپلەردىن كۆزىتىشنى ئېلىپ ئېيتساق پائالىيەتچان كۆزىتىش تىپى بىلەن پاسسىپ كۆزىتىش تىپىدە پەرقلەر بولىدۇ. خىيالنى ئېلىپ ئېيتساق، خام خىيالچىلار بىلەن سوغۇققان كەلگەن رېئالىزمچىلار ئوتتۇرىسىدا پەرقلەر مەۋجۇت، رېئاللىق تۇيغۇسىغا ئىگە بولغان خام خىيالچىلار بىلەن رېئاللىقتىن ئايرىلغان خام خىيالچىلار ئوتتۇرىسىدا پەرقلەر مەۋجۇت، پائال خىيال قىلىش تىپى بىلەن پاسسىپ خىيال قىلىش تىپى ئوتتۇرىسىدىمۇ پەرقلەر مەۋجۇت ۋە باشقىلار.

ئادەمنىڭ خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان تىپلارغا ئىگە. بىر تۈردىكى كىشىلەردە ئورتاق بار بولغان مەلۇم خاراكتېر بەلگىلىرىنىڭ ئالاھىدە بىرىكمىشى خاراكتېر تىپى دەپ ئاتىلىدۇ.

خاراكتېرنى مۇئەييەن پرىنسىپ ۋە ئۆلچەملەرگە ئاساسەن، تىپلارغا ئايرىش بىر كىشىنىڭ خاراكتېرىدىكى ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلەرنى چۈشىنىش ۋە خاراكتېرنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىشكە پايدىلىق. ئەگەر مەلۇم بىر كىشى ئەقىل، ھېسسىيات ۋە ئىرادە قاتارلىقلار توغرىسىدا مەخسۇس تۈزۈلگەن پسىخىك فۇنكسىيە سىنىقىدىن ئۆتكەن بولۇپ، سىناق نەتىجىسى، بۇ كىشىنىڭ مەلۇم بىر خىل فۇنكسىيىسىنىڭ باشقا فۇنكسىيىسىدىن ئېشىپ چۈشكەنلىكىنى كۆرسەتسە، بۇ كىشى شۇ جەھەتتىكى خاراكتېر تىپىغا مەنسۇپ، دەپ بېكىتىلىدۇ. كەيپىيات تىپلىق خاراكتېردىكى كىشىدە كەيپىيات ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. ئىش ھەرىكىتى ئاسانلا كەيپىياتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئىرادە تىپلىق خاراكتېردىكى كىشىدە ئىرادە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ، ئۆزىنىڭ ھەرىكىتى تەشەببۇسكار، نىشانى روشەن بولىدۇ. ئەقىل (ئاقىلانىلىك) تىپلىق خاراكتېردىكى كىشىدە ئەقىل ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ، ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى ئەقىل ئارقىلىق ئۆلچەيدۇ ۋە تىزگىنلەيدۇ. بۇ ئۈچ خىل تىپ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئەڭ تىپىك خاراكتېر تىپلىرى. ئەمەلىيەتتە كۆپلىگەن كىشىلەر ئارىلىق تىپقا كىرىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە خاراكتېر تىپىنى ئۇنىڭ مايىللىقىغا قاراپ تىپقا ئايرىيدىغان، مۇستەقىللىقى ۋە بويسۇنۇشچانلىقىغا قاراپ تىپقا ئايرىيدىغان ئايرىشلارمۇ مەۋجۇد.

سىرتقا مايىل كىشىنىڭ ھېسسىيات ئىپادىسى روشەن بولىدۇ. بۇنداق كىشى ئەركىن، ئۇچۇق - يورۇق، دەرھال بىر قارارغا كېلەلەيدۇ. ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغا كۆز قىرىنى سالمايدۇ. مۇستەقىللىقى كۈچلۈك، ئالاقىگە ماھىر، پائالىيەت قابىلىيىتى يۇقىرى كېلىدۇ، بىراق يەڭگىللىك تەرەپلىرىمۇ ئانچە - مۇنچە كۆرۈنۈپ قالىدۇ. ئىچكە مايىل كىشى ھەممە ئىشتا ئېھتىياتچان كېلىدۇ، ئەتراپلىق، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزىدۇ. ئەندىشىسى كۆپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى كەمچىل، ئالاقىلىشىش دائىرىسى تار، مۇھىتقا ماسلىشىشى قىيىنراق بولىدۇ.

مۇستەقىل تىپقا مەنسۇپ بولغان كىشىلەر تاشقى شەيئىلەرنىڭ تەسىرىگە ئاسان ئۇچرىمايدۇ، ئۇلار قەتئىي ئىشەنچكە ئىگە بولۇپ، شەيئىلەرگە مۇستەقىل ھۆكۈم قىلالايدۇ، مەسىلەلەرنى بايقىيالايدۇ ۋە ھەل قىلالايدۇ، ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئاسان جارى قىلدۇرالايدۇ؟

بويسۇنغۇچى (ئىتائەتمەن)، تىپتىكىلەرنىڭ مۇستەقىل ھەرىكىتى ۋە قارىشى كەمچىل بولىدۇ، بويسۇنۇش ئىدىيىسى كۈچلۈك، باشقىلارنىڭ پىكرىنى شۈبھىسىز قوبۇل قىلىدۇ، جىددىيلىككە تاقابىل تۇرۇش قابىلىيىتى تۆۋەن بولىدۇ.

بۇلاردىن باشقا خاراكتېرنى يەنە دىنىي تىپ، گۈزەللىك تىپى، ئىقتىسادىي تىپ، نەزەرىيە تىپى، قەھرىمان تىپ، فۇنكسىيە تىپى، خىيالچان تىپ قاتارلىقلارغا بۆلۈشمۇ بار. ئەمما بۇ خىل بۆلۈشنىڭ رېئاللىقتا گەرچە بەلگىلىك ئاساسلىرى بولسىمۇ، لېكىن بۇ تەتقىقات ئۈستىدە بولۇپ، تېخى كېڭىيىپ ھەم ئومۇملىشىپ كېتەلمىدى.

دېمەك، خاراكتېر ھەققىدىكى تەتقىقاتنى ئېلىپ بارغاندا، بولۇپمۇ خاراكتېرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ تىپلىرى ھەققىدە بەلگىلىك نەزەرىيىۋى چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنى رېئاللىق بىلەن بىرلەشتۈرگەندە، مەسىلەن، تەلىم - تەربىيە جەريانىغا بىرلەشتۈرگەندە ۋە ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۆزىمىزنىڭ مۇشۇ ساھەدىكى بىلىمىمىزنى رېئاللىقنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزىدىغان بولساق، شۈبھىسىزكى تەلىم - تەربىيىنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن بىرگە، باشقىلار بىلەن بولغان ئىجتىمائىي ئالاقىدىمۇ ئوخشاشلا ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيمىز. ئەگەر ئۇنى ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرگەندە، پېرسوناژلار ئوبرازى ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىش، ئۇنى تەھلىل قىلىش، چۈشىنىش جەھەتلەردە ياخشى بولغان ئىقتىدار ۋە ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

# چۆچەكلەر

## شاھى مارىنىڭ ئۆزۈكى

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، قەدىمكى زاماندا بىر شەھەردە دۆلەتمەن بىر كىشى بار ئىكەن. ئۇ ئۇزۇن يىللارغىچە پەرزەنت كۆرمەي، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بىر پەرزەنت كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭغا ساۋۇت دەپ ئات قويۇپتۇ. ساۋۇت بەك ئەركە ئۆسۈپ، ئوقۇماي، ھۈنەرمۇ ئۆگەنمەي يۈرۈۋېرىپتۇ. بىر كۈنى ئاتا - ئانىسى: «ئوغلىمىزنى يا ھۈنەر ئۆگىنىشكە بەرمىدۇق، يا مەكتەپكە بەرمىدۇق، ئۆزىمىز قېرىپ قالدۇق، ئەمدى قانداق قىلساق بولار،» دەپ مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئاتىسى:

— ئىككى دوستۇم بار، ئۇلار يۇرت ئاتلاپ سودىگەرچىلىك قىلىدۇ. شۇلارغا قوشۇپ قويايلى، سودىگەرچىلىكنى ئۆگەنسە، سودا قىلغاچ ئۆيىمىزدىكى بىساتىمىزنى ئىشلىتىپ كۈننى ئۆتكۈزەر، — دەپتۇ.

ئەتىسى ھېلىقى كىشى سودىگەرلەرنى مېھمانغا چاقىرىپ:

— مېنىڭ بىر ئوغلۇم بار. ئىش كۆرمىگەن، ئەركە ئۆسۈپ قالغان. شۇنى سىلەرگە قوشۇپ، قولىغا پۇل بېرەي، پايدىسى سىلەرنىڭ بولسۇن، ماڭا پەقەت ئوغلۇم ئىش ئۆگەنسىلا بولدى، — دەپتۇ. سودىگەرلەر بۇنىڭغا ماقۇل بوپتۇ. ئۇلار كەتكەندىن باي ساۋۇتقا مىڭ تەڭگە بېرىپ:

— بۈگۈن بازار كۈنى، مانا بۇ پۇلنى ئېلىپ چىقىپ، نېمىنى خالىساڭ، شۇنى ئېلىپ كەل، ئەتە سېنى روم شەھىرىگە سودىگەرچىلىككە ئەۋەتىمەن، — دەپ بازارغا ئەۋەتىپتۇ. ساۋۇت تەڭگىنى يانچۇقىغا سېلىپ، بازارغا كېتىۋاتقاندا بىر ئادەم ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇ كىشى بىر ئىت يېتىلىۋالغان بولۇپ، ئىت قىيىنىلىپ تۇرغان ئىمىش، ساۋۇت ئىتنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، ئىچ ئاغرىتىپ ئىتنى ئۆزىگە بېرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. ئۇ كىشى:

— مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، بۇ ئىتنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، — دەپ ئىتنى كالتەك بىلەن ئۇرۇشقا باشلاپتۇ.

ساۋۇت ئۇنىڭغا چىدىماي:

— نېمە بەرسەم، ئىتنى بېرىسەن؟ — دەپتۇ.

— مىڭ تەڭگە بەرسەڭ، بېرىمەن، — دەپتۇ ئۇ كىشى.

ئاخىر ساۋۇت مىڭ تەڭگىنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ئىتنى ئېلىپ ئۆيىگە كەپتۇ. ئاتا - ئانىسى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئوغلىغا قاراپ:

— قېنى بازاردىن نېمە ئېلىپ كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. ساۋۇت بازاردا يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ، پۇلغا ئىتنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئاتىسى غەزەپلىنىپ ساۋۇتنى ئۇرماقچى بوپتۇ. لېكىن ئانىسى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، ئاتىسىغا تەسەللى

بېرىپتۇ. يەنە بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاتىسى ساۋۇتنى چاقىرىپ، ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇپ، تەربىيە بېرىپ:

— بۇگۈن ئەمدى ئاۋۋالقىدەك پۇلنى بىكارغا سەرپ قىلما، — دەپ، يەنە مىڭ تەڭگە بېرىپ، بازارغا ئەۋەتىپتۇ. ساۋۇت يولدا بىر كىشىنىڭ مۈشۈكنى مىياڭلىتىپ ئۇرۇپ، سۆرەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. مۈشۈك ئۆلەر ھالەتكە كېلىپ قالغانىكەن. ساۋۇت بۇ كىشىگىمۇ:

— مۈشۈكنى ماڭا بېرىڭ! — دەپتۇ. مۈشۈكنىڭ ئىگىسى ساۋۇتقا قاراپ:

— يولۇڭغا ماڭ! — دەپ پوپوزا قىپتۇ. ساۋۇت:

— قانچە پۇل بەرسەم، مۈشۈكنى بېرىسىز؟ — دەپتۇ. ئۇ ئادەم:

— مىڭ تەڭگە بەرسەڭ بېرىمەن، — دەپتۇ. ساۋۇت بۇنىڭغىمۇ قولىدىكى مىڭ تەڭگىسىنى بېرىپ، مۈشۈكنى قۇتۇلدۇرۇپ ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. ئاتا - ئانىسى قارىسا، ئوغلى بۇ قېتىم ھەممە يېرى قانغا بويالغان بىر مۈشۈكنى كۆتۈرۈپ، دەرۋازىدىن كىرىپ كېلىۋاتقۇدەك. باينىڭ ئاچچىقى كېلىپ، قامچىسىنى ئېلىپ، ساۋۇتنى ئۇرۇپ كېتىپتۇ. ئانىسى چىداپ تۇرالماي بالىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپتۇ. قولۇم - قوشنىلىرى كېلىپ ساۋۇتنى تاياقتىن قۇتۇلدۇرۇۋاپتۇ. باي ئىچ - ئىچىدىن قايناپ، دەرد - ئەلەمگە چىدىماي:

— ئەمدى بۇ بالىدىن ئۈمىد قالمىدى، — دەپ، ساۋۇت بىلەن كارى بولماپتۇ. ھېلىقى ئىت ھاۋشىپ، كېچىسى ئۇخلاتماپتۇ. باي بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، تېخىمۇ ئاچچىقى كەپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرۈۋېرىپتۇ، بىر كۈنى ئۆزىچە: «يەنە مىڭ تەڭگە بېرىپ باقاي، بۇ قېتىم نېمە ئېلىپ كېلەركىن» دەپ ئويلاپ، ساۋۇتنى چاقىرىپ:

— بۇ مىڭ تەڭگىنى ئېلىپ بېرىپ سودا قىلىپ كەلگىن، ئاۋۋالقىدەك ئىت - مۈشۈك ئېلىپ كەلمىگىن، — دەپ نەسىھەت قىلىپ بازارغا ئەۋەتىپتۇ.

ساۋۇت بازارغا كېتىۋېتىپ بىر كىشىنىڭ بىر يىلاننى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېشكە ئاز قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ كىشىدىن يىلاننى قويۇپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىپتۇ. بۇ ئادەممۇ ئاۋۋالقىلاردەك:

— پۇل بەرسەڭ قويۇپ بېرىمەن، — دەپتۇ. بالىنىڭ رەھىمدىللىكىدىن ئاتىسىنىڭ قىلغان نەسىھىتى ئېسىدىن چىقىپ كېتىپ، تالىشىپ ئولتۇرمايلا، مىڭ تەڭگىگە يىلاننى سېتىۋېلىپ، ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئاتىسىمۇ بالىسىنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. باي ئوغلىنىڭ بۇ قېتىم بىر يىلاننى كۆتۈرۈپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، غەزەپلەنگەن ھالدا خوتۇنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەمدى بالاڭنىڭ ئىت - مۈشۈكلىرىنى قولىغا تۇتقۇزۇپ، ھەيدىۋېتىشتىن باشقا ئىلاجىم قالمىدى. بالىلىق بولۇپ ھەر كۈنى دەرد تارتىپ يۈرگۈچە، بالىسىز ئۆتكۈنىمىز ياخشىكەن، — دەپ ئىت، مۈشۈك ۋە يىلاننى ساۋۇتنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ ۋە بىر مۇنچە ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلاپ بېرىپ:

— ئەمدى ساڭا رۇخسەت، قەيەرگە بارساڭ بارغىن. بىزنىڭ سېنىڭدەك بالىمىز يوق، — دەپ ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. ساۋۇتمۇ تەقدىرگە تەن بېرىپ، بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە مېڭىپتۇ. ئۇ قەيەرگە بېرىپ قونسا، ئىت ئاياغ تەرىپىدە، مۈشۈك باش تەرىپىدە، يىلان بولسا قوينىغا كىرىپ ياتىدىكەن. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بۇلارنىڭ ئوزۇق-تۈلۈكىمۇ تۈگەپ، بىر تاغقا يېقىنلىشىپ قاپتۇ. بۇ تاغقا يېقىن يەردە بىر بۇلاق بار ئىكەن. ئۇلار بۇلاقنىڭ بويىغا كېلىپ دەم ئېلىشقا ئولتۇرغانىكەن، يىلان ساۋۇتقا:

— ئەي يىگىت، كۆپ غەم قىلما، ماۋۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان تاغنىڭ ئۈستىدە ئاتا - ئانامنىڭ ماكانى بار. شۇ جايغا مېنى يېڭىڭنىڭ ئىچىگە سېلىۋېلىپ بارغىن. تاغ ئۈستىدە

چولڭ - كىچىك يىلانلار چىقىپ، ساڭا خىرىس قىلىدۇ. لېكىن مېنى كۆرۈپ، ئەدەپ - ھۆرمەت بىلەن سالام قىلىپ، كەينىگە قاراپ كېتىشىدۇ. ئاخىر سېنى بىر جايدا ساقلىتىپ قويۇپ، ئاتا - ئانامنىڭ قېشىغا ئۆزۈم بارىمەن. ئاتام مېنىڭ ئەھۋالىمنى كۆرۈپ يىغلايدۇ. مەن ئاتامغا: «ئەي ئاتا، يىغلىماڭ، خۇشال بولۇڭ، مەن ئۆلگەن ئادەم ئىدىم، لېكىن مېنى بىر يىگىت قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. مېنى مىڭ تەڭگىگە سېتىپ ئېلىپ، قۇتۇلدۇرغان شۇ يىگىتنىڭ ئاتىسى، ئۇنى ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقاردى» دەيمەن. شۇ چاغدا ئاتام: «ئەي ئوغلۇم، شۇ بالىنى تېپىپ كەل!» دېسە، ئاندىن كېيىن سېنى ئەگەشتۈرۈپ بارىمەن. سەن ئۇنىڭ ئالدىغا بارغاندىن كېيىن، تەزىم قىلىپ سالام بەر. ئاندىن كېيىن ئاتام ساڭا شەپقەت قىلىپ: «ئەي ئوغلۇم، قانداق تىلىكىڭ بولسا تىلە!» دەيدۇ. شۇ چاغدا سەن: «ئەي يىلان پادىشاھى، ماڭا نېمە كېرەك بولاتتى؟! ئۆزۈم چۆللەردە يۈرسەم، ماڭا بايلىق كېرەك ئەمەس، قولىڭىزدىكى ئۈزۈكىڭىزنى بەرسىڭىز كۇپايە» دەيسەن. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەي ئوغلۇم، بۇ ئۈزۈكنى نېمە قىلىسەن؟ تىلىسەڭ دۇنيا تىلىگىن» دەيدۇ. شۇ چاغدا سەن: «ماڭا دۇنيانىڭ لازىمى يوق، مۇشۇ ئۈزۈكىڭىزگە ئىشقىم چۈشتى. شۇنىڭدىن باشقىنى تىلىمەيمەن. بەرمىسىڭىز يەنە كېتىۋېرىمەن» دېسەڭ، ئامالسىز شۇ ئۈزۈكنى بېرىدۇ. ئۈزۈكنى ئاتامدىن ئېلىپ قولۇڭغا سالغاندىن كېيىن، كۆڭلۈڭدە قانداق مۇددىئايىڭ بولسا، ئۈزۈككە ئەمىر قىلساڭ، شۇ نەرسە ھاسىل بولىدۇ، — دەپتۇ.

ساۋۇت ئىت بىلەن مۇشۇكنى بۇلاقنىڭ بويىدا قالدۇرۇپ قويۇپ، يىلاننى يېڭىنىڭ ئىچىگە تىقىپ، يېڭىدىن بېشىنى چىقىرىپ قويۇپ، تاغقا چىقىپتۇ. ئەتراپىغا قارىسا، يىلان دېگەندەك، يوغان - يوغان يىلانلار زەھىرىنى چېچىپ تۇرغانىكەن. بىراق ئۇلار ساۋۇتنىڭ يېڭىدىكى يىلاننى كۆرۈپ، بىردىنلا تەزىم قىلىشىپ، ئارقىسىغا قايتىپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇلار نۇرغۇن يىلانلارنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، بىر ھەيۋەتلىك ئىمارەتنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ھېلىقى يىلان يىگىتنى بىر جايغا يوشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى ئىچكىرىسىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئاتىسى ئوغلىنىڭ پۈتۈن بەدىنى قانغا بويۇلۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ يىغلاپ، ئوغلىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

— كىم سېنى بۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى؟ — دەپتۇ. يىلان ئاتىسىغا:

— ئەي ئاتا، نېمىسىنى سورايسىز. مەن بۇ چاغقىچە ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتىم، بىر بىچارە مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. لېكىن ئاتا - ئانىسى ئۇنى مېنى مىڭ تەڭگىگە سېتىۋېلىپ، ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن تىللاپ - قاقاپ ئۆيىدىن قوغلاپ چىقاردى. مەن شۇ يىگىتنىڭ ياردىمى بىلەن مۇشۇ يەرگە يېتىپ كېلەلىدىم، — دەپتۇ.

— ئەي ئوغلۇم، شۇ بالىنى تېپىپ كەل! — دەپتۇ يىلان شاھ. يىلان تالاغا چىقىپلا ساۋۇتنى باشلاپ كىرىپتۇ. ساۋۇت تەزىم قىلىپ، سالام بېرىپتۇ.

— ئەي ئوغلۇم، قانداق تىلىكىڭ بولسا، تىلە! — دەپتۇ يىلان شاھ. ساۋۇت:

— مەن باياۋانلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن تۇرسام، قانداق قىلىپ بىرنەرسە تىلەيمەن. ئەگەر تىلەشكە مۇمكىن بولسا، قولىڭىزدىكى مۇشۇ ئۈزۈكنى بەرسىڭىز، ماڭا شۇ كۇپايە، — دەپتۇ. پادىشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ:

— ئەي ئوغلۇم، سېنىڭ ھېچ نەرسىدىن خەۋىرىڭ يوق ئىكەن. بۇ ئۈزۈك مېنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق نەرسەم، ئەگەر سەندىن باشقا كىشى بولسا ئىدى، جېنىنى ئالاتتىم. خەير ئوغلۇمنىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قاپسەن، باشقا نەرسە تىلىگىن، — دەپتۇ. ساۋۇت گېپىدە چىڭ تۇرۇپ:

— ئەي يىلانلارنىڭ ئۇلۇغ باش - پاناھى، ماڭا دۇنيا - مۇلۇكنىڭ زادى لازىمى يوق. ئەگەر دۇنيا لازىم بولسا ئىدى، ئىت، مۇشۇك ۋە يىلاننىڭ ھەربىرسىگە مىڭ تەڭگىدىن

خەجلەپ، ئۆلۈمدىن قوتۇلدۇرۇۋالمىغان بولاتتىم. ئەگەر بەرسىڭىز، شۇنى بەرگەيسىز، بەرمىسىڭىزمۇ مەيلى، باشقا ھېچقانداق تەلىپىم يوق، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.

يىلان پادىشاھىمۇ نائىلاج، جىنىنى بەرگەندەك بولۇپ، ئۆزۆكنى قولىدىن چىقىرىپ، بالىغا تۇتقۇزۇپتۇ ۋە نۇرغۇن نەسىھەت قىلىپ:

— بۇ ئۆزۆكنى چىڭ ساقلا. ئۆزۆكنىڭ خاسىيىتىنى دۈشمەنلىرىڭگە ۋە خوتۇنۇڭغا ھەرگىز دېمىگىن. ئەگەر بۇ سىرنى دۈشمەنلىرىڭگە، خوتۇنۇڭغا بىلدۈرۈپ قويساڭ، ئۆمۈر بويى ئازاب - كۈلپەتتىن قۇتۇلالمايسەن، — دەپ جېكىلەپ، ساۋۇتنى يىلانلار ئارىسىدىن چىقىرىپ، بۇلاقنىڭ بويىغا يەتكۈزۈپ قويۇپتۇ. ساۋۇت بۇلاق بويىغا كېلىپ، ئىت ۋە مۈشۈك بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزۆكنى قولىغا ئېلىپ:

— ئەي شاھى ماراننىڭ ئۆزۆكى، ئاق يىلاننىڭ ئەمرى بىلەن بۇ يەرگە داستىخان بىلەن بىر لېگەن پولۇ ھازىر بولسۇن، — دېيىشىگىلا بىر داستىخان بىلەن بىر لېگەن پولۇ ھازىر بوپتۇ. ئۇلار قورساقلىرىنى تويغۇزغاندىن كېيىن يولىغا راۋان بوپتۇ. نۇرغۇن مەنزىللەرنى بېسىپ بىر شەھەرگە كەپتۇ. بۇ چاغدا ئەتراپنى تۈن پەردىسى ياپقان ئىكەن. ئۇلار كېتىۋېتىپ ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرغان بىر مومايغا كۆزى چۈشۈپتۇ. ساۋۇت مومايغا سالام بېرىپ:

— ئەي جان ئانا، بىزگە بىر كېچە قونىدىغان جاي بەرسىڭىز، — دەپتۇ. موماي ئۇنىماپتۇ. ئاخىر ئۇلار مومايىنىڭ قوشنىسىنىڭكىدە قونماقچى بولۇپتۇ. ساۋۇت ئۇخلاشتىن بۇرۇن شاھى ماراننىڭ ئۆزۆكىگە: «ئەي شاھى ماراننىڭ ئۆزۆكى، ئاق يىلاننىڭ ئەمرى بىلەن مېنىڭ ئالدىمغا تۈرلۈك تائاملار تەييار بولسۇن» دەپ ئېسىل نازۇنېمەتلەرنى ھازىرلاپ، مومايىنى غىزاغا تەكلىپ قىپتۇ. موماي بۇ نازۇ نېمەتلەرنى كۆرۈپ ھەيران بولغان ھالدا:

— ئەي بالام، بۇ تائاملارنى قەيەردىن تاپتىڭ؟! — دەپ سوراپتۇ، ساۋۇت راستىنى دېمەستىن:

— خۇرجۇنۇمدا بار ئىدى، — دەپتۇ. ئۇلار تاماقلىرىنى يەپ بولغاندىن كېيىن، موماي ساۋۇتنى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ، ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىپتۇ. ئىككىسى ئۇزۇن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپ، ساۋۇت مومايغا بالا بوپتۇ، ئۇخلايدىغان چاغدا موماي ساۋۇتقا:

— كېچىسى تالا چىقما، — دەپ تاپىلاپتۇ. كېچىسى بىر چاغدا ساۋۇتنىڭ تەرىتى قىستاپ، ئامالسىز تالاغا چىقىپتۇ. ئۇ تەرەت قىلىپ بولۇپ ئاسمانغا قارىغانىكەن، ئاي ۋە ئايغا قارشى بىر شولا كۆرۈنۈپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەن ئۇلار ناشتىلىقتا ئولتۇرغان چاغدا ساۋۇت:

— مەن ئاخشام ئاي ۋە ئاينىڭ قارشىسىدا تۇرغان بىر شولىنى كۆردۈم. ئاي قارشىسىدىكى بۇ شولا نېمىدۇر؟ — دەپ سوراپتۇ، موماي:

— ئەي بالام، بۇ گەپلەرنى قىلمىغىن! سەن بىلەن بىزگە مۇنداق گەپنىڭ ھاجىتى يوق — دەپتۇ. ئەمما، ساۋۇت بىرنەچچە كۈنگىچە ھېلىقى شولىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى كوچىلاپ سوراۋېرىپتۇ. موماي ئىلاجىسىز:

— ئاي ئاسماندىكى ئاي شۇ، ھېلىقى شولا پادىشاھنىڭ قىزىنىڭ ھۆسن - جامالىدۇر، — دەپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ساۋۇت مومايغا:

— ھەي جان ئانا، شۇ پادىشاھنىڭ قىزىغا مەن ئۆچۈن ئەلچىلىككە بارسىڭىز، — دەپتۇ. مومايىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— سەن كىم، ئۇ كىم. پادىشاھنىڭ قىزىغا ئەلچىلىككە قانداق بارىمەن؟! ھالىنى بىلگەن ھارماس. قىز تېپىلمىغاندەك پادىشاھنىڭ قىزىغا ئەلچىلىككە بار دېگىنىڭ نېمىسى؟! مەن ئۇ يەرگە بارسام مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، — دەپ ئۇنىماپتۇ. لېكىن، ساۋۇت بىرنەچچە كۈنگىچە توختىماي مومايىنى ئەلچىلىككە بېرىشقا قىستاپتۇ. موماي ئامالسىز ئوردىغا بېرىپ، پادىشاھقا ئۆزىنىڭ مەلىكىگە ئەلچىلىككە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

پادىشاھ ئۈستۈۋېشى جۇل - جۇل مومايىنىڭ قىزغا ئەلچىلىككە كەلگەنلىكىدىن غەزەپلە-نىپ، مومايىنى دارغا ئاسقۇزۇپ جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. ساۋۇت مومايىنى ساقلا - ساقلا كەچ بوپتۇ. ساۋۇت ئاخىر شاھى ماراننىڭ ئۈزۈكىنىڭ كارامىتىنى ئىشقا سېلىپ، مومايىنى تىرىلدۈرۈپ كەپتۇ. ساۋۇت ئەتىسى يەنە مومايىنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپتۇ. بۇ قېتىم پادىشاھ مومايىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىشنى بۇيرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوردا ياساۋۇللىرى مومايىنى شەھەر سىرتىغا ئاچىقىپ كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ. ساۋۇت بۇ قېتىم يەنە شاھى ماراننىڭ ئۈزۈكىنىڭ خاسىيىتى بىلەن مومايىنى تىرىلدۈرۈپ، يەنە ئەلچىلىككە ئەۋەتىپتۇ. پادىشاھ:

— سەن ئادەمىزاتمۇ ياكى جىنمۇ؟ ئۆلتۈرۈۋەتسەكمۇ، يەنە پەيدا بولىسەن، بۇ زادى نېمە ئىش، — دەپ سوراپتۇ ۋە ۋەزىرلىرىگە مەسلىھەت سېلىپ:

— قانداق قىلساق بۇ مومايدىن قۇتۇلىمىز؟ — دەپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر:

— ئەي پادىشاھىم، بۇنىڭ ئىلاجى ئاساندۇر. «بەرمەس قىزنىڭ تويلۇقى ئېغىر» دېگەن گەپ بار. بۇنى ماڭا قويسىلا، يوق نەرسىلەرنى ئېيتىپ، قايتۇرسام ئۆزى بىلەن ئۆزى ئاۋارە بولۇپ بېشى قېتىپ، نىيىتىدىن ياندۇ، — دەپتۇ - دە، مومايىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئەي كەمپىر، سەن پادىشاھنىڭ قىزىغا ئەلچىلىككە كەلگەن بولساڭ، مەن دېگەن نەرسىلەرنى تەل قىل. ئاندىن پادىشاھنىڭ قىزى سېنىڭ بولسۇن. سەن خان سارىيىنىڭ ئۇدۇلىغا بىر قەلئە بىنا قىلسەن، قەلئەنىڭ تاملىرى مىستىن بولسۇن، نۇر چېچىپ تۇرسۇن، ئىچىدە باغچا بولسۇن، ئۈزۈك تۇرغان جايدىن تۆگىلەرگە ئالتۇن - كۈمۈش ئارتىپ، پادىشاھ رازى بولغۇچە ئېلىپ كېلىسەن. قوي - ئۆچكىلەرنىمۇ ئەكېلىسەن، — دەپ شەرت قويۇپ، مومايىنى ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. موماي قايتىپ كېلىپ ساۋۇتقا:

— ئوغلۇم، پادىشاھنىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا ئېلىشنى كىم قويدى ساڭا؟ ئۇلار دۇنيادا تېپىلمايدىغان نەرسىلەرنى دەۋاتىدۇ. ھېلى بولسىمۇ نىيىتىڭدىن يېنىپ، بۇ ئىشنى قوي، — دەپتۇ. ساۋۇت:

— ئەي جان ئانا، قېنى سوزلەڭ، پادىشاھ نېمە دېدى. مەن ئاڭلاپ باقايچۇ، — دەپتۇ. موماي ۋەزىرنىڭ دېگەنلىرىنى بىرىنى قويماي ساۋۇتقا ئېيتىپ بېرىپتۇ. ساۋۇت:

— ئانا، بۇ ئىشلار ئاسان. ئەتە ئەتىگەن كۆرىسىز، — دەپتۇ. شۇ كېچىسى خان سارىيىنىڭ كۈن پېتىش تەرىپىگە قاراپ، بىر چاقىرىم چامىسىدا يول يۈرۈپ، بىر دەريانىڭ بويىغا بېرىپ ئۈزۈكنى قولىغا ئېلىپ، «ئەي شاھى ماراننىڭ ئۈزۈكى، ئاق يىلاننىڭ ئەمرى بىلەن مۇشۇ جايدا تاملىرى مىستىن قوپۇرۇلغان بىر قەلئە بىنا بولسۇن. تامنىڭ ئېگىزلىكى كىشىلەر ھەيران قالغۇدەك ئېگىز بولسۇن، كۈن چىقسا، شۇ قەلئەنىڭ شولىسى شەھەرنى يورۇتۇپ تۇرسۇن. قەلئەنىڭ تۆت تەرىپىدە دەرۋازىسى بولسۇن، ئىچىدە باغچا بولسۇن، بۇلاقلاردىن سۇلار شارقىراپ ئېقىپ تۇرىدىغان بولسۇن، رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ تۇر-سۇن. بۇلبۇللار خۇش ئاۋاز بىلەن سايراپ تۇرسۇن. بۇ قەلئەنىڭ ئىچىدە ئىككى ساراي بولسۇنكى، بىرى قىشلىق ساراي، بىرسى يازلىق ساراي بولسۇن، بۇ سارايلارمۇ ھەر تەرەپكە نۇر چېچىپ تۇرىدىغان بولسۇن، پادىشاھنىڭ دېگىنىدىنمۇ زىيادەرەك بولسۇن. تۆگىلەرگە زەر - زىۋەرلەر يۈكلىنىپ، سېمىز قوي ۋە ئۆچكىلەر پادىشاھ سارىيىغا قاراپ ھەيدەلسۇن. پادىشاھ ‹بولدى يېتىدۇ›، دېگەنگە قەدەر ھەممە نەرسە بېرىپ تۇرۇلسۇن» دەپ ھەممە نەرسىنى تەق قىلىپ قويۇپ، قايتىپ كەپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەن:

— ئەي جان ئانا، ئەمدى چىقىپ قاراپ بېقىڭ. پادىشاھنىڭ دېگىنىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئارتۇق نەرسىلەر تەييار بولدى، — دەپ، مومايىنى ئۆيدىن باشلاپ چىقىپتۇ. موماي قارىسا، يىراق بىر يەردە بىر قەلئە نۇر چېچىپ تۇرغانمىش. تۆگە قوڭغۇراقلىرىنىڭ ئاۋازى، قوي-ئۆچكىلەرنىڭ مەرەشلىرى جاھاننى بىر ئالغانمىش. موماي بۇ ئىشتىن ناھايىتى ھەيران

بولۇپتۇ. ساۋۇت:
— جان ئانا، ئەمدى ئوردىغا بېرىپ، ھەممە شەرتنىڭ ھازىر بولغانلىقىنى ئېيتىڭ، — دەپتۇ.
موماي پادىشاھ ئوردىسى ئالدىغا كېلىپ دەرۋازىسىنى قېقىپ، خەۋەرچىلەرگە:
— پادىشاھنىڭ تۈنۈگۈنكى دېگىنى بويىچە بارلىق تويلۇقلارنى ئېلىپ كەلدىم! — دەپتۇ. خەۋەرچىلەر بېرىپ پادىشاھقا خەۋەر قىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرى بىلەن ئالدىراپ - تېنەپ چىقىپ قارىسا كوچىلار قىممەت باھالىق رەختلەر ۋە ئالتۇن - كۈمۈش ئارتىلغان تۆگىلەرگە تولۇپ كەتكەن، نۇرغۇن سېمىز قوي - ئۆچكىلەر پۈتۈن شەھەرنى بىر ئالغان. پادىشاھ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ۋەزىرىگە:
— ئەي ۋەزىر، بۇ نېمە ئىش بولۇپ كەتتى، ئۆمرۈمدە كۆرمىگەن ۋە ئاڭلاپ باقمىغان ئىشلار بولۇۋاتىدىغۇ؟ بىر كېچىنىڭ ئىچىدىلا شۇنچىلىك مال - دۇنيا، قوي ۋە ئۆچكىلەرنى قەيەردىن تېپىپ كەلدى؟ ئەمدى ياسىغان قەلئەسىنىمۇ كۆرۈپ باق. دېگىنىمدەك بولدىمۇ، يوق، — دەپتۇ. ۋەزىرلەر بېرىپ قارىسا پادىشاھنىڭ قەلئەسى ئۇنىڭ ئېرىمىغۇ تەڭ كەلمەيدىكەن. بۇ قەسىرنىڭ تاملىرى نۇر چېچىپ ئادەمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىكەن. بۇ ئىشقا ۋەزىر ھەيران قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ:
— ئەي پادىشاھىم، قىز بالىنى قاچان بولمىسۇن، ئەرگە بېرىدىغان گەپ. قاچانغىچە ئۆيدە ساقلايلا، قانداق بولمىسۇن ۋەدە قىلغاندىن كېيىن، ۋەدىگە ۋاپا قىلىشلىرى كېرەك، — دەپ، ئوردىنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئېچىپ، ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ۋە قىممەت باھالىق كىيىم-كېچەكلەرنى، رەختلەرنى خەزىنىگە ئېلىپ كەپتۇ. ئۆچكە، قويلارنى قوتانلارغا سولاپتۇ ۋە توي كۈنىنى بېكىتىپ، تەرەپ - تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ توي خەۋىرىنى يەتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.
موماي خۇشال ھالدا ئۆيىگە كېلىپ، ساۋۇتقا بولغان ۋەقەلەرنى، تويىنىڭ قايسى كۈنى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ توي تەييارلىقىنى تۈگەتكەندىن كېيىن قىرىق كېچە- كۈندۈز توي قىلىپ، قىزىنى ساۋۇتقا نىكاھلاپ بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ تويىدىن نۇرغۇن كەمبەغەللەرمۇ بەھرىمەن بولۇپ قايتىپتۇ.
پادىشاھنىڭ قىزىغا ئەسلىدە باشقا بىر پادىشاھ ئاشىق بولۇپ، ئەلچى ئەۋەتىپ رەت قىلىنغانىكەن. توي ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى پادىشاھ «پادىشاھ قىزىنى بىر مومايىنىڭ ئوغلىغا بېرىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، «پادىشاھنىڭ قىزى مەندەك پادىشاھقا لايىق ئىدى، نېمە ئۈچۈن بىر مومايىنىڭ ئوغلىغا بېرىپ مېنىڭ شەنىمگە داغ تەگكۈزدى» دەپ مۇنداق بىر نامە يېزىپ، ئەۋەتىپتۇ. «ئەي پادىشاھى ئالەم، بىلىپ قويۇڭ ۋە ئاگاھ بولۇڭكى، مەن دەسلەپتە سىزنىڭ قىزىڭىزغا ئاشىق بولۇپ، بىرقانچە يىللاردىن بۇيان ئۈمىدلىنىپ كەلگەندىم. سىز «قىزىم كىچىك، كېيىنرەك» دەپ مېنى ئالداپ، قەيەردىكى بولمىغۇر بىر مومايىنىڭ ئوغلىغا بېرىپسىز. پادىشاھ دېگەن نامىنى بۇلغاپ، نومۇس قىلمىدىڭىزمۇ؟ قىزىڭىزنى دەپ بىرقانچە خوتۇنلىرىمنى ھەيدىۋەتكەنىدىم. ھېلىمۇ بولسا ياخشىلىقچە قىزىڭىزنى قايتۇرۇپ ئېلىپ، ماڭا بېرىڭ. ئەگەر خالىمىسىڭىز سوقۇشۇپ، شەھىرىڭىزنى ۋەيران، ئۆزۈڭىزنى شەرمەندە قىلىپ، قىزىڭىزنى ئېلىپ كېتىمەن.»
ساۋۇتنىڭ قېيناتىسى نامىنى ئوقۇپ ساراسىمىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى كۆپ، بەك زالىم ئىكەن. پادىشاھ ۋەزىرلىرىنى چاقىرتىپ، قانداق قىلىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىپتۇ. ۋەزىرلەر پادىشاھقا: «نامە ھەقىقەتەن توغرا يېزىلغان. قىزلىرىنى نەدىكى ئىت - مۈشۈك باقىدىغان بىرىنېمىگە بەردىلە،» دېيىشىپتۇ. ئۇلار پادىشاھنىڭ قىزىنى شۇ يىگىتكە بەرگەنلىكىگە ئىچى تارلىق قىلىپ يۈرگەنىكەن. ئۇلار پادىشاھنى ئاگاھلاندۇرۇپ:
— كەلگەن نامىگە «مەن ھەقىقەتەن بىر كەمبەغەللىگە قىزىمنى بەردىم، ئەمدى شۇ

كۆيئوغۇل بىلەن قانداق ھېسابلاشسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ ئىختىيارى، مەن ئارىلاشمايمەن» دەپ جاۋاب يازسىلا، — دەپ مەسلىھەت بېرىشىپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرلىرىنىڭ دېگىنى بويىچە جاۋاب يېزىپ ئەۋەتىپتۇ. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ساۋۇت پادىشاھنى ئۆز قەلئەسىگە تەكلىپ قىلىپ، زىياپەت بېرىپتۇ. ئەمما پادىشاھ زىياپەت تۈگىگۈچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، ھەسرەت چېكىپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇنى سەزگەن ساۋۇت قېيناتىسىنىڭ زادى نېمە بولغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ، ئۈزۈكنىڭ خاسىيىتى بىلەن پادىشاھنىڭ كۆڭلىدىكىنى ۋە ئۆزىگە جەڭ خەۋپى كېلىدىغانلىقىنى بىلىپتۇ. ھېلىقى پادىشاھ نامىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ساۋۇتقا جەڭ ئېلان قىلىپ، لەشكەر تارتىپ كەپتۇ. جەڭ باشلانغاندا ساۋۇت شاھى مارانىنىڭ ئۈزۈكىگە: «ئاق يىلاننىڭ ئەمرى، دۈشمەننىڭ لەشكەرلىرى تىرىپىرەن بوپ كەتسۇن» دەپ ئەمىر قىلىپ، دۈشمەننى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىتىپتۇ.

ھېلىقى پادىشاھ قاتتىق مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆز مەملىكىتىگە قايتىپ كېلىپ، بىر ئاي ئىچىدە بارلىق لەشكەرلەرنى يىغىپ، ئۇزۇق - تۈلۈك توپلاپ، ساۋۇت بىلەن ئېلىشىشقا كەپتۇ. بۇ قېتىممۇ ساۋۇت ئۈزۈكنىڭ كارامىتى بىلەن ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋېتىپتۇ. قارا نىيەت پادىشاھ لەشكىرىي كۈچ بىلەن ساۋۇتنى باش ئەگدۈرەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، قانداق قىلىش توغرىسىدا ۋەزىرلەرگە ۋە ئوردا دانىشمەنلىرىگە مەسلىھەت سېپتۇ. دانىشمەنلەر پال ئاچقۇزۇپ بېقىشنى ئېيتىپتۇ. پالچىلار پال ئېچىپ، ساۋۇتنى ھىيلە بىلەن باش ئەگدۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ ئوردا ياساۋۇللىرىغا:

— دەرھال جادۇگەرلەرنى يىغىڭلار، — دەپ ئەمىر قىپتۇ. ياساۋۇللار ھەش - پەش دېگۈچە مەملىكەت تەۋەسىدىكى ئەڭ داڭدار جادۇگەرلەرنى ئوردىغا ھازىر قىپتۇ. پادىشاھ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن سېھىرگەرلىكتە ئەڭ ئۇستا جادۇگەر مومايدىن بىرنى تاللاپ، باشقىلارنى كەتكۈزۈۋېتىپتۇ. جادۇگەر مومايىنى چاھارباغقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىرنەچچە كېنىزەكنى ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا قويۇپتۇ. ھەر كۈنى خىلمۇ خىل ئېسىل نازۇ نېمەتلەر بىلەن غىزالاندۇرۇپ، ناھايىتى ياخشى كۈتۈپتۇ. تەختىراۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ سەيلى - ساياھەت قىلدۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ مومايىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇياق - بۇياقتىن گەپ ئېچىپ:

— ئەي موما، مەلۇم بىر جايدىكى ساۋۇت دېگەن بىرىنىڭ خوتۇنىغا ئەسلى مەن ئاشىق ئىدىم. بىرنەچچە قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن بولساممۇ، لېكىن ئاتىسى «قىزىم كىچىك» دەپ ئەلچىلىرىمنى ياندۇرۇۋەتكەن. ئەمدى ئاڭلىسام، بۇ قىزنى بىر ئىتۋازغا بېرىپتۇدەك، قىزنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ ئىلاجى بولۇرمۇ؟ — دەپتۇ. جادۇگەر موماي ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، بۇ ئىشنىڭ ئىلاجى ئاسان، ماڭا قىممەت باھالىق ئالتۇن - گۆھەرلەردىن، لەلى - زۇمرەتلەردىن، ئىنجۇ - مارجانلاردىن ۋە باشقا بارلىق ئېسىل نەرسىلەردىن، ياخشى ئەينەكلەردىن بەرسىلە، بۇنىڭ ئىلاجىنى مەن قىلاي، — دەپتۇ.

پادىشاھ جادۇگەر موماي دېگەن نەرسىلەرنى تەق قىلىپ بېرىپتۇ. جادۇگەر موماي ئۇ نەرسىلەرنى بىر ئاق ئېشەككە ئارتىپ يولغا چىقىپتۇ. بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپ، ساۋۇتنىڭ شەھىرىگە كېلىپ، ئۇنىڭ قەلئەسىگە يېقىن بىر سارايغا چۈشۈپتۇ. ئەتىسى ئېسىل ماللارنى ساتىدىغان رەستىگە بېرىپ ماللىرىنى يېيىپتۇ. خېرىدارلار كېلىپ جادۇگەر مومايىنىڭ ماللىرىدىن ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۇ ماللىرىنى كۆپ ساتماپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى بازاردا ئازراقلا سودا قىلىپ، ئۆيمۇئۆي كىرىپ، ھېلىقى ئېسىل ماللىرىنى ئانچە - مۇنچە كۆرسىتىپ باھاسىنى بەك قىممەت قويۇپتۇ. بۇ خەۋەر ساۋۇتنىڭ خوتۇنىنىڭمۇ قۇلىقىغا يېتىپتۇ.

بىر كۈنى جادۇگەر موماي كوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ ساۋۇتنىڭ قەلئەسىگە كەپتۇ. مەلىكە

جادۇگەر مومايىنى قەلئەگە باشلاپ كىرىپ ماللىرىنىڭ باھاسىنى سوراپتۇ، مۇڭدىشىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ جادۇگەر موماي بىلەن مەلىكە كۈندە كۆرۈشىدىغان بوپتۇ. موماي ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ، ئاخىر مەلىكىنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان بوپتۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن مومايغا ئىشىنىپ قەلئەنىڭ ئىچىدىن ئۆي بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، مەلىكە بىلەن جادۇگەر موماي ناھايىتى ئىناق - ئىجىل بوپ كېتىپتۇ. موماي پات - پات مەلىكىگە: «ئېرىڭىزنىڭ مەستلىكىنى قوزغايدىغان قىلىقلارنى قىلىپ تۇرمىسىڭىز ئەر - خوتۇنلۇقنىڭ نېمە مەنىسى بولىدۇ، سىز بەك بوشاڭ» دەپ قويىدىكەن. بىر كۈنى كەچتە جادۇگەر مومايىنىڭ سۆزلىرى مەلىكىنىڭ يادىغا كېلىپ ساۋۇتقا:

— ئەي ۋاپادارىم، ئىككىمىز ئۆيلۈك بولغىلى بىر يىلدىن ئاشتى. ھېچبىر ئۇياق - بۇياقتىن ئىستەك - سوراق گەپلىرىنى قىلىشمايمىز. مەن سورىغانغا سىز جاۋاب بېرىڭ، سىز سورىغانغا مەن جاۋاب بېرەي، سىز بۇ قەلئەنى قانداق بىنا قىلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. ساۋۇت بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ:

— ئەي مېھرىبانىم، بۇ گەپنى سىز سورىماڭ، مەن ئېيتماي. باشقا گەپلەرنى قىلىڭ، — دەپتۇ. مەلىكە ساۋۇتنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمىگەنلىكىدىن رەنجىپ، تەتۈر قاراپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئەتىسى ئۇخلايدىغان چاغدا مەلىكە ھەر خىل قىلىقلارنى قىلىپ، ھېلىقى سىرنى سوراشقا باشلاپتۇ. ساۋۇت يەنە ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ، گەپنى باشقا ياققا بۇراپتۇ. مەلىكە ساۋۇتقا قېيداپ:

— مېنى دۈشمەن كۆرۈپ، كۆڭلىڭىزدىكى سىرنى دېمەيدىكەنسىز. مېنىڭ سىزگە ھېچقانداق دۈشمەنلىكىم يوق، — دەپتۇ.

جادۇگەر موماي دائىم ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىدىغانلىقىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلايدىكەن. ئۇ ئەتىسى كەچتە ئادىتى بويىچە ساۋۇت بىلەن مەلىكىنىڭ گېپىنى ئوغرىلىقچە تىڭشاپ تۇرۇپتۇ. مەلىكە يەنە ساۋۇتتىن ھېلىقى سىرنى ئېيتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. ساۋۇت ھەرقانچە قىلسىمۇ، مەلىكە نازلىنىپ، ئەركىلەپ، ساۋۇتنى ئىشىنىڭ تېگ - تەكتىنى ئېيتىپ بېرىشكە مەجبۇر قىپتۇ. ساۋۇت ئاخىر شاھى مارانىنىڭ ئۈزۈكىنىڭ سىرىنى مەلىكە ئېيتىپ بېرىپتۇ. بۇنى جادۇگەر مومايمۇ بىلىۋاپتۇ - دە، ئۈزۈكنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. ساۋۇت بىر كۈنى ئۈزۈكنى ئۆيگە يوشۇرۇپ قويۇپ، ئوۋغا چىقىپ كېتىپتۇ. جادۇگەر موماي سېھىر ئىشلىتىپ ئۈزۈك يوشۇرۇلغان جاينى بىلىۋاپتۇ. مەلىكىگە كىيىم ئاچىقىپ بېرىش ئۈچۈن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ، ئۈزۈكنى يوشۇرۇلغان جايدىن تېپىپ ئاپتۇ - دە: «ئەي شاھى مارانىنىڭ ئۈزۈكى، ئاق يىلاننىڭ ئەمرى بىلەن مۇشۇ مىس قەلئە پالانى پادىشاھنىڭ شەھىرىگە يۆتكەلسۇن، ساۋۇت ئىت - مۇشۇكلىرى بىلەن ئۆز جايىدا قالسۇن» دەپ قەلئەنى ھەش - پەش دېگۈچە ھېلىقى زومىگەر پادىشاھنىڭ شەھىرىگە يۆتكەپ كەپتۇ. ئاندىن ئۈزۈكنى ئېلىپ، قەلئەدىن تۇيدۇرماي چىقىپ، قانخور پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— پادىشاھى ئالەم، مەن ساۋۇتنىڭ قەلئەسىنى ۋە مەلىكىنى ئېلىپ كەلدىم. سىلىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى ئەمەلگە ئاشتى. ئەمدى مەلىكىنى ئۆز ئەمىرلىرىگە ئالسىلا بولىدۇ، — دەپتۇ. پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ناھايىتى خۇشال بوپتۇ ۋە جادۇگەر مومايىنى نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈشلەر بىلەن تارتۇقلاپ:

— ئەمدى مەلىكىنى مەن بىلەن توي قىلىشقا كۆندۈرگىن، — دەپتۇ.

جادۇگەر موماي پادىشاھنىڭ قېشىدىن چىقىپ، ئۇدۇل قەلئەگە كەپتۇ - دە، مەلىكىگە ھەممە ئىشنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. مەلىكە بۇ ئىشتىن قاتتىق ھەيران بوپتۇ ۋە ئېرىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى سورىغانلىقىدىن مىڭ پۇشايمان يەپ، قاتتىق ھەسرەت چېكىپتۇ.

ئەمدى گەپنى ساۋۇتتىن ئاڭلايلى:

ساۋۇت ئۇۋدىن قايتىپ كېلىپ قارىسا، قەلئە كۆرۈنمەپتۇ. پەقەت ئىت بىلەن مۇشۇكلا تۇرغۇدەك. ئۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى چۈشىنىپ، ئۆز مەھبۇبىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىدىن قاتتىق ئازابلىنىپ كۆز يېشى قىپتۇ ۋە جادۇگەر مومايغا قاتتىق غەزىپى كەپتۇ. قېيناتىسىنىڭ قېشىغىمۇ بارماي، قەلئەنىڭ ئورنىغا بىر كەپە تىكلەپ، مۇشۇك ۋە ئىت بىلەن بىللە كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئىت مۇشۇككە:

— ئىگىمىز بىر يىلاننى ملىڭ تەڭگىگە سېتىۋېلىپ، شۇنچىلىك ئىززەت - ئابرۇيغا ئېرىشكەندى. بىزنىمۇ مىڭ تەڭگىدىن سېتىۋېلىپ، جېنىمىزنى قۇتقۇزغان. بىر ئامال قىلىپ شاھى مارانىنىڭ ئۈزۈكىنى تېپىپ كېلىپ، شەپقەتچىمىزگە جاۋاب قايتۇرايلى، — دەپتۇ. مۇشۇكمۇ بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى ئىككىيلەن ساۋۇتقا تۇيدۇرماي يولغا چىقىپتۇ. نۇرغۇن مەنزىللەرنى بېسىپ، ئاخىر ناھايىتى ئېگىز بىر دۆڭنىڭ تۈۋىگە كېلىپ توختاپتۇ. شۇ يەردە بىردەم ھاردۇقىنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن، دۆڭگە چىقىپ قارىسا، قەلئە يىراقتىن نۇر چېچىپ تۇرغۇدەك. ئۇلار ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. دۆڭدىن چۈشۈپ قەلئەگە قاراپ مېڭىپ، ئۇزاققا بارمايلا بىر دەرياغا دۇچ كەپتۇ.

مۇشۇك ئىتقا:

— سەن مېنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويساڭ، — دەپ ئىلتىجا قىپتۇ. ئىت:

— مېنىڭ شەرتىم بار، كۆنسەڭ ئۆتكۈزۈپ قويىمەن، — دەپتۇ.

— قېنى شەرتىڭنى دە، — دەپتۇ مۇشۇك.

— ئەگەر ئۈزۈكنى قايسىمىز قولغا چۈشۈرسەك، شۇ ئۈزۈكنى ئۆز قولىمىز بىلەن شەپقەتچىمىزگە ئاپىرىپ بېرىمىز، — دەپتۇ. مۇشۇك بۇنىڭغا كۆنۈپتۇ. ئىت مۇشۇكنى دۈمبىسىگە ئېلىپ، دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويۇپتۇ. ئۇلار دەريادىن ئۆتۈپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن قەلئەگە يېتىپ كەپتۇ. شۇ چاغدا مۇشۇك ئىتقا:

— بۇرادىرىم، مۇبادا جادۇگەر موماي بىزنى كۆرۈپ قالسا، ئۆلتۈرىۋېتىدۇ. سەن سىرتتا بىر يەرگە يوشۇرۇنۇپ تۇرغىن. مەن قەلئەگە كىرىپ، ئەھۋال ئىگىلەپ چىقاي، — دەپتۇ - دە، ئىتنى قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قەلئەگە كىرىپ، ئۇدۇل مەلىكىنىڭ ھۇجرىسىغا كەپتۇ. مەلىكە مۇشۇكنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. ئۆز ھالىنى بايان قىلىپ يىغلاپتۇ. ساۋۇتنىڭ ئەھۋالىنى سوراپتۇ. مۇشۇك مەلىكىدىن:

— ئەي مەلىكە، شاھى مارانىنىڭ ئۈزۈكى قەيەردە؟ بىلەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

مەلىكە:

— ئۈزۈكنى جادۇگەر موماي ئوغرىلىۋالغانىكەن، ئۈزۈكنى ئېغىزىدا ساقلايدۇ. ئۆزى يالغۇز تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا ھېچكىم كىرەلمەيدۇ، — دەپتۇ. مۇشۇك:

— سىز بىر ئامال قىلىپ، جادۇگەر مومايىنىڭ ھۇجرىسىدىكى سەرەڭگىلەرنى يوشۇرۇپ قويۇپ، بىر قاچىدا لازا ئەكىرىپ، تەكچىدە قويۇپ قويۇڭ، — دەپ قازناققا كىرىپ كېتىپتۇ. مەلىكە جادۇگەر مومايىنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنىڭ يوچۇقىدىن قارىسا، ئۇ ئۇخلاۋاتقانىكەن. شۇنىڭ بىلەن مەلىكە دەرھال لازا تەييارلاپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ، مومايىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپتۇ - دە، سەرەڭگىلەرنى ئېلىۋېلىپ، لازىنى تەكچىدە قويۇپ قويۇپ، چىقىپ كېتىپتۇ. كەچ كىرىپتۇ. مۇشۇك قازناقتا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ بىر چاشقان تۇتۇۋاپتۇ. چاشقان:

— ئەي مۇشۇك ئاكا، سەن مېنى قويۇۋەتكىن، مەن چاشقانلارنىڭ پادىشاھى، ساڭا قانچىلىك چاشقان كېرەك بولسا، شۇنچىلىك بېرەي، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. مۇشۇك:

— ماڭا چاشقان كېرەك ئەمەس، بىر شەرتىم بار. ئورۇندىساڭ قويۇپ، بېرىمەن، — دەپتۇ. چاشقان قانداق شەرت بولسا، ئورۇندايدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىپتۇ. مۈشۈك چاشقانغا:

— سەن جادۇگەر موماينىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، تەكچىدىكى لازىدىن قۇيرۇقىڭغا يۇقتۇرۇپ، ئۇنىڭغا پۇراتقىن، — دەپتۇ. چاشقان ماقۇل بولۇپ، جادۇگەر موماينىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ. مۈشۈك ئىشىك تۈۋىدە ساقلاپ تۇرۇپتۇ. چاشقان مۈشۈكنىڭ دېگىنى بويىچە لازىنى جادۇگەر موماينىڭ بۇرنىغا پۇرۇتۇشى بىلەنلا، جادۇگەر موماي قاتتىق بىر چۈشكۈرگەنىكەن، ئۈزۈك ئاغزىدىن يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۈزۈكنى تېپىش ئۈچۈن سەرەڭگە ياقماقچى بولۇپ، سەرەڭگە ئىزدىگەنىكەن تاپالماپتۇ. ئاخىر بولماي، سەرەڭگىگە چىقىپ كېتىپتۇ. مۈشۈك شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۈزۈكنى ئاپتۇ - دە، قەلئەدىن چىقىپ، ئىتنى تېپىپ ئارقىسىغا يېنىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار ھېلىقى دەريانىڭ بويىغا كەلگەندە مۈشۈك ئىتقا:

— مېنى سۇدىن ئۆتكۈزۈپ قويغىن، — دەپتۇ. ئىت:

— ئۈزۈكنى ماڭا بەرمىسەڭ، ئۆتكۈزۈپ قويمايمەن، — دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. مۈشۈك ئاخىر ئۈزۈكنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. ئىت ئۈزۈكنى ئاغزىدا چىشلەپ، مۈشۈكنى دۈمبىسىگە ئېلىپ سۇغا چۈشۈپتۇ. قارشى قىرغاققا چىقاي دېگەندە، ئىتنىڭ ئاغزىدىكى ئۈزۈك سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. قىرغاققا چىققاندىن كېيىن، ئىت ئۈندىمەستىن سۇغا قاراپ تۇرۇپتۇ. مۈشۈك:

— بۇرادەر تېزراق ماڭايلى، — دەپتۇ. ئىت:

— ئۈزۈك سۇغا چۈشۈپ كەتتى، ئەمدى قانداق قىلىمىز، — دەپتۇ خورسىنغان ھالدا. مۈشۈك ئىتنى ئالدىدا ماڭغۇزۇۋېتىپ، ئۆزى ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلاپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن مۈشۈك بىر پاقا تۇتۇۋاپتۇ. پاقا ھەرقانچە يالۋۇرسىمۇ قويۇپ بەرمەي:

— دەريانىڭ تېگىدە بىر ئۈزۈك بار، سەن شۇنى ئاچىقىپ بەرسەڭ قويۇۋېتىمەن، — دەپتۇ. پاقا بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ، سۇغا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن پاقا ئۈزۈكنى تېپىپ چىقىپ مۈشۈككە بېرىپتۇ. مۈشۈك پاقا بىلەن خوشلىشىپ، يۈگۈرگەن پېتى يولغا راۋان بوپتۇ. خېلى ماڭغاندىن كېيىن ئىتقا يېتىشىپتۇ، ئۇلار توختىماي مېڭىپ ساۋۇتنىڭ كەپىسىگە كېلىپ، ئۈزۈكنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. ساۋۇت مۈشۈكتىن مىڭ مەرتىۋە سۆيۈنۈپ كېتىپتۇ ۋە ئۈزۈككە: «ئاق يىلاننىڭ ئەمرى، مىس قەلئەنى ئۆز جايىغا كەلتۈر، قانخور پادىشاھ بىلەن جادۇگەر موماي ئالدىمدا ھازىر بولسۇن» دەپ ئەمىر قىپتۇ. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە تىلىكى ئىجابەت بوپتۇ. مەلىكە بىلەن كۆرۈشۈپ، قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ بىلەن جادۇگەر موماينىڭ جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. قانخور پادىشاھ-نىڭ پۇقرالىرى زالىم، زومىگەر ھۆكۈمراندىن قۇتۇلغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، ساۋۇتنى پادىشاھلىققا تەكلىپ قىپتۇ. ساۋۇت پادىشاھ بولغاندىن كېيىن ئوردىدىكى مۇناپىق ۋەزىرلەرنى ئۆلتۈرۈپتۇ. زىنداندىكى بىگۇناھ مەھبۇسلارنى ئازاد قىپتۇ. خەلقنىڭ باج - سېلىقىنى ئازايتىپ، ناھايىتى ئادىللىق بىلەن يۇرت سوراشقا باشلاپتۇ. بىر زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن ئاتا - ئانىسىنى سېغىنىپ، يۇرتىغا بېرىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ، بېشىدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە ئۇلارنى ئۆز شەھىرىگە ئەكېلىپ چاھارباغقا ئورۇنلاشتۇرۇپ-تۇ، ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ، باققان ئەجرىنى قايتۇرۇپتۇ. كېيىن باللىق بولۇپ، باياشات ياشاپ، ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

رەتلىگۈچى: نادىرە رەھىمى

# رىۋايەتلەر

توپلاپ رەتلىگۈچى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

## ئانا سۈتىنىڭ خاسىيىتى ھەققىدىكى رىۋايەت

ھەممىگە مەلۇم، ھازىرقى زامان مېدىتسىنا ئىلمىدە يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنى ئانا سۈتى بىلەن بېقىش لازىملىقى تەكىتلىنىۋاتىدۇ. ئەمما، ئۇيغۇرلاردا بۇ خىل قاراش ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرىلا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئانا سۈتىنىڭ تەركىبىدە ئۇزۇقلۇقلار ئىنتايىن مول ئىكەن. بۇ ئۇزۇقلۇقلار بالىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولۇپ، بالىنىڭ ھەر خىل كېسەللىكلەرگە قارشى ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرىدىكەن. بۇ خىل ئىممۇنىتېت كۈچ تاكى بوۋاق چوڭ بولۇپ، 40 ياشتىن 50 ياشلارغا كىرگەنگە قەدەر ئادەم بەدىنىدە ساقلىنىدىكەن. ئادەم مۇشۇ دەۋرگىچە ئاساسەن ئاغرىق - سىلاقتىن خالىي بولىدۇ. روھىمۇ كۆتۈرەڭگۈ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئانا سۈتىنىڭ تەسىرى ئاستا - ئاستا ئاجىزلاشقا باشلايدۇ. ئانا سۈتىنىڭ تەسىرىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ، غەيرىي، نورمالسىزلىق ئەھۋاللار كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. بۇ: ‹دەۋر ئالمىشىش› دەپ ئاتىلىدۇ، يەنى ئانا سۈتىنىڭ تەسىرى بولغان دەۋر ئاخىرلىشىپ، ئانا سۈتىنىڭ تەسىرى بولمىغان دەۋر باشلانغان ۋاقىت ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋر ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ، بەزى ئادەملەر شۇ ‹دەۋر ئالمىشىش› دەۋرىگە كەلگەندە بەرداشلىق بېرەلمەي كېسەلچان بولۇپ قېلىشى، ھەتتا ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن. ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئانا سۈتىنى ئەممىگەن ياكى بەلگىلىك مۇددەتكىچە ئەمەلمىگەن بالىلار، ياكى ئادەملەرنىڭ كېسەلچان، ئاۋاق بولۇپ قېلىشى ياكى ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كېتىشى شۇنىڭدىنمىش».

## «ھەرقانداق ئىش پېشانىگە پۈتۈلگەن» دېگەن سۆز ھەققىدىكى رىۋايەت

ئۇيغۇرلاردا: «ھەرقانداق ئىش پېشانىگە پۈتۈلگەن» دېگەن بىر قاراش بار بولۇپ، قەدىمكى دەۋرلەردە بىر ئادەم تۇغۇلغاندىن باشلاپ، تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر ئۇنىڭ بېشىدىن ئۆتىدىغان بارلىق ئىشلارنى ئۇنىڭ پېشانىسىدىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولارمىش. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان: «ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر يۇرتتا كاتتا بىر سودىگەر بولۇپ، ئۇ سودا ئۈچۈن، باشقا بىر يۇرتقا بېرىپتۇ ۋە شۇ يەردە ئارام ئېلىپ، يولنى

داۋاملاشتۇرماقچى بولۇپ، بىر ئۆيگە چۈشۈپتۇ. شۇ ئەسنادا، شۇ ئۆينىڭ ئىگىسى ئۇ سودىگەرگە ياتاق، تاماق تەييارلاپ بەرمەكچى بولۇپ، قۇچىقىدىكى بوۋىقىنى كاڭغا ياتقۇزۇپ قويۇپ، سىرتقا مېڭىپتۇ. ھېلىقى سودىگەر بوۋاققا شۇنداق قارىسا، ئۇ قىز بوۋاقنىڭ پېشانىسىدە بۇ قىز چوڭ بولۇپ بويىغا يەتكەندە، پالانى يۇرتتىكى پالانچى بىلەن توي قىلىدۇ، دېگەن خەت تۇرغانمىش. ئۇنىڭدا دېيىلىۋاتقىنى ھېلىقى سودىگەرنىڭ دەل ئۆزى بولغاچقا، ھودۇقۇپ: — بۇ قىز بوۋاق تېخى كىچىك تۇرسا، بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەملا بولمىدىمۇ، — دەپ، پىچىقىنى ئېلىپلا ئۇنىڭ قورسىقىغا تىقىپتۇ ھەم ئۇنى ئۆلدى دەپ ئويلاپ، دەرھال نەرسە كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ يولىغا راۋان بولۇپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېلىقى سودىگەر توي قىلماقچى بولۇپ، يۇرت - يۇرتتىن ئۆزىگە مۇۋاپىق لايىق تاللاپتۇ. ئۇنداق تاللاپ، مۇنداق تاللاپ ئاخىر بىر قىزنى ھەر تەرەپتىن مۇۋاپىق كۆرۈپ، توي قىلىشقا پۈتۈشۈپتۇ ھەم ئۇنىڭ بىلەن توي قىپتۇ. كېيىن ئۇ قىزنىڭ قورساق قىسمىدا بىر تاتۇق ئىزىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ قىزدىن تاتۇقنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. ئۇ قىز بولغان ۋەقەنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق ھەيران قالغان سودىگەر ياقىسىنى چىشلەپ، خۇداغا تۈمەنمىڭ تۇۋا قىلغانمىش».

## نەشخورنىڭ پىلانچى بولۇپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەت

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر يۇرتتا ئىككى ئادەم بولۇپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىلغىلى ئىش يوق، بىكار يۈرۈپ قاپتۇ. ھەم ئازراق نەشە تېپىپ، مەھەللىدىن يىراقراق بولغان دۆڭلۈككە بېرىپتۇ. بۇ دۆڭلۈكتە يوغان بىر توپ تېرەك بار ئىكەن. ئۇ ئىككىسى بۇ يوغان تېرەككە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، نەشىنى راسا چېكىشىپتۇ. نەشىنىڭ كەيپى تۇتقاندا، ئۆزلىرى يۆلىنىپ ئولتۇرغان تېرەككە قاراپ پىلان تۈزۈشكە كىرىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ پىلانى مۇنداق بوپتۇ. «بۇ تېرەكنى يىقىتىپ تەختە چاپساق كەم دېگەندىمۇ 40 ـ 50 تەختە پۈتىدۇ. بۇ تەختىلەرنى بازارغا ئېلىپ بېرىپ ساتساق، خېلى جىق پۇلغا يارايدۇ. ئۇ پۇللارغا قوي ئالساق، مۇنچىلىك قوي كېلىدۇ. بۇ قويلارنى بوداپ ساتساق مۇنچىلىك پۇل بولىدۇ، بۇنىڭغا كالا ئېلىپ بوداپ ساتساق مۇنچىلىك پۇل بولىدۇ.»...... شۇنداق قىلىپ، ئۆزىمىزگە چىرايلىق داچا سالدۇرىمىز، يۇرتقا مەكتەپ سالدۇرىمىز. يۇرتنى ئۇنداق ياخشى ئۆزگەرتىمىز. مۇنداق ياخشى قۇرۇپ چىقىمىز، دەپ ئۇلۇغ پىلانلارنى تۈزۈشۈپ، ئاخىر شۇنداق كېلىشتۇق ئەمىسە دېيىشىپ، تېرەكنى يىقىتىپ، تەختە چىپىشقا كېرەكلىك ھەرە، پالتا ۋە كەكە ئېلىپ چىقماقچى بولۇپ، دۆڭدىن چۈشۈپتۇ. ئۇلار ئۆيلىرىنى تېپىپ كەلگۈچە نەشىنىڭ كەيپىمۇ تۈگەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۈزۈشكەن ئۇلۇغ پىلانلىرىمۇ ئۇنتۇلۇپتۇ. شۇڭا خەلق ئىچىدە ئەمەلىيەتكە ئويغۇن بولمىغان، قۇرۇق گەپكە قارىتا ‹بەڭگىنىڭ خىيالى› دېيىش، شۇنىڭدىن قالغانمىش.

**ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: دۆگامەت زوردۇن ئاكا، ئابلەت ئەخمەت، ئابلەت توختى، غېنى مەينەم، مۇرات قاسىم پەرسا.**

# لەتىپىلەر

توپلاپ رەتلىگۈچىلەر: ئابلىز توختى ، دىلنۇر ئابلىز

## ئەخمەق

نەسىردىن ئەپەندى پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا ھودۇققىنىچە كىرىپ:

— تەڭرى مېنى سىلى ۋە سىلىنىڭ ئادەملىرىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى، ئەمدى ماڭا بىرمۇنچە خادىم، كېنىزەك قاتارلىق شان - شۆھرەت ئەسۋابلىرىنى بېرىدىلا، — دەپتۇ. پادىشاھ ئەپەندىنىڭ سۆزىگە كۈلگۈسى كېلىپ:

— ئەخمەق، — دەپتۇ.

ئەپەندى بۇنى ئاڭلاپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپتۇ - دە، قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپ:

— توغرا ئېيتتىلا شاھىم، مەن ئەخمەق بولمىسام، تەڭرىنىڭ بىر ئېغىز سۆزىگە دەرھال كۆنەتتىممۇ، — دەپتۇ.

## بىر ئايلىنىپ كېلىڭلار

نەسىردىن ئەپەندى ئالدىراش ئۆيىگە كېتىۋاتسا، بىرنەچچە تونۇش تالىپ ئۇچراپ:

— ئەپەندى بۈگۈن سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە مېھماندارچىلىققا بارىمىز، — دەپتۇ. ئەپەندى ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلالماي، ئامالسىز ئۆيىگە باشلاپ كەپتۇ - دە، ئىشىكتىن كىرىپلا:

— خوتۇن! تونۇش تالىپلار كېلىشتى، ئاشنى جىقراق ئەت، — دەپتۇ. ئەپەندىنىڭ خوتۇنى تېرىكىپ:

— ئۆيىمىزدىن چاشقانمۇ يامانلاپ كېتىۋاتسا، نېمىڭىزگە مېھمان باشلاپ كەلدىڭىز؟ — دەپتۇ پەس ئاۋازدا.

تالىپلار ئەپەندى خوتۇنىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىيالماي، ئەپەندىدىن:

— خوتۇنىڭىز نېمە دېدى؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەپەندى:

— خوتۇنۇم بېھىسىز ئاش بولمايدۇ، دەۋاتىدۇ. ئامان - ئېسەن كۈزگە ئۇلىشۇۋالساق، خوتۇنۇم دادىسىنىڭكىگە بېرىپ بېھى ئېلىپ كېلىدۇ. ئاش دەم يېگۈچە بىر ئايلىنىپ كېلىڭلار، — دەپتۇ.

## ھاسىنىڭ ئۇزۇن تەرىپى

نەسىردىن ئەپەندىنىڭ بېشى بەكمۇ چىرايلىق، ئەمما ئۇزۇنراق بىر ھاسىسى بار ئىكەن. ئەپەندى ئۇنى بويىغا لايىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۈستۈنكى تەرىپىدىن بىر غېرىچ كېسىپ تاشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن يار - بۇرادەرلىرى ئەپەندىگە ئېچىنىپ:

— ئىست ھاسا! تۈپتۈز تاياقتىن پەرقى قالماپتۇ. كەسكەندىكىن، تۆۋەن تەرىپىدىن كەسسىڭىز بولماتتى؟ — دېيىشىپتۇ. ئەپەندى جاۋاب بېرىپ:

— بېشىنى كەسكىلى ئۇزۇمنىڭمۇ

كۆزى قىيمىغانىدى. نىمە ئامال، ھاسىنىڭ تۆۋەن تەرىپى ئەمەس، دەل بىشى ئىگىز كەلدى ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

## سىنىڭ گىپىڭمۇ توغرا

ئەپەندىنىڭ ئالدىغا بىر كىشى كىلىپ ئۆچ كۆرىدىغان ئادىمىنىڭ يامان گىپىنى قىلىپ:

— ئابدۇل پوچۇقنىڭ كۆڭلى تولىمۇ قارا، ھەدىسىلا قوشنىلىرىنىڭ نەرسە - كىرەكلىرىنى ئوغرىلايدۇ، بۇ نىمەدىگەن رەسۋاچىلىق ...، — دەپتۇ. ئەپەندى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ:

— گىپىڭىز توغرا، — دەپ يولغا ساپتۇ.

ئەتىسى ئابدۇل دىگەن كىشى كىلىپ، ھىلىقى ئادەمنىڭ يامان گىپىنى قىپتۇ. ئەپەندى ئۇنىڭغىمۇ:

— گىپىڭىز توغرا، — دەپ يولغا ساپتۇ.

ئەپەندىنىڭ خوتۇنى ئەپەندىنىڭ قىلىقىدىن سەسكىنىپ:

— ئىسىت، ئەر بوپقالغىنىڭىزغا، تۇنۇگۇنكى ئادەمگىمۇ «گىپىڭىز توغرا» دىدىڭىز، بۇگۇنكى ئادەمگىمۇ «گىپىڭىز توغرا» دىدىڭىز. بۇنداق ئىككى يۈزلىمىچىلىك قىلىپ ياشىغۇچە ئۆلسىڭىزچۇ، — دەپتۇ.

ئەپەندى بىر ئاز ئويلانغاندىن كىيىن:

— خوتۇن، سىنىڭ گىپىڭمۇ توغرا، — دەپتۇ.

## بەربىر كىلىدۇ

بىر كۈنى ئەپەندىنىڭ پەرىجىسىنى ئوغرى ئاپتۇ. ئەمما ئەپەندى، پەرىجىسىنىڭ ئىز- دىرىكىنى قىلماي، ئۇدۇل قەبرىستانلىققا بىرىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىردەمدىن كىيىن بۇ ئىشتىن خەۋىرى بار بىرى كىلىپ:

— ئەپەندى، پەرىجىڭىزنى ئوغرىلىغان كىشى ئاۋۇ يەردە كىتىۋاتىدۇ، چاپسان بىرىپ تۇتمامسىز؟ — دەپتۇ، ئەپەندى:

— نەگە بارسا بارسۇن، ئاخىرى بەرىبىر مۇشۇ يەرگە كىلىدۇ، — دەپتۇ.

## قوينىڭ نەرقى

نەسىردىن ئەپەندى قوينى سىتىش ئۈچۈن بازارغا ئىلىپ كەپتۇ. بىر خىرىدار كىلىپ قوينىڭ نەرقىنى سورىغانىكەن، ئەپەندى:

— ئۆزۈم بەش سومغا ئالغان، ئالتە سومغا ساتارمەن، دەپ تۇرۇپتىمەن، بەلكى يەتتە سومغا ئالىدىغانلارمۇ چىقىپ قالار، ئۆزى سەككىز سومغا يارايدۇ، ئىلىش ئويىڭىز بولسا توققۇز سوم قىلىڭ، ئون سومغا بىرىمەن، — دەپ جاۋاب بىرىپتۇ.

## ئالتۇن ئۈزۈك

ئەپەندىنىڭ بىر سودىگەر ئاغىنىسى ئۆنىڭ ئالتۇن ئۈزۈككە زوقلىنىپ يۈرىدىكەن. بىر كۈنى شۇ ئاغىنىسى كىلىپ:

— ئەپەندى، مەن سىزنى پات - پات كۆرۈپ تۇرمىسام زادى چىداپ تۇرالمايمەن، بەلكىم سىزنى ناھايىتى سىغىنسام كىرەك. مەن ئەتە يىراققا سەپەرگە چىقماقچى بولىۋاتىمەن. قولىڭىزدىكى ئۈزۈكنى بەرسىڭىز، قولۇمغا سىلىۋىلىپ، سىزنى ياد ئىتىپ تۇرسام، — دەپتۇ.

ئەپەندى ئۈزۈكنى بىرىشكە كۆزى قىيماي:

— جان بۇرادەر! مەنمۇ سىزنى كۆرمىسەم تۇرالمايمەن، ئۈزۈك ئۆزۈمدە تۇرسۇن، قاچان ئۈزۈككە كۆزۈم چۈشسە «دوستۇم سورىغاندا بەرمىگەنىدىم» دەپ سىزنى ئەسلەپ يۈرىمەن، — دەپ جاۋاب بىرىپتۇ.

# بېيت ـ قوشاقلار

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئوشۇر ئەمەت

## ئاتا ـ ئانا توغرىسىدىكى قوشاقلار

ئاتاسى ئۆلمىگەن كىم بار،
ئاناسى ئۆلمىگەن كىم بار؟
يېتىملىك دەردىدە يىغلاپ
قەلەندەر بولمىغان كىم بار؟

ئاق چەكمەن، قىزىل چەكمەن،
رەڭدە بويىغان چەكمەن.
ئاتا ـ ئانام پىراقىدىن
بولۇپ كەتتىم غېرىب، دەردمەن.

ئاق چەكمەن كىيىۋالدىم،
قىزىل چەكمەنگە رايىم يوق.
ئاتا ـ ئانامدىن ئايرىلدىم،
بۇ دەردلەرگە ئامالىم يوق.

ئاتام بولسا، ئانام بولسا،
غېرىب بولغايمىدى باشىم.
ماڭا بولماسمىدى يۆلەك
ئۇرۇغ ـ تۇغقان، قېرىنداشىم.

ئاتاممۇ ئۆلۈپ كەتكەن،
ئانامموق ئۆلۈپ كەتكەن.
قېرىنداش بولغان بىلەن،
كۆڭلى بۆلۈنۈپ كەتكەن.

ئاتاممۇ ئۆلۈپ كەتتى،
ئاناممۇ ئۆلۈپ كەتتى.
شۇنچە كۆپ قېرىنداشىم
توزغاقتەك توزۇپ كەتتى.

مېھرىبان ئاتا ـ ئانام
رەھمەتلىك بولۇپ كەتكەن.
قېرىنداشنىڭ دەردلىرى
ئىچىمگە تولۇپ كەتكەن.

ئاتاممۇ ئۆلۈپ كەتتى،
ئاناممۇ ئۆلۈپ كەتتى.
قىزىلگۈلدەك تۇغقانلار
بەرگىدىن توزۇپ كەتتى.

ئاققۇلار ئۇچۇپ كەتتى،
بېلىقلار ئۈزۈپ كەتتى.
شۇم رەقىبلەر دەستىدىن،
تۇغقانلار توزۇپ كەتتى.

بىر ئۇۋىدا يېتىلگەن
تۇرنىلار ئۇچۇپ كەتتى.
قېرىنداشلار بۇ يۇرتتىن
جاي ـ جايغا كۆچۈپ كەتتى.

ئاتام دېگەن سەندىڭ،
ئانام دېگەن سەندىڭ.
بېشىمىزنى تەڭ سىلاپ،
بالام دېگەن سەندىڭ.

سەگۇ تېرەك يېقىلدى،
يۆلەلمىدۇق، جان ئاتام.
مۇنداق بولۇپ كېتەرنى
بىلەلمىدۇق، جان ئاتام.

ئۇنچە - مارجان چېچىلدى،
تېرەلمىدۇق، ئەي ئانام.
ئەجرىڭىزگە ھېچ نېمە
بېرەلمىدۇق، ئەي ئاتام.

ئاتامغا نېمە دەپ يىغلاي،
ئانامغا نېمە دەپ يىغلاي؟
ئېتىڭىزنىڭ ئالدىدىن ئاشقان
ساماندەك سارغىيىپ يىغلاي.

ئاتاممۇ ئۆلۈپ كەتتى،
ئانامموۇ ئۆلۈپ كەتتى.
توققۇز ئوغۇل - توققۇز قىز
ھەريان چېچىلىپ كەتتى.

ئاتامنىڭ يوقلۇقى چاندى،
ئانامنىڭ يوقلۇقى چاندى.
مېنى بىچارە يوقسۇل دەپ،
ئۇرۇغ - تۇغانلىرىم تاندى.

ئاتام ئىكەن، ئانام ئىكەن،
قېرىنداشلارنى جەم قىلغان.
بىرىمىز كەلمىسەك بىر دەم،
كۇتۇپ يوللاردا، غەم قىلغان.

ئاتامدىن ئايرىلىپ بىزلەر
تېرىقتەك چېچىلىپ كەتتۇق.
ئانامدىن ئايرىلىپ بىزلەر
بۇ يۇرتتىن باش ئېلىپ كەتتۇق.

ئاتام مېنى، ئانام مېنى
جاپا - ئەمگەك بىلەن باققان.
مۇشەققەتتە كۆيۈپ پىشقان،
جاپا كەلكۇندە ئاققان.

ئاتام بولسىدى، كۆرسەمدىم،
ئانام بولسىدى كۆرسەمدىم.
ئاتامنىڭكى، ئانامنىڭكى
ئاياغلارىغا سۆيسەمدىم.

ئاتام بولسا بوتام دەيتتى،
ئانام بولسا قوزام دەيتتى.
ساز چېلىپ قوشاق ئېيتسام،
دەردى بار بالام دەيتتى.

ئانامنىڭ قەدرىنى بىلدىم،
ئاتامنىڭ قەدرىنى بىلدىم.
قىرىنداشتىن ۋاپا كۆرمەي،
يېتىملىك دەردىنى بىلدىم.

ئەجەب قىلدىڭ قېرىنداشىم،
ھەجەب قىلدىڭ قېرىنداشىم.
نېمە قىلغان گۇناھىمغا
غەزەب قىلدىڭ، قېرىنداشىم؟

رەقىبلەر ئىچرە ھالىمنى
زەبۇن قىلغان قېرىنداشىم.
مېنى خارلاپ، رەقىبلەرگە
ئويۇن قىلغان قېرىنداشىم.

ئانامنىڭ قارىنىغا سىغقان،
ئاتامنىڭ باغرىغا سىغقان.
قېرىنداشلار ئىمدۇق بىر چاغ
بىر ئوراندا يېتىپ سىغقان.

ئاتا دېسەم، ئانا دېسەم،
قىياندەك ئاقىدۇ ياشىم.
قېرىنداشىممۇ سىغدۇرماس،
جاھانغا سىغمىغان باشىم.

ئەجەب بولدۇم، ئەجەب بولدۇم،
ئەجەب بولغانغا يىغلايمەن.
قېرىنداشلار تۇرۇپ شۇنچە،
غېرىب بولغانغا يىغلايمەن.

ماڭا دەردلەر سېلىپ شۇنچە،
نېمە تاپتىڭ، قېرىنداشىم؟
ئەمەسمۇ يىلتىزىمىز بىر،
نە دەپ چاپتىڭ قېرىنداشىم؟

ئاتامۇ ئۆلۈپ كەتتى،
ئانامۇ ئۆلۈپ كەتتى.
قېرىنداشنىڭ قىلغىنى
جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى.

ياتلار ئۆز بولۇپ كەتتى،
ئۆزلەر يات بولۇپ كەتتى.
قېرىنداشنىڭ دەردلىرى
ئىچىمگە تولۇپ كەتتى.

بۇ ئالەمدە نېمە ياخشى؟
ئاتا بىلەن ئانا ياخشى!
ۋاپاسى يوق قېرىنداشتىن
ۋاپادار ئاشنا ياخشى.

تۇغقاندىن ئۈزۈپ رىشتە،
ياتلارنى خوشال ئەتتۇق.
تۇنۇگۇن قېرىنداشتۇق.
بۈگۈن يات بولۇپ كەتتۇق.

دۇتار چالىمەن ئۆزۈم،
يىغلايدۇ قارا كۆزۈم.
ئۆز يۇرت، ئۆز قېرىنداشقا
ئۆتمەيدۇ مېنىڭ سۆزۈم.

ئاتام بولسا نېمە دەيتتى.
ئانام بولسا نېمە دەيتتى.
ئۇرۇغ - تۇغقاننى جەم ئەيلەپ،
قېرىنداشلارغا سۆزلەيتتى.

ئاتاسى بار، ئاناسى بار،
تاۋاردەك ئەتىۋار باللار.
ئاتاسى يوق، ئاناسى يوق،
كوچادا خارۇ زار باللار.

ئاتام بارمۇ بۇ شەھرىڭدە،
ئانام بارمۇ بۇ شەھرىڭدە؟
غېرىبلىق پاتتى جانىمغا
ئارام بارمۇ بۇ شەھرىڭدە

كېتەرمەنغۇ، كېتەرمەنغۇ،
كۆزۈڭدىنمۇ يۇتەرمەنغۇ.
مۇساپىرلىق ئەسەر قىلدى،
شۇ يۇرتۇمغا كېتەرمەنغۇ.

ئاتام ئۆلگەنگە يىغلايمۇ،
ئانام ئۆلگەنگە يىغلايمۇ؟
قېرىنداشتىن ۋاپا كەلمەي،
خاراب بولغانغا يىغلايمۇ؟

ئاتا دەرمەن، ئانا دەرمەن،
تايانچىم، يۆلىكىم دەرمەن.
يېتىملىك دەردىدە يىغلاپ،
ئادا بولغان قەلەندەرمەن.

* *

غەمسىز ئىدىم، زار بولدۇم،
يېتىملىككە يىغلايمەن.
ئەزىز ئىدىم، خار بولدۇم،
يېتىملىككە يىغلايمەن.

هوشيار ئىدىم، گول بولدۇم،
بوستان ئىدىم، چۆل بولدۇم،
دەريا ئىدىم، كۆل بولدۇم،
يېتىملىككە يىغلايمەن.

غۇنچە ئىدىم، ئېچىلدىم،
ئېچىلىپلا چېچىلدىم،
پايخان بولۇپ يەنچىلدىم،
يېتىملىككە يىغلايمەن.

باهار ئىدىم، كۈز بولدۇم،
گۈلزار ئىدىم ھەم سۇلدۇم،
سامان كەبى سورۇلدۇم،
يېتىملىككە يىغلايمەن.

ئاتام قەدرى ئۆتۈلدى،
ئانام قەدرى ئۆتۈلدى،
نوتا بويۇم پۈكۈلدى،
يېتىملىككە يىغلايمەن.

دىشۋارچىلىق بىلىندى،
جىگەرلىرىم تىلىندى،
ئەت - يانلىرىم شىلىندى،
يېتىملىككە يىغلايمەن.

قازان ئىدىم قاينىغان،
بوستان ئىدىم ئاينىغان،
بۇلبۇل ئىدىم سايرىغان،
يېتىملىككە يىغلايمەن.

ئەمدى قاينىماس بولدۇم،
خۇشال يايرىماس بولدۇم،
ئۇنلەپ سايرىماس بولدۇم،
يېتىملىككە يىغلايمەن.

ئاتالىقلار دۆلەتتە،
ئانالىقلار راھەتتە،
بىزدەك يېتىم كۇلپەتتە،
يېتىملىككە يىغلايمەن.

ئاتالىقا زار بولدۇم،
ئانالىقا تەلمۈردۈم،
ياشىم تۆكۈپ يالۋۇردۇم،
يېتىملىككە يىغلايمەن.

* *

ئاتام بولسا، كۆرسەممەن،
ئانام بولسا، كۆرسەممەن،
ئاتام بىلەن ئانامنىڭ
ئاياغىدا يۈرسەممەن.

ئاتا دېگەن تاغ ئىكەن،
ئانا دېگەن باغ ئىكەن.
بۆرەك ئىكەن باللار،
ئاتا - ئانا ياغ ئىكەن.

تاغدەك يۆلىكىم ئاتام،
گۈلدەك، زىننىتىم ئانام.
تاجى دۆلىتىم ئاتام،
بەختىم، جەننىتىم ئانام.

ئانارنىڭ تاياقىمۇ؟
بىھىنىڭ تاياقىمۇ؟
ئىپار - ئەنبەر پۇرايدۇ،
ئانامنىڭ ئاياغىمۇ؟!

بۇ دەريا تارام - تارام،
سۈيى تېگىدە قۇرام.
يار دېگەن تېپىلىسىمۇ،
تېپىلماس ئاتا - ئانام.

بۇ دەريا توققۇز تارام،
سۈيى ئاقار شارقىراپ.
ئىلىدىن دادام كەلدى،
تولۇن ئايدەك پارقىراپ.

ئۇچىنچى ئايدا ئاقسۇدا،
تۆرتىنچى ئايدا تۇرپاندا.
كېپىنەك بولسا ئىبىت، ئاتا،
بىز خوتەندە تۇرغاندا.

سېنتەبىردە ئاتۇشتا،
ئۆكتەبىردە ماناستا.
سۆزۈك بولسا ئىبىت، ئانا،
بىز سەپەرگە ماڭماستا.

ئەڭ سۆيۈملۈك، مېھرىبان،
قەدىردان ئاتا - ئانام.
غەمگۇزارىم، سۆيۈنچىم،
پاسىبان ئاتا - ئانام.

كۆرۈندۇ ياپيېشىل
تېكىلىك تاغ گىياسى.
مېنى شۇنچە كۆكلەتكەن
ئاتا - ئانام دۇئاسى.

كۆك كەپتىرىم، كۆك كەپتەر،
باچكىلىرىڭ سايرىدى.
كۆرۈپ ئاتا - ئانامنى،
كۆڭلۈم ئەجەب يايرىدى.

ئاق كەپتىرىم ئۇۋىدا،
كۆك كەپتىرىم دان يىغار.
ئاتا - ئانام سۆزىنى
قىلىۋالاي تىلتۇمار.

ئاتام كەتتى، ئانام كەتتى،
تىرىلدۈرمەككە چارەم يوق.
بېشىمنى تاشقا ئۇرسامۇ،
يەنە كۆرمەككە چارەم يوق.

ئاتامنىڭ قەبرىگە باقتىم،
ئانامنىڭ قەبرىگە باقتىم.
ئەزىز نامىنى ياد ئەيلەپ،
مازارىغا چىراغ ياقتىم.



1



2



2



1



3


**源泉**(布拉克)(维吾尔文)总69期 **بۇلاق** (پەسىللىك ژۇرنال) ئومۇمىي 69 ـ سان

MAGAZINE OF BULAK UIGHUR LANGUAGE (QUARTERLY)

| | |
|---|---|
| 新疆人民出版社编辑出版 | شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى |
| (乌鲁木齐市解放南路348号) | (ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348) |
| 新疆畜牧印刷厂印制 | شىنجاڭ چارۋىچىلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى |
| 乌鲁木齐市邮局发行 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى |
| 中国国际图书贸易总公司国外发行 | جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ |
| 全国各地邮局订阅 | جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ |

国内统一刊号: CN65 — 1050/I:مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى

本刊代号:58－108 .定价:6.00元 ۋاكالەت نومۇرى: 108 — 58، باھاسى: 6.00 يۈەن

ISSN1005－0876/国外代号 Q1118 چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:Q1118

ISSN 1005-0876

11 >

9 771005 087006